ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

2013 – يىللىق 1ـ سان (ئومۇمىي 27 – سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا قاسىم    مۇئاۋىن مۇدىرى: ئەركىن بارات  ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

باش مۇھەررىرى: ئەركىن بارات    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تەھرىر: ئابدۇگۈل ئابلىمىت ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق  زۇلپىيە مۇھەممەت  ئۈمەرجان ئابدۇقادىر

## بۇ ساندا

### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەۋرىدىكى سۇلمى ۋە كورلا..........غالىب بارات ئەرك(1)
ھاسا قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش.............................. پەرىدە سەدىن(9)
تۇرپاندىن بايقالغان بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا يارالمىش چۆچەكلىرى توغرىسىدا.......... ئۆمەرجان ئابدۇقادىر(14)

### ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ھەققىدە..........ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (23)
سىڭگىم ئېغىزى قەبرىستانلىقى 2ـ نۇمۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات..........(48)
يەكەندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر..........دىلارا ئىسراپىل    ئىسراپىل يۇسۇپ (61)

### قوچو ـ ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا بىر نەزەر ..........ئا.ۋون. گابائىن........ ..........ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇسۇپجان ياسىن (81)
ئۇيغۇرلاردا تامغا(مۆھۈر)مەدەنىيىتى..........ياسىنجان كەنجى(94)
تۇرپان كارىزلىرى ۋە چىگە توقۇمىچىلىقى..........پەرھات كازىمى (103)
قەدىمكى شىنجاڭ ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى ..........سوڭ شيەن..........تەرجىمان  ئىمىن تاجى تۇرگۇن(105)

### غەربىي يۇرت تىل ـ يېزىق تەتقىقاتى

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئىزدىنىشىم ..........ئابلاجان يۇسۇپ (111)
كۇسەن تىلى ئۇستىدە تەتقىقات.......... سۇلۋائىن لېۋى.......... تەرجىمان  تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن (135)

غەيرەتجان ئوسمان
海热提江·乌斯曼
Ghayratjan Osman

# ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەۋرىدىكى سۈلمى ۋە كورلا

غالىب بارات ئەرك

ئورقۇن – يېنسەي ۋادىسىدىكى ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلى 9 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت ھەم ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن كۆپ ئاجىزلاشقان ئىدى . مىلادىيە 840 – يىلى ئۆزگە قارام بولۇپ كەلگەن قىرغىز خانلىقىنىڭ يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىشى، كۈلۈگ باغا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن قىرغىزلارغا ماسلىششى بىلەن ناھايىتى تېزلا ئاغدۇرۇلدى ۋە پايتەختىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەن ئۇيغۇرلار تېرە – پېرەن بولۇپ پىتىراپ كەتتى. شۇلاردىن بىر توپ (100 مىڭدەك كىشى) مەڭلىك تېكىنىنىڭ باشچىلىقىدا يۇلتۇز دەرياسى رايونىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قاراشەھەرنى ئىشغال قىلدى ھەمدە بۇ يەردە ئۆزىنىڭ پايتەختىنى تىكلىدى . مورى ياسۇتاكائو : مەڭلىك تېكىن تەڭرىتاغ رايونىدىكى (بۈگۈنكى تەڭرىتاغ سىستېمىسىنىڭ شەرقىي قىسمى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بولۇپ قالدى . رەسمىيەت جەھەتتىن شۇنداق بولغان بولسا كېرەك . باشبالىق ، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ھاكىملارنى ئەۋەتىپ تۇردى ، دەپ مۆلچەرلەيدۇ . كېيىنچە ، 866 – يىلى تارىخ سەھنىسىگە بۆگۈچىن چىقتى . ئۇ تۇرپان ۋادىسىنى ئىگىلىۋالدى . يەنە ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قومۇل ۋە قاراشەھەر رايونلىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى . شۇنىڭدىن كېيىن قاراشەھەر غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى بولۇشتىن قالدى» ①. رۇس ئالىمى مالىيەۋكىن ۋە ياپونىيەلىك ئالىمى مورى ياسۇتاكائولارنىڭ بايانلىرىدىن كۆرە ، مەڭلىك تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئاھالە ئىستىخىيىلىك ھالدا غەربىي يۇرتتىكى قېرىنداشلىرىنى پاناھ تارتىپ غەربىي ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كۆچكەن. بۇلار دەسلەپ گەنجۇ خانلىقى ۋە قاراشەھەر خانلىقىنى قۇرغان . ئەمما، كېيىنچە باش كۆتۈرۈپ چىققان بۆگۈچىن قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ ، تۇرپان ۋە باشبالىقنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنى بەرپا قىلغان. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقى ئورقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ داۋامى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . 840 – يىلى ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ئورقۇن – يېنسەي ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن 100 مىڭدىن ئارتۇقراق ئاھالە مەڭلىك تېگىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆچۈپ تۇرپان – قاراشەھەر ئويمانلىقىغا كېلىپ، مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەن قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلدى ۋە بۇ يەردىن تۈپتۈلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) خاندانلىقىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىلا ئەمەس پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئاجايىپ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) خاندانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىدا ئاجايىپ زور يۈكسىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خانلىق دەسلەپكى قەدەمدە تۇرپان ، قاراشەھەر ئويمانلىقىنى تايانچ قىلىپ گۈللەنگەنلىكتىن، كورلا ئالدى بىلەن ئەنە شۇ خاندانلىق تېررىتورىيىسىدىكى مۇھىم ئورۇنلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. مەڭلىك تېكىن باشچىلىقىدىكى خەلق قاراشەھەرنى ئاستانە قىلغانلىقى ھەققىدە گەردىزى «زەينۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە «توققۇز ئوغۇز دۆلىتى»نىڭ باش ئوردىسى «ئارق» ، «پەنجىكەنت» (باشبالىق)نىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى دەپ يازغان. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، «ئارق» ھازىرقى قاراشەھەرنىڭ 8 ، 9 – ئەسىرلەردىكى نامىدىن ئىبارەت ، «ئارق» بىلەن «ئاگنى»نىڭ قانداق باغلىنىشى بارلىقى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» (ئالەمدىكى چېگرا – پاسىللار) ناملىق ئەسەردە، مىلادىيە 8 ~ 9 – ئەسىرلەردىكى ئەھۋال ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «ئارك (ARK ؟) قۇلانجى دەرياسىغا يېقىن ئەتراپتىكى كىچىك بازار ، مېۋىلىرى مول ، ئۈزۈملا يوق . بۇ بازاردا يەتتە كەنت بار ، ئارك ۋە ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com



تەۋە ھەر قايسى رايونلارنىڭ 20 مىڭدەك نوپۇسى بار» ② دېيىلگەن . تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، «ھۇدۇدۇل ئالەم» نامەلۇم ئەرەب ئاپتور تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان ئىكەن ، كىتابنىڭ «توققۇز ئوغۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ شەھەر بازارلىرى» دېگەن بابىدا ARK شەھىرى تونۇشتۇرۇلغان، مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، 9 – ئەسىر ياكى 10 – ئەسىرلەردىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە كېرەك ، تىل تاۋۇشلىرى ۋە يېزىق ، تەرجىمانلارنىڭ سوبېكتىپ تۈپەيلىدىن «ئارق» ARK بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . يۇقىرىقى بايانلاردىن قايدۇ دەرياسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا «قۇلانجى دەرياسى» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقىنىڭ سەلتەنەت دەۋرى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار ، جۈملىدىن قۇرۇلغان ۋە يىمىرىلگەن ۋاقىتلىرى ھەققىدىمۇ پىكىر بىرلىكى يوق . ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا 857 – يىلدىن 14 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، دەپ قارىغان . قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا 866 – يىلدىن 1369 – يىلغىچە، دەپ قارالغان . تيەن ۋېيجياڭ 848 – يىلى مەڭلىك تېكىن قاراشەھەردە خاقان بولغان، دەپ قارىغان ھەمدە ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىدىن سىڭگېنىڭ 1353 – يىلى ئىدىقۇت بولغانلىقىنى يازغان . مانا مۇشۇلارغا ئاساسەن ئومۇملاشتۇرغاندا ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقى 9 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلۇپ، 14 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەلتۆكۈس يىمىرىلگەن . ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىلغا ئالغاندا شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى ، مىلادىيە 12 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى خىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان . خىتانلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قاراختايلار دەپ ئاتالغان قوۋمدۇر، ئۇلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىگە شاۋكېم نامىدا دۆلەت نازارەتچىسى ئەبەرتىپ نازارەت قىلغان. خىتانلارنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى سىمۋول خاراكتېرىدە بولغان، كېيىنچە ئېغىر باج سېلىق ئالغان. خىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش يولىدا ھەرىكەت قىلغان ئۇيغۇرلار، 1209 – يىلى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن باشچىلىقىداخىتانلارنىڭ دۆلەت نازارەتچىسى (شاۋكىم)نى ئۆلتۈرۈپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان موڭغۇللارغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن. 1200 – يىللىرى ئەتراپىدا بۇرھان خالدون تېغىنى مەركەز قىلغان، ئاھالىسى بىر مىليونغىچە يەتمەيدىغان موڭغۇل قەبىلىلىرى تېمۇرچىننىڭ رەھبەرلىكىدە تەدرىجي كۈچەيگەن. بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى 1206 – يىلى قۇرۇلتاي چاقىرىپ تېمۇرچىننى خانلىققا كۆتۈرگەن ، تېمۇرچىن چىڭگىزخان دېگەن نامدا موڭغۇللارغا خاقان بولغان . بۇ ۋاقىتتا موڭغۇللار تېخى نايمان خاندانلىقىنى بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولمىغان ئىدى ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى موڭغۇللارنىڭ بۇ يېڭى دۆلىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قوشنىسى ئىدى. 1211 – يىلى بارچۇق ئارت تېكىن كرولىن دەرياسى بويىدىكى موڭغۇل خاندانلىقى ئوردىسىغا بېرىپ بەيئەت قىلدى . چىڭگىزخان ئۆزلىرىدىن مەدەنىيەتلىك بۇ دۆلەتنىڭ قارام بولغانلىقىدىن شاتلاندى ھەمدە قىزى ئالتۇن بىگۈنى ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى (ياتلىق قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن) ، ئىدىقۇتنى بەشىنچى ئوغلى سۈپىتىدە تونۇيدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بارچۇق ئارت تېگىننىڭ تەۋەلىك بىلدۈرۈشى بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقى تۈمەن كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن تەشكىللەپ، موڭغۇللارنىڭ ئىستىلا يۈرۈشلىرىگە قاتناشتى . كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ قەدىمي يەتكەن جايلارغا بېرىپ لەشكىرى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ ، موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى دۆلەت ئىچىدىكى خاندانلىق بولۇپ، ئۆز تېررىتورىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى . دوكتور ئابتاكىئونىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، يۈەن سۇلالىسى (1271–1368) قۇرۇلۇپ 80 يىلغىچە ئاساسەن مۇشۇنداق بولغان. 1227 – يىلى چىڭگىزخان ئىگىلىگەن بارلىق زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەندە تاڭغۇتلار تېخى بويسۇندۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن تەقسىم قىلىنمىغان ، لېكىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىمۇ تەقسىم قىلىنمىغان. ئەمما ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقى موڭغۇل خانلىقلىرى ئارىسىغا جايلاشقانلىقتىن، دائىم ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغان ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ ، ئىدىقۇتلار قورچاققا ئايلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولغان، بۇنىڭغا بىر ئىدىقۇتنىڭ يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە

ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ئىسپات بولالايدۇ.

موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەسلەپ قۇرۇلغاندىكى تېررىتورىيىسى ھەققىدە ئىرانلىق تارىخچى ئالاۋىددىن ئالامەتلىك جۇۋەينى (1226ـ 1283) «كىتاب تەۋارىخى جاھان كۇشاي» ناملىق كىتابىدا «تاتارلارنىڭ ماكانى ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە روناق تاپقان يېرى كەڭ بىر ئويمانلىق ئىدى ، ئۇنىڭ دائىرىسى 7 – 8 ئايلىق يولدۇر . شەرقتە خىتاي (خىتان) بىلەن ، غەربتە ئۇيغۇر ئېلى بىلەن چېگرىلىناتتى، شىمالدا قىرغىزلار بىلەن سېلىنگا دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلاتتى ، جەنۇبتا تاڭغۇت ۋە تۇبۇتلار بىلەن چېگرىلىناتتى» ③ دەپ يازىدۇ . چىڭگىزخاننىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلەشكەن ، بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى كېڭەيمىچىلىك باشلىغان . 12ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خىتانلارغا بېقىندى بولۇپ باج تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلار مۇشۇ تارىخىي پۇرسەتتە تاللاشقا دۇچ كەلگەن. 1209 – يىلى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) خاندانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېگىن قەتئىي قارارغا كېلىپ، خىتانلارنىڭ دۆلەت نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، يېڭىدىن قۇدرەت تېپىۋاتقان يېڭى كۈچ ـ موڭغۇللارغا ئەلچى ئەۋەرتىپ تەۋەلىك بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ ئىستېلا ۋە سىياسىي ، مەدەنىيەت قاينىمىغا كىرىپ كېتىدۇ. 1227 – يىلى چىڭگىزخان سىرلىق بىر سەۋەب بىلەن ئۆلىدۇ . چىڭگىزخاننىڭ ئورنىغا ئۆكتاي خان (1229ـ 1241) بولىدۇ. موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىق تېررىتورىيىسى چىڭگىزخاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بۆلۈشى بويىچە، چىڭگىزخاننىڭ تۆت پەرزەنتىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلىدۇ . پېرسىيەلىك يەھۇدىي تارىخچىسى راشىدىن پەيزۇللاھ (1247ـ 1318) «جامىئۇل تاۋارىخ»تا چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال زېمىنى ھەققىدە «ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغال زېمىن تۈركىستاندىن باشلىنىپ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئېغىزىغىچە ... چاغاتاي ئىنتايىن ئۇلۇغ، ئۇ چىڭگىزخان ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەرگەن ئۇلۇس ۋە چېرىكلەرنى ئىدارە قىلىش بىلەن بىرگە باشبالىقتىكى ئۆز ئېلىدە خانلىق ھوقۇقى چەكسىز ئىدى ... » ④دەپ يازغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا «چىڭگىزخان يەرلىرىنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندىن باشقا ، قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا ئۆز ئۇنۋانىنى داۋاملىق قوللىنىشقا ، ئەسلى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن زېمىنىنى ساقلاپ قېلىشقا ، يەنىلا قاراقوچونى پايتەخت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى . موڭغۇللار بۇ يەرگە «دارۇغاچ» ئەۋەتىپ ، نازارەت قىلدى . ئىدىقۇتنىڭ مەرتىۋىسى چىڭگىزخان بويسۇندۇرغان باشقا جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن كۆپ يۇقىرى تۇراتتى» ⑤ دەپ يېزىلغىنىدەك ، موڭغۇل ئىمپېرىيەسى شۇندىن باشلاپ يۇرتىمىزنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى .

1227ـ يىلى چىڭگىزخان ئىگىلىگەن يەرلىرىنى پەرزەنتلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى چاغاتاي خانلىقى بىلەن قوشنا بولغان . شۋېتسىيەلىك ئالىم دوسساننىڭ يېزىشىغا قارىغاندا ، چىڭگىزخاننىڭ 2 – ئوغلى چاغاتايغا شەرقتە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاندانلىقى چېگرىسى بىلەن قايالىدىن تارتىپ غەربتە جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغىچە، تۆت مىڭ چېرىك بىلەن تەقسىم بولغان . فرانسىيەلىك يەن پاۋل روشىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانساق ، چاغاتاي خانلىقىدا يايلاقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ، يەنى ئېرتىش دەرياسى يايلىقى ، ئىلى دەرياسى يايلىقى ، تالاس يايلىقى بىلەن بالقاش كۆلى ئەتراپى خانلىقنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ قالغان . بۇ خاندانلىق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ يەرلىرىدىن تارىم ئويمانلىقى، ماۋەرەئۇننەھر ، ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسىم يەرلىرى ، پەنجاپ ۋە سىند قاتارلىق يەرلەردىن ئىبارەت. يەن پاۋل روشىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، 14 – ئەسىرگە كەلگەندە چاغاتاي خاندانلىقىدىكىلەرمۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكىلەرگە ئوخشاشلا ئۆز ئانا تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ ، تۈركىي تىلدىلا سۆزلىشىدىغان بولغان ، ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان، كېيىن بۇ تىلغا «تۈركىي تىلى»(كونا ئۇيغۇر يېزىقى) دەپ نام بېرىلگەن . ئومۇمەن ئالغاندا ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى بىلەن چاغاتاي خانلىقى چېگرىلىنىپ تۇرغان . ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەسلەپ موڭغۇل دۆلىتىگە ، كېيىن چىڭگىزخان نەۋرىسى قۇبلاي تەرىپىدىن قۇرۇلغان يۈەن سۇلالىسىغا بىۋاسىتە قارايدىغان بولغان ، ئەمما موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قېلىپ ، تالاپەت تارتقان . سالىندى تېكىننىڭ ئۆلۈمى ۋە دۇۋانىڭ تۇرپانىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشلىرى (1275 – يىلى)

www.uyghurkitap.com



بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى كۈچەيگەن ۋاقىتلىرىدا ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيىگە ئىگە بولسىمۇ، خاقانىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىر قىسىم زېمىنلىرىدىن ، كېيىن خاقانىيەنىڭ غازاتلىرى بىلەن يەنە بىر قىسىم زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان . ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ مۇھىم جايلىرىدىن بولغان قاراشەھەر ئويمانلىقى ھەققىدە ئانچە كۆپ ئۇچۇرلار يوق ، شۇنداقتىمۇ پارچە ئۇچۇرلار ئارقىلىق بەزى يۈزەكى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، ئەينى ۋاقىتتىكى سۇلمى (قاراشەھەر) ۋە كورلا ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز بەكمۇ چەكلىك ، شۇنداقتىمۇ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 134 — جىلد «شايبان تەزكىرىسى»دىكى بەزى ئۇچۇرلار ئارقىلىق كورلا ھەققىدە ئازراق بىلىمگە ئىگە بولىمىز. بۇ تەزكىرىدە بايان قىلىنغان شايبان ئۇيغۇر بولۇپ ئاتىسىنىڭ ئىسمى شەرپى كۆلبەگ قۇچ ، بوي ئېگىزلىكى سەككىز چى، ئاقىل كىشى ئىكەن. شايبان تەيزۇ (چىڭگىزخان)نىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، چېرىكلىرىنى باشلاپ بېرىپ تەۋەلىك بىلدۈرگەن . مانا بۇلاردىن قارىغاندا، شايبان ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى ھاكىمىيىتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شايبان چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىپ ، نەچچە قېتىم تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، ناھايىتى چوڭ تارتۇقلارغا نائىل بولغان ۋە مۇشۇ ئەلدىكى كورلا (坤闾) شەھىرىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەنگەن ، 200 تۈتۈن سۇيۇرغال قىلىنغان. بۇ ئۇچۇرلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى كورلىنىڭ خېلىلا چوڭ شەھەر بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز ، يۇقىرىدا كۆرگەن 200 ئائىلىنى ھەرگىزمۇ پۈتۈن يۇرتنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى دېيەلمەيمىز بەلكى ئاز دېگەندىمۇ ئوندىن بىر ئۈلۈشى بولۇشى مۇمكىن . ناۋادا بۇ نىسبەتنى ئوندىن بىر ئۈلۈشى ھېسابلىساق، شۇ ۋاقىتتىكى كورلا شەھىرىدە 2000 تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالە ياشىغان بولىدۇ . مۇشۇنداق بولغاندا، شەھەرنىڭ نوپۇسى كەم بولغاندىمۇ 10 مىڭدىن ئېشىشى مۇمكىن . كۆپ قېتىم تارتۇقلانغان شايباننىڭ كورلا شەھىرىگە دارۇغاچىلىققا قويۇلۇشى، يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدىغان مۇھىم ئىسپاتتۇر . دارۇغاچ موڭغۇل تىلىدا مۆھۈردار دېگەن مەنىدە بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ 18 — يىلىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان . ماتېرىياللارغا قارىغاندا، موڭغۇللار بىلەن رەڭدار كۆزلۈكلەر (غەربىي يۇرتلۇقلار)لا بۇ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن بولۇپ، تۆۋەن بولغاندا ناھىيەلەرگە دارۇغاچ قويۇلغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا كورلا شەھىرى 坤闾城 دەپ يېزىلغان ، ئەينى ۋاقىتلاردا 城 خېتى ئادەتتە تۆت ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان شەھەرلەرنى كۆرسەتكەن . تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا ئىچكىرىكى ، تاشقىرىقى سېپىللىق شەھەر بولۇپ ئىچكى سېپىل 城، تاشقى سېپىل 郭 دېيىلگەن . 城 مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەربىي ، مۇلكىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن مەمۇرىي بىرلىك ئىدى . ئەمدى 坤闾 دېگەن نامغا كەلسەك « جۇڭگو تارىخىي خەرىتىلىرى »دە ھازىرقى كورلا شەھىرى ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان . 坤 خېتى قەدىمكى دەۋردە ، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردە ۋە يېقىنقى دەۋردە ئوخشاشلا [k'uæn] دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ⑥ . 闾 قەدىم ۋە ئوتتۇرا قەدىم تەلەپپۇزىدا [lĭo] دەپ ، يېقىنقى دەۋردە [liu] دەپ ، ھازىرقى دەۋردە [ly] دەپ ئوقۇلغان⑦. مانا بۇلاردىن مۇنداق ئۇچۇرغا ئېرىشىمىز: بىرىنچى : كورلا نامى 13 — ئەسىردىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان تارىخىي ئاتالغۇ، شۇنداقلا جاي نامى . ئىككىنچى: كورلا شەھىرى 13 — ئەسىرلەردە 10 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە، خېلى چوڭ كۆلەمدىكى شەھەر بولغان. ئۈچىنچى : كورلا شەھىرىگە شايبان ئىسىملىك ئۇيغۇر دارۇغاچ قويۇلۇپ ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرغان . تۆتىنچى : 13 — ئەسىردىن بۇرۇن كورلا شەھىرى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسىدە بولغان. بەشىنچى : شۇ ۋاقىتلاردا كورلا شەھىرىنىڭ سېپىلى بولغان ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ناھىيە بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى مۇھىم جايلاردىن بىرى بولغان. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا 14 — ئەسىرلەردىمۇ قاراشەھەر ۋە كورلا رايونى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

قاراشەھەر ۋە كورلا رايونىنىڭ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دەۋرىدىكى ئەھۋاللىرى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىيالدىن بىرى تۇگاشېۋا ۋە كېلاۋسونلار تەرىپىدىن 1972 ـ ، 1973 — يىللىرى ئېلان قىلغان مەخپىي يارلىقتۇر . بۇ يارلىق ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ ئىدىقۇتىدىن ئارسلان ئۈگەگە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ مۇنداق دېيىلىدۇ : «ئارسلان ئۈگەگە مەخپىي

يارلىق. پۈتۈكتە شۇنداق يارلىق قىلىمىزكى : ئىككى ئوغلانىڭىز بىلەن ئىبەرتكەن ئىككى سوغتۇ (سوغداق) ئەسىرىڭىز يېتىپ كەلدى . بىز سىزلەرنىڭ مەكتۇبىڭىزلەردە يېزىلغان سوغداقچە مەلۇماتنامىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلدۇق . ئۇنىڭدا يېزىلىشچە، باسمىللار يۇلدۇزغا يۈرۈش قىلىۋېتىپتۇ . شۇڭا سىزلەرگە يارلىق قىلىمىزكى ، بۇ يەرگە بارىدىغان يولنى ياخشى ساقلاڭلار . ئايغاقچى تىگىن ئاپا ئىنتقايا باسمىللار يېرىدىن بۇ يەرگە كەلدى . ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەردە دېيىلىشچە، باسمىللار دەريادىن ئۆتۈپ ئىلى دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەن ئېقىنغا كەتكەن . يەنە مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، باسمىللار يەنە ئەسلىدىكى يېرىگە قايتىپ كەلگەن. بىز سىزلەرگە يوللارنى ساقلاشنى كۈچەيتىش ھەققىدە يارلىق قىلىمىز. يەنە يېڭى خەۋەر كېلىشتىن بۇرۇن يوللارنى ساقلاشقا دىققەت قىلىڭلار . شەرقىي ۋە غەربىي شەھەرنى ، ئۈۋچىلارنى ۋە دېھقانلارنى قوغداشقا دىققەت قىلىڭلار . ئالاھىدە يارلىق قىلىندى. 5 – ئاينىڭ 20 – كۈنى ئىل ئۆگەسى بىلگە بەگدىن ئارسلان تاش بىلگە بەگكە يارلىق قىلىندى. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىمىزكى ، سەن ئاقۇگبالىقتىكى بودۇن (خەلق) غا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپسەن ، مۇندىن كېيىن يەنە زورلۇق كۈچ ئىشلەتسەڭ ئېغىر جازاغا تارتىلىسەن. يېزىلدى .... بالىقدا» ⑧.

بۇ مەخپىي يارلىقتىكى ئاقۇگ بالىق قاراشەھەر دەپ تەرجىمە قىلىنغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇلدۇز نامىمۇ ئەينەن ساقلانغان . بۇ يارلىق بىر قانچە مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بىرىنچى : ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەۋرىدە، ھازىرقى قاراشەھەرنى مەركەز قىلغان ھالدا (كورلا ، خوتۇنسۇمۇل ، خوشۇت رايونلىرى) بىر مەمۇرىي رايون بولغان . شۇ ۋاقىتتا بۇ رايوندا كەم دېگەندىمۇ كورلا ، سۈلمى ، ئاقۇگ قاتارلىق بىر قانچە شەھەر بولغان . بۇ رايوننىڭ مەركىزى سۈلمى ياكى ئاقۇگ بالىق (شەھەر) بولغان بولسا كېرەك . مۇشۇ يارلىقتىكى ئارسلان تاش بىلگە بەگنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئۇ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان . ئىككىنچى بىر نۇقتا شۇكى ، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى ھاكىمىيتى خەلقنى ئەدىل – ئادالەت بىلەن باشقۇرغان ، ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىرى خەلقنىڭ ھالىدىن ئىدىقۇتقا مەلۇماتنامە يوللاپ تۇرغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەخپىي يارلىقتا قاراشەھەر رايوننىڭ ھۆكۈمرانىغا، خەلققە زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ، يەنە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىدىغان بولسا ئېغىر جازاغا تارتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە يارلىق قىلىنغان . ئۈچىنچى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قاراشەھەرنى مەركەز قىلغان بۇ مەمۇرىي رايون باسمىللار بىلەن چېگرىداش بولغان بولۇشى ، باسمىللارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى ھاكىمىيتىنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . تۆتىنچى نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، ئاقۇگ بالىق ئەتراپىدا كەم دېگەندىمۇ يەنە بىر شەھەر بولغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەخپىي يارلىقتا شەرقىي ، غەربىي شەھەر دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان . بەشىنچى ، يۇلدۇز يەنى ھازىرقى يۇلتۇز رايونى ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىمۇ " يۇلدۇز " دەپ ئاتالغان بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان مۇھىم رايون بولۇشى ئېھتىمال ، چۈنكى مۇشۇ مەخپىي يارلىقتىن باشقا، تۇگاشېۋا ۋە كلاۋسۇنلار ئېلان قىلغان يەنە بىر پارچە يارلىقتىمۇ «يۇلدۇز» نامى تىلغا ئېلىنغان.

بۇ يارلىقنى پروفېسسور لى جىڭۋېيمۇ ئېلان قىلغان، لېكىن ئىككى ئالىمنىڭ يەشمىسىدە پەرق بار ، بۇ يەردە پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ يەشمىسىنى ئاساس قىلدىم . لى جىڭۋېينىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي – ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر» ناملىق كىتابىدىكى ئۈچۈردىن قارىغاندا، رۇس ئۇيغۇرشۇناسى تۇگاشېۋا بۇ ۋەسىقىنى مىلادىيە 10 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 11 – ئەسىرنىڭ بېشىغا مەنسۇپ، دەپ ھۆكۈم قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ بەش شەھىرى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ، شۇلارنىڭ ئىچىدە **sülmi** شەھىرىنى تىلغا ئالغان ھەمدە زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، دەپ شەرھىيلىگەن . مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىدىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىلا تىلغا ئالغان. باشقا مەنبەلەرگە ئاساسلانساق، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىدە 22 شەھەر بارلىقى مەلۇم بولىدۇ . مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا سۈلمى شەھىرىنىڭ خېلىلا چوڭ ھەم داڭلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ، پارىژدا ساقلىنىۋاتقان 2898 ئىندېكىستىكى پېللىئوت قولىيازمىسى (خوتەن ساك يېزىقىدا) دا، رېچپېلت ئېلان قىلغان «سوغداق يېزىقىدىكى پارچە پۈتۈكلەر»دە سۈلمى نامى كۆرۈلگەن ، ئالىم ھېنىڭ يۇقىرىقى سوغداقچە پارچە پۈتۈكتە «سۈلمىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانى بولۇپ خان دەپ ئاتالغان ، ئورۇن جەھەتتىن ئۇيغۇر خانى بىلەن ئوخشاش بولغان

www.uyghurkitap.com



، شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ شەھەر قوچو بىلەن تەڭداش بولغان ، ھەرگىزمۇ قوچونىڭ تەۋەلىكى بولمىغان» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ قاراشتىن قارىغاندا ، شۇ ۋاقىتلاردىكى سۇلمىنىڭ خېلىلا چوڭ شەھەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىش مۇمكىن، ئەمما تەۋەلىكى ھەققىدىكى قارىشىغا قوشۇلالمايمىز . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا سۇلمى ئېلى (唆里迷国) دېيىلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ ، بۇنىڭغا قاراپلا سۇلمىنى ئايرىم دۆلەت ئىدى ، دېيىشكە بولمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇنى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ بىر شەھىرى سۈپىتىدە سانىشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. تۈركولوگ گېڭ شىمىن بىلەن خۋاڭ شېڭجاڭنىڭ يېزىشىچە، سۇلمى نامى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ، سوغداق يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا يېزىلغان ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن بولۇپ، مىلادىيە 10 – ئەسىردىن 15 – ئەسىرلەرگىچە 5 – 6 ئەسىر قوللىنىلغان شەھەر نامىدۇر. قومۇلدىن تېپىلغان «مايىترى سىمىت» ناملىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر بىلەن مۇشۇ ئەسەرنىڭ توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاگنى بىلەن سۇلمىنىڭ بىر جاي ئىكەنلىكى پاكىتلىق ئىسپاتلانغان. سۇلمى مەنبەلەردە ئۈچ سۇلمى (سولمى) دەپمۇ يېزىلغان ، « يۈەن سۇلالىسى تارىخى . قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەردە يەنە سۇلمى ئېلى (唆里迷国) دېيىلگەن . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 124 – جىلد «قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى»دا «قارايىغاچ بۇيرۇق ، ئۇيغۇر ، ئەقىللىق ، ئىش بىلەر كىشى. خاقان ئېسەن تۆمۈر ئۇنىڭ نام شەرىپىنى ئاڭلاپ، سۇلمى ئېلىدىن يارغۇچى بەگلىككە قوبۇل قىلغان. ئېسەن تۆمۈر خان قازا قىلغاندا بارچۇق ئارت تېكىن تېخى گۆدەك ئىدى . قاراختايلارنىڭ گورخانى ئەلچى ئەۋەتىپ ، قارايىغاچ بۇيرۇقنى تەكلىپ قىلىپ، خانزادىلىرىگە ئۇستاز قىلدى. بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ نام شۆھرىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قاراختايلارنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئارغۇن تۆمۈر( 阿邻帖木儿، ئەلى تۆمۈر ، ئارىن تۆمۈر دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان) تۇتۇق قاتارلىق تۆت كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەرتتى. ئارغۇن تۆمۈر تۇتۇق قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ كۈيئوغلى ئىدى.... چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا باشبالىقنىڭ شەرقىدىكى تاغقا جايلاشقان شەھەرنىڭ ئادەمسىز چۆل قالغانلىقىنى كۆرۈپ "بۇ قايسى شەھەر "، دەپ سورايدۇ. "بىربالىق (独山城) ، نەچچە يىل بۇرۇن ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ ئاھالىلەر باشقا تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى، شىمالدىن كېلىشتە مۇھىم جاي، تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان مۇنبەت يەر. كەمىنە ۋەزىرلىرىنىڭ سۇلمى ئېلىدە ۋاقتىمدا 60 ئائىلە تېرىقچىم بار ئىدى ، بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىششنى خالايمەن " ، دېدى . پادىشاھ ئېيتتىلەركى، "بەلەن بولدى ". قارايىغاچ بۇيرۇق ئوغلى بىلەن بۇ يەردە قالدى . ئالتە يىل ئۆتكەندە ، چىڭگىزخان غەربكە قىلغان يۈرۈشتىن قايتقاندا، ئېكىنزارلىق ۋە باياشاتلىقنى كۆرۈپ شادلاندى . قارايىغاچ بۇيرۇق ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، 月朵失野讷 غا تۇتۇقلۇق مۆھرى بېرىلدى ، قوشۇمچە بىربالىقنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەندى»، دېيىلگەن . قارايىغاچ بۇيرۇق ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئۇ سۇلمىدىكى ۋاقتىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ بۇيرۇق مەنسۇپىدىكى ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن . كېيىن ئېسەن تۆمۈر تەرىپىدىن يارغۇچى بەگلىككە تەكلىپ قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا ، سۇلمىدىكى ۋاقتىدىلا بىلىم ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكتە داڭ چىقارغان . ئۇنىڭ بىربالىقنى گۈللەندۈرۈشتە كۆرسەتكەن ئەمگىكى، ئۇنىڭ ئاقىل ، بىلىملىك كىشى بولۇپلا قالماستىن ئادالەتپەرۋەر ، يۇرت سۆيەر كىشى ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ قاراختاي خانى گور خاننىڭ خانزادىلىرىگە ئۇستاز بولغانلىقى ئۇنىڭ تولىمۇ بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى ، سۇلمىدا بىلىم يۇرتلىرىنىڭ قارايىغاچ بۇيرۇققا ئوخشاش بىلىم ئېگىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلاردا بىلىم مەرىپەت قەدىرلەنگەن بولغاچقا، ئەۋلادلىرىدىنمۇ نۇرغۇن بىلىملىك كىشىلەر چىققان ۋە ئەمەلدار بولغان . قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ ئوغلى مەشھۇر ئەدىب ئارغۇن تۆمۈر ۋە نەۋرىسى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق تارىخچى ، ئالىم سارابان («جىن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن . تۈركولوگ مۇللۇر ئېلان قىلغان مانى يېزىقىدىكى **Mahrnamag** دا، مانى دىنىنىڭ بەش ئاساسىي رايونى تىلغا ئېلىنغان ، بۇلار باشبالىق ، چىنانكەنت (قوچو)، كۈچا [ كەش (كاشغەر) ، بارخان (ئاقسۇ)] ، **arkcik** (ئالىملار قاراشەھەر دەپ قارىغان) ، **Wcwrcyk**

قاتارلىقلاردۇر . مانا مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، قاراشەھەر رايونى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەۋرىدە گۈللەنگەن ، ئاھالىسى كۆپ مەركىزىي شەھەرلەردىن بىرى بولغان.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەسلەپ موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ، كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولغان ، يۈەن سۇلالىسى دارۇغاچىلارنى بەلگىلەپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنى نازارەت قىلغان . دارۇغاچ موڭغۇللار بېسىۋالغان زېمىندا موڭغۇللارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تۇرغان . تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، دارۇغاچىنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى ئاھالىلەرنى تىزىمغا ئېلىش ، يەرلىك ئاھالىدىن ئەسكەر تەشكىللەش ، پوچتا ئۇلاقلىرىنى تەشكىللەش ۋە پوچتا ئۇلاقە خىزمەتچىلىرىنىڭ تەمىناتىنى تەمىنلەش ، سېلىق يىغىش ، ئوردا ئۈچۈن ئولپان سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنىدىغان مەھسۇلات ۋە تاۋارلارنى يەتكۈزۈش ئىدى . بۇ ۋەزىپىگە ئاساسەن موڭغۇللار بەلگىلىگەن بولۇپ يەنە مۇسۇلمانلار ، ئۇيغۇرلار ، نايمانلاردىنمۇ قويۇلغان ، لېكىن خەنزۇلار ، جورجىتلار ۋە تاڭغۇتلاردىن قويۇلمىغان. ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى 1275 - يىلىغىچە ئۆز ئالدىغا ياشىدى . 1275 - يىلىدىكى دۇۋا ، قايدۇلارنىڭ تەخت تالىشىش ئۇرۇشىدا باشبالىق ، قوچو قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر ۋەيران بولۇپ ئاھالىلەر كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى . مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ ئىدىقۇتلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ بارلىق ئىچكى ئىشلىرىنى ، سىياسەتلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى قۇبلاي بىلەن ھوقۇق تالىشىشقا ئاتلانغان موڭغۇل ئاقسۆڭەك ، خانزادىلىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇش ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ھەربىي بازىسىغا ئايلىنىپ قالغان غەربىي يۇرتتا بولدى . موڭغۇل خانلىرى ئۆگۆدەي ۋە مۆڭكە دەۋرلىرىدە يۈەن سۇلالىسى چېرىكلىرى كۇچار ۋە باشقا جايلاردا بولغان بولسىمۇ، مۇشۇ ئۇرۇش باھانىسىدە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دائىرىسىگىمۇ كىرىپ ئورۇنلاشقان . ياپونىيەلىك ئالىم ساگوچى تورۇنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ، كورلا بۇرۇنلا قايدۇ (ئۆگۆدەينىڭ نەۋرىسى)– دۇۋا (چاغاتاينىڭ ئەۋلادى بولۇپ 1274 – يىلدىن 1306 – يىلىغىچە خان بولغان) قوشۇنلىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ، مۇشۇ يەردە بارگاھ قۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان. دۇۋانىڭ قوشۇنى ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلىنىڭ ئاستانىسى بولغان قوچونى ئالتە ئاي قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئالالمىغان. «شۇنداق قىلىپ، غەربىي يۇرتتا ئارىق بۇقا (1264 – يىلى قۇبلايغا تەسلىم بولغان) بىلەن قۇبلاي خان ئوتتۇرىسىدىكى ۋە باشقا فېئوداللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولغان 40 يىل داۋامىدا ئۈزۈلمەي ئۇرۇش بولۇپ تۇردى . موڭغۇللارنىڭ ئىچكى جېدەل- ماجىرالىرى ۋە سوقۇشلىرى غەربىي يۇرت ئاھالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىغا بەك يامان تەسىر كۆرسەتتى... چاغاتاي ئەۋلادلىرى ۋە قايدۇ بىرلەشمە ئۇلۇسلىرىنىڭ ھۇجۇملىرى ، موڭغۇل خەزىنىسىگە ئېلىنىدىغان باج – سېلىقلارنىڭ كۆپىيىشلىرى ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كۆنى بەك كەمبەغەلچىلىكتە قالدى ، ئاچارچىلىققا يولۇقتى. 1278 – يىلى باشبالىقتا ، 1280 – يىلى ۋە 1285 – يىلى قاراقوچودا، 1289 – يىلقى قامۇلدا ئاچارچىلىق يۈز بەردى ... 13 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدىكى ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى ، بىر قىسمى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى» ⑨. دېمەك ، كورلا ۋە قاراشەھەر ئويمانلىقى مۇشۇ ئۇرۇشلار داۋامىدا ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن . موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن قۇبلاي ئارىسىدا بولغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش داۋامىدا ، ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى دائىرىسى چوڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خان جەمەتى 1284 – يىلى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يوڭچاڭ ناھىيەسىگە كۆچۈپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان . يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى قۇبلاي ئۇيغۇر ئىدىقۇتى نۇرىن (1308 – 1318 – يىللىرى ئىدىقۇت بولغان)نى 1316 – يىلى قايتىدىن قوچونىڭ خانلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئىدىقۇت خان جەمەتىدىكىلەر قوچوغا قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر شەھىرىنى قايتا بەرپا قىلغان. ئىدىقۇت نۇرىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى تۆمۈر بۇقا ، ئۇندىن كېيىن سەڭگى ، ئۇندىن كېيىن تەيپۇنەملەر ئىدىقۇت بولغان . 1368 – يىلى يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان. 1275 – يىلدىن باشلاپ ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ، 1369 – يىلى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خىزىر خوجانىڭ ھۇجۇمى بىلەن پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلدى ، 500 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولغان بۇ ھاكىمىيەت- ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(ئىدىقۇت) ئېلى ئىسمى – جىسمى بىلەن يوقالدى.

پروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئەپەندىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا 14 – ئەسىردە ئارۇن تۆمۈر (阿怜帖木儿) ئىسىملىك سۇلىملىق تەرجىمان ئۆتكەن. ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «جېنگۇەن يىللىرىدىكى سىياسىي تەدبىرلەر» ، «ئالىي بىلىم يۇرتى مۇھاكىمىلىرى» ، قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان . «رېنزوۋ خاتىرىلىرى» ، «بۈيۈك يۇەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزەتكەن. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بولغان سۇلمى ۋە كورلا شۇ زامانلاردا يۇقىرى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ، ئاھالىسى كۆپ ، ئاۋات شەھەرلەر ئىدى ، ئەمما قايدۇ – دۇۋالارنىڭ يۇەن سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانلىرى جەريانىدا ئۇرۇش ئوتىدا قېلىپ ۋەيران بولغان .

ئىزاھاتلار:

① گ . ئا . مالياۋكىن«Ⅻ – Ⅸ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 188- ~ 189 – بەتلەر

② « ھۇدۇدۇل ئالەم» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 117 – بەت.

③ لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن « جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 15 – بەت.

④ راشىدىن پەيزۇللاھ «جامىئۇل تاۋارىخ» سودا نەشرىياتى 1- قىسىم 2 – كىتاب 86 – بەت ، 2- توم 176 – بەت .

⑤ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 228 – بەت.

⑥⑦ لى جېنخۇا ، جو چاڭجى «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى تەلەپپۇز جەدۋىلى» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1999 – يىلى خەنزۇچە نەشرى 172 –بەت

⑧ گېڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي – ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تەتقىقات» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 – يىلى خەنزۇچە نەشرى 64- بەتتىن 68 – بەتكىچە.

⑨ « ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 375 –، 378 – بەتلەر

(ئاپتور چاقىلىق ناھىيەلىك پوچتا تېلېگراف شىركىتىدە)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ھاسا قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

پەرىدە سەدىن

ئوت يۇرتى دەپ ئاتالغان تۇرپاندا رايونىدا، بۇنىڭدىن نەچچە 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. بىرونزا قوراللار دەۋرى ( بۇنىڭدىن 2700 ـ4000 يىللار بۇرۇن ) دىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى پۈتكۈل تۇرپان رايونىغا تارقالغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8ـ7ـئەسىرلەردە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر ۋە دۆلەت بارلىققا كەلگەن ھەم تارىختا، ‹غوز›ياكى‹قوس›لاربەگلىكى دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماكاندا ياشىغان ئەجداتلىرىمىز شەھەرـقەلئە تۇرمۇشىنى يەنى ئولتۇراق ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېرىكچىلىك قىلىشنى باشلاپ، بىناكارلىق سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقى ۋە بۇددا دىنىنىڭ بۇ ماكاندا ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىدا شەھەرـقەلئەچىلىك ئوردا ـ ساراي، ئۆتەڭ، ئىبادەتخانا، بۇددا مۇنارى، تۇر، قاراۋۇلخانا، قوۋۇق، ئولتۇراق ئۆي، كىمىرئۆي، مىڭئۆي قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئاساسلىق تەرەققىي قىلغان. يارغول قەدىمكى شەھىرى، قوچو قەدىمكى شەھىرى، ئارامبالىق قەدىمكى شەھىرى، لۈكچۈن قەدىمكى شەھىرى، ھاسا قەدىمكى شەھىرى، غوجامبولاق قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق شەھەرلەر رۇيابقا چىققان. نۇرغۇن بوران چاپقۇنلۇق يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ شەھەرلەر خارابىلىققا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرپاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ئالاقە ئىشلىرىدا ئوينىغان رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ، مەن تۆۋەندە بۇ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان ھاسا قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

ھاسا قەدىمكى شەھىرى تۇرپاندىكى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى شەھەر خارابىسى بولۇپ، پىچان ناھىيەسى دالانكارىز يېزىسى بەشتام مەھەللىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىگە تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان , 89° 37′ 17″ 18″، شىمالىي پاراللېل 42° 35′ 39″ توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 138 مېتىر تۆۋەن. بۇ خارابىلىك ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر پارچە چۆللۈككە جايلاشقان، شامال تەسىرىدە نۇرغۇن جايلاردا قۇم بارخانلىرى شەكىللەنگەن، تۇپرىقى شور بولۇپ، يانتاق، قومۇش قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، خارابىنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە شەرقتىن غەربكە ئاقىدىغان كەڭ ھەم تېيىز كەتكەن ئېقىن بار.

ھاسا قەدىمكى شەھىرىـ شەھەر سېپىلى، ئوت تۈرى ۋە كۆپ ساندىكى ئاھالەـئولتۇراق ئىزلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شەھەر سېپىلى كېسەكتە قىرلاپ ياسالغان، ھازىر پەقەت ئۇل قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان، شەھەر تەرتىپسىز تىكتۆتبۇلۇڭ شەكىلدە، غەربىي سېپىل تېمى بىلەن شىمالىي سېپىل تېمى بىر قەدەر تۈز، شەرقىي سېپىل تېمى ياي شەكىلدە كەلگەن، جەنۇبى سېپىل تېمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان، شەرقىي سېپىل بىلەن غەربىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 58 مېتىر، جەنۇبىي سېپىل بىلەن شىمالىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 95 مېتىر كېلىدۇ. تېمىنىڭ ئايلانمىسى 304 مېتىر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 5400 كۋادرات مېتىر، سېپىل تام ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن بەش مېتىر، ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان سېپىل تـېمىنىڭ ئېگىزلىكىگە ئاساسلانغاندا، سېپىل تـېمىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئېگىزلىكىنى تەخمىنەن 3.5 — 3 مېتىر ئەتراپىداـ دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ، جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدە بىر ئوت تۈرى بار بولۇپ، بۇ ئوت تۈرىنىڭ ئاساسى قىسمىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى مۆلچەرلىمەك تەس ، ئوت تۈرى خارابىسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 15 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 5.5 مېتىر كېلىدۇ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال تەرەپلىرىدە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئولتۇراق ئۆي خارابىلىرى بار، شەرقىي جەنۇب، غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال بۇرجەكلىرىدە سىرتقا پولتىيىپ چىققان يۇمۇلاق شەكىللىك قاراۋۇلخانا ئىزى بار، شىمالىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېغىز بولۇپ، بۇ ئېغىز

www.uyghurkitap.com



ئەينى چاغدىكى شەھەر قۇۋۋىتىنىڭ ئورنى بولۇشى مۇمكىن. شەھەر خارابىسىدە ساپال پارچىلىرى يېيىلىپ تۇرىدۇ، كۆپ قىسمى قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال ۋە كۈلرەڭ ساپال بولۇپ، يۇقىرى ھارارەتتە پىششۇرۇلغان، بەزى ساپال پارچىلىرى ناھايىتى قېلىن ۋە قاتتىق، ئۈستىدە سىزىق شەكىلدىكى، دولقۇنسىمان گۈل نۇسخىلىرى بار، ئۇنىڭدىن باشقا تاش يارغۇنچاق پارچىلىرى، چاسا خىش پارچىلىرى، داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى، يۇڭ رەخت قالدۇقلىرى بار① .

ھاسا دېگەن نام بىلەن ئاتالغان قەدىمكى تور قەلئە قەدىمكى شەھەر ئىسمى پىچاندىن باشقا يەنە توقسۇن ناھىيەسى تونەي يېزىسى 3- ئەترەتنىڭ شەرقىگە بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ھاسا قەدىمكى قەلئەسى بار، ئىگىلىگەن كۆلىمى 3150 كۋادرات مېتىر ، شەھەر سېپىلى خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، شەرق، جەنۇب، غەرب تەرەپلەردىكى سېپىل تېمى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەرىپىدىن 7-ئەسىردىن 10- ئەسىرگە تەۋە خارابىلىق- دەپ بېكىتىلگەن ②. يەنە بىرى خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيەسىنىڭ ھاشى يېزىسىدىكى ھاسا قورغىنى، بۇ قورغان ئەينى چاغدا خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىش نوقتىسى بولغان ③ . پىچان ناھىيەسى دالانكارىز يېزىسىدا ھاساچى كارىز دەپ ئاتىلىدىغان كارىز بولۇپ، بۇ ئىسىم ئەسلىدە كارىزنى قازغان ئادەمنىڭ دائىم ھاسا شەھرىگە بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان④ .

ھاسا قەدىمكى شەھىرى دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار، بىرى ″ ھاسا″- دېگەن سۆز پارس تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ″قورغان″ دېگەنلىك، توغرا ئاتىلىشى ″ ھىسار″ دېگەن قاراش ⑤ . ھازىر يەرلىك ئاھالىلەر ھىسار شەھىرى يەنى چوڭ ھىسار ، كىچىك ھىسار ياكى قوش شەھىرى- دېگەن ناملار بىلەن ئاتايدۇ. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر ئىلگىرى تىبەتلەر باستۇرۇپ كىرگەن ۋاقىتتا، تىبەتچە سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراش ⑥. لېكىن بۇ قاراشلارنىڭ ھېچقانداق بىر ماتېرىيال ئاساسى يوق، ھاسا دېگەن بۇ نامنىڭ زادى قايسى تىلدىن كەلگەنلىكى، نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

ھاسا قەدىمكى شەھىرىنىڭ قاچان، كىملەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىمۇ تارىخىي ماتېرىياللاردا تېخىچە ئېنىق مەلۇمات يوق، پەقەت قېلىپ قالغان خارابە –ئىزلار، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئاغزاكى رىۋايەتلەرگىلا ئاساسلىنىشقا بولىدۇ. پىچان يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە مۇنداق بىر بايان بار، ھاسا شەھىرى دىغار يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 34 كىلومېتىر كېلىدۇ، يازدا چارۋا-مال بېقىلىدۇ، 1500 دەك چارۋا- مالنى باققىلى بولىدۇ، تۇپرىقى شورتاڭلىق بولۇپ، يانتاق، قومۇش قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن، بۇ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قەدىمكى قورغان خارابىسى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن بىر پادىشاھ پۇقرالارنى مەجبۇرىي جاپالىق ئالۋانغا تۇتۇپ، تۇرپان ئاستانىدىن باشلاپ ھاسا شەھىرىگىچە ئادەملەرنى بىر سەپ تۇرغۇزغان، ئادەمدىن تام ھاسىل قىلىپ، تۇرپان ئاستانىدىن ھاسا شەھىرىگىچە كېسەك تاشلارنى بىر-بىرىگە سۇنۇپ تۇتۇشتقان، ئاخىرى بۇ قورغاننى ياسىتىپ يولنىڭ راۋانلىقىنى قوغدىغان. ئەسلى ئىسمى خاسا بولۇپ كېيىن ھاساغا ئۆزگەرگەن ⑦. بۇ رىۋايەت تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان. بۇ رىۋايەتتىن ئۇنىڭ قاچان سېلىنغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇ يولنىڭ ئىدىقۇت شەھىرىگە تۇتۇشىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگىلى بولىدۇ. ‹‹پىچان تارىخى ماتېرىياللىرى›› نىڭ 16- قىسمىدىكى ‹‹ لۈكچۈننىڭ قىسقىچە تارىخى ›› دېگەن بابىدا ھاسا قەدىمكى شەھەر قورغىنى قەدىمدە كىشىلەر تەرىپىدىن ھىسار دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر قوچو ئېلى دەۋرىدە سېلىنغان، قەدىمكى قەلئە، ئوت تورى، چوڭ ھاسا شەھىرى ،كىچىك ھاسا شەھىرىدىن تەركىپ تاپقان. ئەينى چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ھەربىي ئورگىنى بولغان، ھاسا قەدىمكى شەھىرى مىلادىيە 5- ئەسىردىن باشلاپ قۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى ھەربىي قىسىملىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ۋە غەربىي يۇرتنى قوغدايدىغان مۇھىم جايى، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇ شەھەر ئىنتايىن گۈللىنىپ، روناق تاپقان. لۈكچۈندىن ئېقىپ ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلىدىغان ئېقىن ھاسا قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ بۇ غولدا سۇ ئېقىپ تۇرغان، ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپى كەڭرى كەتكەن ئوتلاق ۋە بىنەم يەر- دېيىلگەن. بۇ بايانلاردىن بىز ھاسا قەدىمكى شەھىرىنىڭ قوچو دۆلىتىگە تەۋە شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مۇشۇ كىتاپتا ئاپتور يەنە بىر خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنى خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا كىشىلەر بۇ جايدا مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئەينى چاغدا

دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان رايۇنلار شەھەر- دەپ ئاتالغان، شۇڭا ھاسا شەھىرى غۇز-قوش دەۋرىدىلا شەھەر بۇلۇپ شەكىللەنگەن. تارىختا ئالدى غۇز خانلىقى ياكى قوش بەگبالىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار بۇلۇپ، ئارخېئولوگلار ۋە تارىخشۇناسلار، چوڭ ھاسا ۋە كىچىك ھاسا شەھرىنى تارىختا تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن ئالدى غۇز ۋە ئارقا غۇز خانلىقى بۇلۇپ، بۇنىڭدىن 2300 يىل بۇرۇن شەكىللەنگەن شەھەر، بۇ يەردە ئەينى چاغدا غۇزلار ياشاپ كەلگەن -دەپ قارىغان[8]. ئاپتور بۇ يەردە ئۆزئارا بىر-بىرىگە زىت ئىككى خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، قايسى تارىخىي كىتاپتا يېزىلغانلىقىنى، قايسى ئارخېئولوگ، قايسى تارىخشۇناسنىڭ قارىشى ئىكەنلىكىنى، قانداق ماتېرىياللاردىن پايدىلانغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىغان، ھېچقانداق چۈشەنچىمۇ بەرمىگەن. ئالدى غۇز خانلىقى ۋە ئارقا غۇز خانلىقىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى، پايتەختىنىڭ قەيەرگە تەسىس قىلىنغانلىقى ھازىر ئىلىم ساھەسىدە ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ چىقتى، لېكىن ئاپتورنىڭ بۇ يەردە غۇزلار ياشاپ كەلگەن — دېگەن قارىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەينى چاغدا غۇزلار تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىي ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۇ جايلار ئۇلارنىڭ ئانا ماكانلىرىنىڭ بىرى بۇلۇپ كەلگەن.

ھاسا قەدىمكى شەھرىگە قارىتا مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ چەتئەل ئېكسپېدىتسيەچىلىرى ۋە جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى ھەر خىل ناملاردىكى قېزىش، ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، 1914- يىلى ئەنگىلىيەلىك ئارخېئولوگ ئاۋرىل ستەيىن بۇ شەھەرگە كېلىپ چوڭ ھاسا شەھرى، كىچىك ھاسا شەھرى ئىچىدە تەكشۈرۈش، قېزىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ‹‹ غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك خەرىتىلىك خاتىرىسى ›› دېگەن كىتابىدا، ئەينى چاغدىكى شەھەرنىڭ ساقلىنىشى، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، يەر شەكلى شارائىتى، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنى ئىنتايىن تەپسىلىي ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلىگەن، ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغىنى گەمە شەكىلدىكى كىمىر ئۆيلەر بۇلۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچى تەرىپىگە مۇشۇ خىلدىكى ئۆيلەر ئىنتايىن زىچ سېلىنغان، كۆپ قىسىم جايلاردا بىر قەۋەتنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت سېلىنغان، ئىنتايىن رەتسىز، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكتىن پاكار كەلگەن ئىشىكلەرنى توسىۋالغان. بۇ خىلدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەينى چاغدا 1914-يىللىرى يېزا-قىشلاقلاردا مەيلى باي ياكى كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيىدە بولسۇن ئوخشاشلا ئىشلىتىلگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. شۇنىڭدەك بۇ خارابىلىكتىن بۇددا ھەيكەللىرىنى، تام رەسىم قالدۇقلىرىنى، تامغا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىما ۋە باشقا تىل – يېزىقلاردىكى ھۆججەت پارچىلىرىنى بايقىغان. كىچىك ھاسا شەھرى بۇتخانا ئىزىدىن نۇرغۇنلىغان تام رەسىم پارچىلىرىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ۋە بۇددا نوم پارچىسى ، بىراھمى يېزىقىدىكى، شۇنىڭدەك تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تېپىۋالغان ھەم ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەن[9]. بۇ ھۆججەتلەر، بۇ ئىزنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ شەھەردە ئۇيغۇر، توخرى قاتارلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ياشىغانلىقىنى، داۋاملاشقان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 1928 -يىلى ئېلىمىزدىن خۇاڭ ۋېنبىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرغان، ئۇ ئۆزىنىڭ‹ تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى›ناملىق ئەسىرىدە، 4-ئاينىڭ 5-كۈنى بەشتام يېزىسىغا كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كارىز سۈيى ئىشلىتىدىغانلىقىنى، تۇرپان بۇيىچە كارىز ئەڭ كۆپ جاي ئىكەنلىكىنى، يەنە لۈكچۈن دەرياسىدىن ئۆتۈپ كىچىك ھاسا شەھرىگە كەلگەنلىكىنى، ئالتە بۇرجەكلىك شەكىلدىكى قۇرۇلۇشتىن ئۈچى بارلىقىنى، ئوتتۇرا قىسمىدا تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، رەسىملەرنىڭ ئۈستىنى قارىداپ كەتكەنلىكىنى، گۈمبەز شەكىلدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىنى، ھەممىسىنىڭ كىسەك بىلەن قوپۇرۇلغانلىقىنى، تۇققۇزىنچى ئەسىردىن كېيىنكى خارابە ئىزى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەنلىكىنى، چەتئەللىكلەرنىڭ ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئاز بولمىغان ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەت پارچىلىرىنى بايقاپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئاھالىلەرنىڭ داۋاملىق ئېتىقاد سورۇنى ئىكەنلىكىنى يازغان[10]. بىز خۇاڭ ۋېنبىنىڭ يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرىشنى ئانالىز قىلىپ كۆرسەك، ئەينى چاغدىكى ھاسا شەھرىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ھازىرقى بىلەن ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنىڭ تۈپتىن ئوخشاشمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۇ تىلغا ئالغان لۈكچۈن دەرياسى مېنىڭچە ھازىرقى يەرلىك كىشىلەر دەپ كېلىۋاتقان ئېقىن سۈيىنى كۆرسىتىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئېقىن سۈيى ھاسا شەھرى ئاھالىلىرىنى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېقىن سۈيى ئازلاپ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى

www.uyghurkitap.com

قامدىيالمايدىغان بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن يەرلىك كىشىلەر كارىزنى قېزىپ چىققان. بۇ ئېقىن سۈيى ھاسا شەھەرنىڭ شىمالىدا بولۇپ، بۇ ئېقىن توغرىلىق پىچان ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە، شۇنىڭدەك باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ھېچقانداق ئىزاھات يوق. لېكىن بۇ ئېقىن ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ ئېقىن كارىزلار تۇرپان رايونىدا ئومۇميۈزلۈك تارقىلىشتىن بۇرۇنلا بار بولغان بولۇشى ئېھتىمال. خۇاڭ ۋېنبى بۇ يەردىكى بۇتخانا ئىزنى تىلغا ئېلىپ بۇتخانىنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مۇھىم ئېتىقاد سورۇنى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان، ئۇنىڭ بۇ باياندىن بۇ ئىزنىڭ 840-يىلدىن بۇرۇنمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۆستەڭ ئىزى ۋە بۇتخانىنىڭ دەۋرىنى قوچو دۆلىتى(460- 640) دەۋرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئەجداتلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ سۇ، ئوت قوغلىشىپ شەھەر، قەلئەلەرنى بەرپا قىلىپ ئولتۇراق تۇرمۇش بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن.

1987-يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى چوڭ ھاسا قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قەبرىستانلىققا قارىتا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ ،بۇ يەردىن سىرلانغان تەخسە، ياپىلاق شەكىللىك ئۇرىق ۋە لوڭقا قاتارلىق بۇيۇملارنى قېزىۋالغان⑪. سىر بېرىلگەن تەخسە ياغاچتىن ياسالغان يۇمىلاق كەلگەن، ئېغىزى كەڭرى، قوسقى تېيىز، ئاستى تۈز تەكشى، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 18.2 سانتىمېتىر ، ئېگىزلىكى 2.9 سانتىمېتىر، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى 3.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەخسىنىڭ دەۋرىنى غوزلار دەۋرىگە تەۋە بۇيۇم دەپ بېكىتتى⑫. ياپىلاق شەكىلدىكى ئېۇرىق لايدىن ياسالغان كۈلرەڭ ساپال بولۇپ، سىرتىغا قارا رەڭ بېرىلگەن، ئېگىزلىكى 7.4 سانتىمېتىر، جوغىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.6 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 7.4 سانتىمېتىر، گەۋدىسى ياپىلاق شەكىلدە، ئاستى تۈز، تۇتقۇچى بىلەن جوغۇسى بىر، تۇتقۇچى بامبۇك غولىغا ئوخشايدۇ. ئاغزى كەڭرى ئېچىلغان بولۇپ، ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر قوچو ۋىلايىتى(640-840) دەۋرىگە تەۋە بۇيۇم دەپ بېكىتتى⑬ 78 ساپال لوڭقا، قۇم ئارىلاش كۈلرەڭ ساپالدىن ياسالغان بولۇپ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 4.3 سانتىمېتىر، ئاستى قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 5.6 سانتىمېتىر، ئاغزى كىچىك، بويىنى ئىنچىكە ،ئۇزۇن كەلگەن، قورسىقى تومپىيىپ چىققان، تەكتى كىچىك، تۈز كەلگەن، تۇتقۇچى بويىنىنىڭ ئۈستى قىسمىدىن قوساق قىسمىغىچە چۈشكەن، سىرتىغا قارا سىر بېرىلگەن، چوڭ ھاسا قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. دەۋرى قوچو ۋىلايىتى دەۋرىگە تەۋە. 1988-يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بۇ خارابىلىقتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شەھەرنىڭ خەرىتىدىكى ئورنىنى بېكىتىپ ئارخىبىنى تۇرغۇزدى ھەمدە ساپال پارچىلىرىنى، داتلىشىپ كەتكەن بىردانە مىس پۇل، مىس تەخسە پارچىلىرىنى يىغىۋالغان. مىس تەخسىنىڭ دەۋرى قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرى (840-1368 ) گە تەۋە يادىكارلىق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1999 -يىلى 7-ئاينىڭ 29 –كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى- قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، قىممىتىنىڭ يۇقۇرىلىقى بىلەن 2013- يىلى 5- ئاينىڭ 3-كۈنى 7- تۇركۈمدە گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى- دەپ ئېلان قىلىندى.

ھاسا قەدىمكى شەھەرنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان، تۇر ۋە ئاھالە ئولتۇراق ئىزلىرى شۇنىڭدەك قاراۋۇلخانا ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان، مۇتەخەسسىسلەر بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىگە قاراپ ئوت تۇرىنى قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتتى. ئۇندىن باشقا بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىغا ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يانتۇ قەبرە يوللۇق ئۆڭكۈر شەكىللىك قەبرىلەردىن چىققان بۇيۇملارغا، شۇنىڭدەك شەرقىي شىمالغا 2.5 كىلومېتىر كېلىدىغان كىچىك ھاسا بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىگە ئاساسەن ، بۇ شەھەرنىڭ دەۋرىنى قوچو دۆلىتىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرلىرىگىچە داۋاملاشقان دەپ قاراشقا بولىدۇ. قوچو دۆلىتى (460- 640) ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرى(840-1368) ئۇنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇشى مومكىن، تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق شەھەر بولسۇن ئۇنىڭ قۇرۇلغان دەۋرى، گۈللەنگەن دەۋرى ۋە خاراپلاشقان دەۋرى بولىدۇ. ھاسا قەدىمكى شەھىرىمۇ غوز-قاڭقىللار (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرلەردىن مىلادىيە 5-ئەسىر ) دەۋرىدە قۇرۇلۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ئەڭ گۈللەنگەن. شەھەرنىڭ شىمالىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر قەدىمكى يول ئىزى بولۇپ، ھارۋىنىڭ ئىزىنى ھېلىھەم كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ شەھەر قەدىمدە لۈكچۈن بىلەن ئىدىقۇت شەھىرى تۇتىشىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭدىن بۇ يولنىڭ قەدىمدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن غەربىي يۇرتقا

قاتنايدىغان قەدىمكى يولنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

هاسا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تۇرپاننىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينىغان رولىغا، شۇنىڭدەك مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش جەريانى، دىنلارنىڭ تارقىلىش تارىخى، شەھەر قۇرۇلۇش تېخنىكىسى جەھەتلەردە ئوينىغان رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ، هاسا قەدىمكى شەھىرى يىپەك يولىدىكى شەرق بىلەن غەرب قاتنىشىنىڭ تارىخى، كۆپ خىل دىن ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىش تارىخى، قەدىمكى بىناكارلىق تارىخى، سەنئەت تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. هاسا قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللار، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بىزنىڭ تېخىمۇ زور كۈچ چىقىرىپ تەتقىق قىلىشىمىزغا، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىلىق تەتقىقاتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى، بىناكارلىق سەنئىتىنى، مەدەنىيىتىنى، تىل-يېزىقىنى، دىن تارىخىنى، ئۇنىڭ پەيدا بولغان، خارابىلاشقان ئېنىق يىل دەۋرىنى ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى چىنلىق بىلەن يېزىپ چىقىپ، مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ قىممىتىنى، رولىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرىشىمىز كېرەك .

ئىزاھلار:

① ‹‹ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى ›› ‹‹شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى›› 1988- يىللىق 3- سان 55-بەت

② ئابلىم قېيۇم ‹‹تۇرپان ئاسارە ئەتىقىلىرى›› شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 121-بەت

③‹‹تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ›› 2003- يىللىق1- سان 118-بەت

④ ‹‹پىچان ناھىيەسىنىڭ يەرناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى›› پىچان ناھىيەلىك تەزكىرە كومىتېتى 1988- يىل7- ئاي 167- بەت

⑤‹‹تۇرپان ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى›› ‹‹شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى››، 1988- يىللىق 3- سان 55 - بەت.

⑥ۋۇشىنخۋا‹‹تۇرپاننىڭ تاڭ دەۋرىدىكى قاتناش يوللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش››چېڭداۋ نەشرىياتى 1999- يىلى 10- ئاي 42- بەت(خەنزۇچە)

⑦‹‹پىچان ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى›› پىچان ناھىيەلىك تەزكىرە كومىتېتى 1988 - يىلى7- ئاي 101- بەت

⑧ ‹‹پىچان تارىخىي ماتېرىياللىرى›› نىڭ 16-قىسمىدىكى ‹لۈكچۈننىڭ قىسقىچە تارىخى› پىچان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ئەسەرلەر كومىتېتى 2000- يىلى 10-بەت

⑨ ستەيىن ‹‹غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك خەرىتىلىك خاتىرىسى›› 1160- 1164- بەتلەر(خەنزۇچە)

⑩ۋۇشىنخۋا‹‹تۇرپاننىڭ تاڭ دەۋرىدىكى قاتناش يوللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش›› چېڭداۋ نەشرىياتى 1999-يىلى 10-ئاي 44-بەت

⑪‹‹شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى ھاسىلاتلار›› شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995- يىلى 8 ئاي 189-بەت

⑫⑬⑭‹‹تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى›› شائخەي نەشرىياتى 2006- يىلى6- ئاي 66- بەت ، 78-79-بەتلەر (خەنزۇچە)

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# تۇرپاندىن بايقالغان بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا يارالمىش چۆچەكلىرى توغرىسىدا

ئۆمەرجان ئابدۇقادىر

ھەممىگە مەلۇم، بۇددا يارالمىش قىسسىلىرى سانسكرىت، پالى تىللىرىدا **Jataka** دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ساكيامۇنىنىڭ ھاياتى، ئىستىقامەت پائالىيىتى جەريانىدىكى ئىش-ئىزلىرى بايان قىلىنغان. قەدىمكى ھىندىستانلىقلار ھايات-ماماتنىڭ دەۋرى قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە ئادەم بولسۇن ياكى ھايۋان بولسۇن تۇغۇلغان ئىكەن ياخشى ۋە ياماندىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىدە ماڭىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يول بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلاردىكى سەۋەب- نەتىجە مۇناسىۋەت كۆزقاراش تەلىماتى ناھايىتى ئۇچۇق ئايرىلغان. ئۇلار ئالدىنقى ئۆمرىدە قىلغان ياخشى ئەمەل ۋە ساۋاپلىق ئىشلار ياكى گۇناھ بولىدىغان يامان ئىشلار، ئۇلار قايتا تۆرەلگەندە تۆرەلمىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولىشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ھاياتلىقنىڭ دەۋرىلىكى توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. ساكيامۇنىمۇ بۇدداغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن بىر بۇتساتۋا بولۇپ ئۇمۇ ھايات ـ ماماتلىق دەۋرىلىك چەمبىرىكىدىن ھالقىپ كېتەلمەي، نۇرغۇن قېتىملىق قايتا تۆرىلىش ئۆلۈش جەريانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن بۇدداھلىق مەقامىغا يەتكەن. مەسىلەن، ئۇ ئالدىنقى ئۆمرىدە بۇتساتۋا مەزگىلىدە ئىنسانلار ئارىسىدىكى پادىشاھ تىكىن (شاھزادە)، ئاقساقال، پەرىشتە، ساخاۋەتچى قاتارلىقلار؛ ھايۋانلار ئارىسىدا شى، مايمۇن، پىل ، بۆكەن، توشقان، بۆرە، ئىت، چوشقا ، بوغا قاتارلىق ھايۋانلار؛ بوشلۇقتا ئۇچىدىغان قۇش تۈرلىرىدىن تۇمۇرتۇمشۇق، قاغا، بۇركۇت، (لاچىن) ؛ سۇدا ياشايدىغان بېلىق، تاشپاقا، تىمساق قاتارلىق نۇرغۇن جانلىقلارغا ئۆزگىرىپ قايتا- قايتا تۆرىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا بۇددا مەنزىلىگە يەتكەن دەپ قارىلىدۇ.

بۇ ئەپسانە، ناللار چۆچەكلىرى، مەسەل، رىۋايەتلەر ئاغزاكى شەكىلدە جەنۇبى ئاسىيانىڭ يېزا قىشلاق، ئورمانلىقلىرىدا تارقالغان بولۇپ، كېيىن يەرلىك ئېغىز ئەدەبىيات سەنئەتكارلىرى، غەزەلخانلار ، بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئىش قوشۇشى، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزگەرتىپ قايتا بايان قىلىشى بىلەن تېخىمۇ رەڭدارلىشىپ، بېيىپ ئاجايىپ تەسىرلىك ، جەلىپ قىلارلىق تۈسكە كىرگەن، كېيىن بۇددا دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ ھەممىسى بىر ساكيامۇنىنىڭ ھاياتى پائالىيىتىگە باغلىنىپ ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن. بۇ خىلدىكى چۆچەك ھىكايىلەر ئىككى تۈنىغۇچنىڭ رەسمى بىر نەچچە قېتىم ئەڭ كىچىك نىسبەتتە سىزىلغان. ئېھتىمال كىشىلەر بۇ ئارقىلىق سوغات بېرىش رەسىمدىكىلەرنى، يەنى سوغات بېرىش رەسمى ياكى ئىچكى قەسرىدىكى بارلىق ساخاۋەتچىلەرنى دىنىي مۇۋەپپىيەتلەرگە ئېرىشتۈرمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ـــــ نىيەت قىلىش سورۇنى قوچودا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ۋايسىيا ۋە دۆلەتمەن ئېتىقادچىلارنىڭ تارىم دىيارىنىڭ شىمالىي يولىدا ئاخىرقى مەزگىللەردىكى بۇددا دىنىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلايدۇ. زور ھەجىملىك ساخاۋەتچى ئائىلە رەسىممۇ بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۆزى ئىخچام، تەسىرلىك، ساخاۋەتچىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش كۈچى تولۇپ تاشقان بولغاچقا بۇددا دىنى تارقىلىپ بارغان رايونلاردا بولۇپمۇ بۇددا ساڭرام — سارايلىرىدا ناھايىتى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ، شۇ جايدىكى يەرلىك تىللارغا بەس-بەستە تەرجىمە قىلىنغان. بۇددا دىنى غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كەلگەندە نۇرغۇن مۇشۇ خىلدىكى ھىكايىلەر ئۇيغۇر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ يەرلىك ئەنئەنىۋي ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىغا ئارىلىشىپ، سىڭىشىپ كەتكەن. بەزى بۇددا ھىكايىلىرى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارغا قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇر بۇددىست تەرجىمانلىرىنىڭ ئاز بولمىغان ئىجادى رەۋىشتىكى قان —تەرلىرى سىڭگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇرغۇن بۇددا ھىكايىلىرىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىيارىمىزغا كەلگەن چەتئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ مۇزېي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئېلىپ كەتكەن. بىر قىسمىلىرى تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىندى يەنە بىر قىسمىلىرى داۋاملىق تەتقىق قىلىنماقتا. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىكلىرىدىن «ئالتۇن يارۇق»، «ئاق نىيەت تىكىن ۋە قارا نىيەت تىكىننىڭ يارالمىش قىسسىسى»، «چاشتانى

ئىلگ بەگ رىۋايىتى»، «شاھزادە سادۇنانىڭ يارالمىش قىسسىسى»، «دايگاڭ جاتاكاسى»، «شىر پادىشاھ يارالمىش قىسسىسى»، «كۇلالچىنىڭ يارالمىش قىسسىسى»، «ئارەنمىخان يارالمىش قىسسىسى»، «توشقان پادىشاھ يارالمىش قىسسىسى»، «پىداكار پىلنىڭ يارالمىش قىسسىسى»، «مارال پادىشاھنىڭ يارالمىش قىسسىسى»، «ئالتۇن كىيىكنىڭ يارالمىش قىسسىسى»، «گاچا بىلەن توكۇرنىڭ يارالمىش قىسسىسى» قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دىيارىمىزدىكى نۇرغۇن تاش كىمىرلەرگە تام رەسىم قىلىنىپ سىزىلغان. بىراق بۇ يارالمىش ھېكايىلەرنى قەدىمكى قوچو دىيارىدىكى مىڭئۆي - ئىبادەتخانە، ساڭرام - سارايلىرىغا سىزىلغان تام رەسىملەرگە سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولساقمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا ھېكايىلىرى قوچو دىيارىدىكى ھەر قايسى بۇددىزم خارابە ئىزلىرىدىن بايقالغان بولغاچقا ۋەكىللىك خاراكتېردە ئۇلاردىن بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

## ئالتۇن يارۇق

« ئالتۇن يارۇق »بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت بىرنوم بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق نامى « ئالتۇن ئۆڭلۈك نۇرلۇق - يالتىراغلىق، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان نوم پادىشاھى ناملىق نوم بىتىگ ». جەمى ئون تۇپلەمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا بۇددا يارالمىش چۆچەكلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە دىني ئەقىدىلەر سۆزلىنىدۇ. بۇ نوم پۈتۈكنىڭ مۇكەممەل نۇسخۇسىنى روسىيەلىك مەشھۇر ئالىم ۋە تۈركى تىل تەتقىقاتچىسى مالوۋ 1910-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەيبۇلاق(جيۇچۇەن)ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ فۇگۇ بۇتخانىسى(مانجۇسرى غولى-- ۋېن شۇگۇ)دىن قولغا چۈشەرگەن. 1915-1917-يىللىرى بىر قېتىم نەشىر قىلىپ ئېلان قىلغان. ھازىر رۇسىيەنىڭ سانكتپېتربورگ شەھرى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە گېرمانىيەنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ 1913-1914-يىللىرى تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن قولغا چۈشەرگەن كەمتۈك نۇسخۇلىرىمۇ بار بولۇپ ھازىر گېرمانىيەنىڭ بېرلىندا شەھرىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ نوم پۈتۈكنىڭ خاتىمىسىدىكى ئىزاھاتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ نومنى ئەڭ دەسلەپتە تاڭ شۇەنزاڭ سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قوچولۇق شائىر، تىلشۇناس، تەقلىدى تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. « ئالتۇن يارۇق »نىڭ بىر قانچە نۇسخىسىدىكى چۆچەك ئاساسى ۋەقەلىكىنىڭ رەتلەپ چىقىلغاندىن كېيىنكى قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

...... بۇرۇنسىدا ماخارادى ئاتلىق بىر مەشھۇر خاننىڭ ماخبالى، ماخادىۋى، ماخاستۋى ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇ كەنجى ئوغلى ماخاستۋى تىكىننى كۆز قارچۇغىدەك قەدىر لەيدىكەن ھەم ياشى كۆرىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى خاقان ماخارادى ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئورمانلىققا سەيلىگە چىقىپتۇ. سەيلە ئاخىرلاشقاندا، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى گۈل-چېچەك ۋە يەل-يېمىشلەرنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتىسى ماخارادىن ئىجازەت ئېلىپ، بىر قومۇشلۇق جىلغىغا يېتىپ كەپتۇ. بىر پەس ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، قومۇشلۇق جىلغىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئانچە ئۇزاق يۈرمەستىن ئارسلانلىغان بىر چىشى يولۋاسنى ئۇچرۇتۇپتۇ. بۇ ئاچ يولۋاس يەتتە ئارسلىننىنى چۆرىسىگە ئولاشتۇرۇپ، ئاچلىق، تەشنالىق دەستىدىن قاتتىق ئاجىزلاپ ئۆلەر ھالەتتە ياتقان ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئاكا — ئۇكا تىكىنلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىپتۇ. ماخاستۋى تىكىن ئىسسىق قان بىلەن گۆشكە مۇھتاج بولۇپ جان تالىشىۋاتقان ئاچ يولۋاسنى پەقەت جاندىن كېچىش بەدىلىگىلا قۇتقۇزۇۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئويتتۇرغا قويۇپتۇ. چوڭ تىكىن ماخبالى: « ھەي ئىنىم، دۇنيادا ئەڭ قىيىن ئىش ئادەمنىڭ ئۆز جېنىدىن ۋاز كېچىشىدۇر!» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ماخاسىتۋى تىكىن« شۇ قىيىن ئىشنى ئورۇنلاپ، بۇددا ئەقىدىسى بويىچە جانلىقلارنى يۇقىرىغا تارتىپ چىقىرىپ، خاتىرجەم ۋە خوشال قىلىش » ئۈچۈن ئۆزىنى ئاچ يولۋاسقا پىدا قىلىپ، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇش قارارىغا كېلىپتۇ، ئاكىسى ماخبالى ۋە ماخادىۋىلەر سېزىپ قالسا، مەقسىدىگە يېتەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئاكىلىرىنى ئالداپ ماڭدۇرىۋېتىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ يېتىپتۇ، ئەمما ئاچ يولۋاسنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىلغۇدەك مادارى يوق ئىكەن. بۇ ھالەتنى سەزگەن ماخاستۋى تىكىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇرۇپ قالغان قومۇشنى ئېلىپ كېلىپ، يولۋاسنىڭ بېشىدا قايتىدىن سوزۇلۇپ ياتىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ بويۇن تومۇرىغا قومۇشنى سانچىپ قان چىقىرىدۇ. قان ئاستا-ئاستا ئېقىپ يولۋاسنىڭ ئالدىغا بارغاندا،ئاچ يولۋاس قاننى يالاپ، تەسلىك بىلەن ماخاستۋى تىكىنگە يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ گۆشلىرىنى پاك-پاكىز يەۋېتىدۇ. ئىنىسىدىن ئايرىلىپ ئۇزاپ كەتكەن ماخبالى ۋە ماخادىۋى تىكىنلەر قوڭۇر يەرنىڭ تەۋرەپ، تاغلارنىڭ سىلكىنىۋاتقانلىقىنى،

ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، كۈننىڭ غۇۋالىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئىنىسىدىن ئەنسىرەپ، ھېلىقى ئاچ يولۋاسنى ئۇچراتقان قۇمۇشلۇق جىلغىغا قايتىپ كەپتۇ، ئۇ يەردىن ئىنىسىنىڭ قۇمۇش پۇتىقىدا ئېسىقلىق تۇرغان كىيىم -كېچەكلىرى ۋە يەردە سۆڭەك، چاچلىرىنىڭ قالايمىقان چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، قايغۇرۇپ زار-زار يىغلىشىپتۇ. خاقان ماخارادى ۋە خانىشىمۇ بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تېپىپ، ماخاستۋى تېكىن ئۆز تېنىنى سەدىقە قىلغان ھېلىقى قومۇشلۇق جىلغىغا يېتىپ بېرىپتۇ، ئوغلىنىڭ سۆڭەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېلىپ، كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مۇنار ياسىتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە ماخاستۋى تېكىننى دەپنە قىلىشىپتۇ. (بۇ بۇددا چۆچىكىنىڭ ئەسلى تېكىستى« بۇلاق »مەجمۇئەسىنىڭ 1980-يىللىق2- سانىغا بېرىلگەن)

## ئاق نىيەت تېكىن ۋە قارا نىيەت تېكىننىڭ يارالمىش قىسسىسى

« ئاق نىيەت تېكىن ۋە قارا نىيەت تېكىن » («شاھزادە قالىيامقارا ۋە پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت »، ياكى « ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى »، يەنە بەزى مەنبەلەردە« دېڭىزغا كىرىپ گۆھەر ئىزدەش » دېگەن ناملار بىلەنمۇ بايان قىلىنغان) بۇددا دىنىنىڭ ماخايانا مەزھىپىگە ئائىت چۆچەك بولۇپ، بۇ بۇددىزم چۆچىكىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى فرانسىيەلىك تۈركشۇناس پ.پېللىئوت 1907-1908-يىللاردا دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىن بايقاپ ئېلىپ كەتكەن. ھازىر پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ چۆچەكنىڭ قايسى تىلدىن كىملەر تەرپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدە تا ھازىرغىچىلىك مەنبەلەردە ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان. بۇ چۆچەكتە قەدىمكى ھىندىستاندىكى باراناس ئېلىنىڭ پادىشاھى ماخارىت ئېلىكنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن كىچىك ئوغلى ئوتتۇرسىدىكى، ئاق كۆڭۈللۈك، ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىق، تىرىشچانلىق، باتۇرلۇق خىسلەتلىرى بىلەن قۇۋلۇق-شۇملۇق، قارانىيەت، ۋاپاسىزلىق خاراكتېرلىرى روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ گۈزەل تىل، بەدىئىي ۋاستە، جانلىق ئوبرازلار بىلەن بايان قىلىنغان. چۆچەكتە بايان قىلىنغان قىسقىچە ۋەقەلەك مۇنداق.

بۇرۇنىسىدا سەيلىگە چىققان ئاق نىيەت تېكىن نۇرغۇنلىغان نامرات، جاپاكەش جانلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ، ئاتىسى پادىشا ماخارىت ئېلىكنىڭ خەزىنىسىنى ئاشۇ نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن نامراتلارنى ئۈزۈل– كېسىل قۇتقۇزۇش تىلىكىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەن ئاق نىيەت تېكىن بىر دانىشمەن كىشىدىن‹‹ كىمكى مال-دۇنيا تېپىش ئۈچۈن دېڭىزغا كىرىپ كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى ئويلىسا ۋە تېپىلغۇسىز چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرىنى تاپالىسا، يەر – يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ›› دېگەن گەپنى ئاڭلايدۇ- دە، بۇ چارىنى ماقۇل كۆرۈپ، دېڭىزغا چۈشۈپ چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرىنى تېپىشقا بەل باغلاپتۇ. ئاتىسى ماخارىت ئېلىكنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماي ئاخىرى ئۇنى قايىل قىپتۇ. ماخارىت ئېلىك ئامراق ئوغلى ئاق نىيەت تېكىندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن يولغا سېپتۇ. ئاكىسى ئاق نىيەت تېكىننىڭ دېڭىزغا چۈشۈپ چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرىنى ئېلىپ كېلىشكە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان قارا نىيەت تېكىن : ‹‹ ئاتا-ئانام ئاكامنى مەندىن ئارتۇق كۆرىدۇ، ئەگەر ئۇ ئەنگۈشتەرىنى تېپىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئەتىۋار بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ›› دەپ ھەسەت قىپتۇ-دە، ئۆزىنىڭمۇ بىللە بېرىپ دېڭىزغا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئاخىرى سەپەر ئەھلىگە قوشۇلۇۋېلىپ، ئاق نىيەت تېكىننىڭ باشچىلىقىدا دېڭىزغا كىرىپتۇ، ئاق نىيەت تېكىن دېڭىزدىن ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى تېپىپ كېمىلەرگە قاچىلاپ، بىرگە كەلگەندە كىشىلەرنى ئۇكىسى قارا نىيەت تېكىن بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرىنى تېپىش ئۈچۈن سۇ ئاستى ئەجدىھالار پادىشاھلىقى تۇرغان ئالتۇن تاققا راۋان بوپتۇ. خەۋپ-خەتەرگە پىسەنت قىلماي، ئاق كۆڭۈللۈكلىكى بىلەن ئەجدىھالار پادىشاسىنى قايىل قىلىپ، چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرىنى ئېلىپ ساق-سالامەت قىرغاققا چىقىپ، ئىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئىنىسى قارا نىيەت تېكىن بىرگە كەلگەن 500 نەپەر ئادەمنىڭ دېڭىزدا ھادىسىگە ئۇچراپ ھالاك بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاق نىيەت تېكىن بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئىنىسىغا چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرىنى تاپقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قارا نىيەت تېكىن يالغاندىن مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن بولۇپ ئاكىسىنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىپتۇ، ئاق نىيەت تېكىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆرۈپ، ئەنگۈشتەرنى ئىنىسىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ: ‹‹ ياخشى ساقلىغىن، ئوغرى ئېلىۋالمىسۇن›› دەپتۇ-دە، يېتىپ ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن قارا نىيەت تېكىن ‹‹ ئاتام ماخارىت ئېلىك بۇ ئەنگۈشتەرنى كۆرسە، ئاكامنى يەنىمۇ قەدىرلەپ، مېنى خارلايدۇ، شۇڭا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئاكامنىڭ ئىككى كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېتىپ، ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ قاچسام، ئۇ يۇرتقا قايتىپ بارالماي ئۆلىدۇ شۇنىڭ بىلەن مەن ئەتىۋارلانمامدىمەن؟ ›› دېگەن يامان نىيەتتە

بوپتۇ-دە، ئىككى تال قومۇش تىكىننى كېسىپ كېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ئاكىسىنىڭ كۆزىگە قاتتىق سانجىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. كۆزى قارىغۇ قىلىنغان ئاق نىيەت تىكىن بىر پەرىشتىنىڭ يول باشلىشى بىلەن خەلىق ئارىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۆزىنىڭ پەزىلىتى، مۇزىكا جەھەتتىكى ھەيران قالارلىق تالانتى بىلەن چار سۇدا(كوچا ئوتتۇرىسىدا) ساز چېلىپ پېقىرانە ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.بارا-بارا ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتى خەلقنى مەھلىيا قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆپلىگەن سەدىقىلەرنى بېرىپتۇ. ئاق نىيەت تىكىن شۇ سەھرادىكى بارلىق تىلەمچىلەرنى يىغىپ، بۇ تاپاۋىتى بىلەن ئۇلارنى بېقىپتۇ، كىشىلەر ئاق نىيەت تىكىندىن:« سىز ئاددى كىشىلەردىن باشقىچە، يەنى ئىسىلزادىدەك كۆرۈنىسىز، سىز نېمىشقا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟ »دەپ سوراپتۇ.« تۇغۇلغىنىمدىن بېرى ھېچنېمەم يوق نامرات سەدىقىچىمەن،...نەسلىمنى، ئۇرۇغۇمنى دەپ بەرسەم ئىنىم ئۆلىدۇ » دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاق نىيەت تىكىن. ئاكىسىغا قەست قىلغان قارا نىيەت تىكىن ئاتىسى ماخارىت ئېلىك بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاق نىيەت تىكىننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. (چۈنكى ئۇ ئاكىسىنى ئادەمسىز دېڭىز بويىدا ئاللىقاچان ئۆلگەنىغۇ، دەپ ئويلايدىكەن.) ماخارىت ئېلىك بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئاخىرى قارا نىيەت تېكىندىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ پۇت-قولىنى باغلاپ زىندانغا تاشلاپتۇ....». (بۇ بۇددا چۆچىگىنىڭ ئەسلى تېكىستى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980- يىللىق1- سانىغا بېرىلگەن)

## *شىر پادىشاھىنىڭ يارالمىش قىسسىسى*

بۇ كومىراجىۋا تەرجىمە قىلغان «ماھاپراجنىيا پارامىتا شاستىر» ناملىق بۇددا نومىدىكى چۆچەك بولۇپ، چۆچەكنىڭ قولىيازما نۇسخىسى تۇرپان سىڭگىم ئېغىز بۇددا خارابىلىكىدىن تېپىلغان ، براھمان يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن، 32 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان، 627 (T II s196)Mainz +652 (T II s196)Mainz نومۇر بىلەن ساقلانغان. ئۇنىڭدا شىر پادىشاھنىڭ ھەققانىيەتچىل، ئادالەتپەرۋەرلىكى تەسىرلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغان. چۆچەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

قەدىمكى زاماندا يىل بويى ياشىرىپ تۇرىدىغان مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىغان ، ئەتراپىدا سۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر گۈزەل ئورمانلىقتا خىلمۇخىل ھايۋاناتلار ناھايىتى ئىناق ياشايدىكەن. قاناتلىق ئۇچار- قۇشلارغا بۈركۈت، ئاياقلىق-تۇياقلىق ھايۋاناتلارغا شىر پادىشاھ ئىكەن.كېيىنچە بۈركۈت ئۆزىنىڭ كۆك قەھرىدە ئۇچۇپ يۈرۈشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ خورىكى ئۆسۈپ يەر يۈزىدە ياشايدىغان ئۇششاق ھايۋانلارنى كۆزگە ئىلماي ئۇلارغا خالىغانچە چاڭ سېلىپ جىدەل ماجرا تېرىيدىغان بولۇۋاپتۇ. باشقىلار ئىچىدە بۇنىڭغا قاتتىق نارازى بولسىمۇ تېشىغا چىقىرالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىر پادىشاھنىڭ قوشنىسى شىمپەنزە مايمۇن يېڭى تۇغقان بالىسىنى شىر پادىشاھقا قاراپ قويۇشقا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، ئۆزى سىرتقا مېۋە تېرىپ كېلىشكە چىقىپ كېتىپتۇ. شىرمۇ بۇ كىچىك شىمپەنزىگە قەۋەتلا ئامراق ئىكەن. ئۇ شىمپەنزە بالىسىنى ئوينۇتۇپ ئۇخلىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىنىمۇ مۈگدەك بېسىپ شۇ يەردىلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈپ بۇ ئىشلارنى كۆزىتىپ تۇرغان بۈركۈت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇچۇپ كەلگىنىچە، كىچىك شىمپەنزىنى قامالاپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن ئانا شىمپەنزە قايتىپ كېلىپ ئۇخلاپ ياتقان شىرنى ئويغۇتۇپتۇ شىر ئويغۇنۇپ يېنىغا قارىسا كىچىك شىمپەنزە يوق تۇرغۇدەك، شىر پۈتۈن ئەھۋالنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئانا شىمپەنزىنىڭ ئالدىدا قىلغان مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن ناھايىتى خىجىل بولۇپتۇ. ئۇ دەررۇ كۆككە ئۇچۇپ تېخى يىراقلاپ كەتمىگەن بۈركۈتكە قاراپ «سەن ئۆزۈڭ بارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ يەنە ئادالەتسىز ئىش قىلىۋاتىسەن. ئەگەر كىچىك شىمپەنزىنى ساق - سالامەت قولۇمغا قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ ۋە بۇندىن كېيىن مۇنداق گۇناھلىق ئىشنى يەنە سادىر قىلماسلىققا ۋەدە بەرمىسەڭ ، مەن پۈتۈن ئاياقلىق — تۇياقلىق ھايۋانلارغا باشچىلىق قىلىپ، سېنىڭ جەددى — جەمەتىڭنىڭ ئۇۋۇلىرىنى پۈتۈنلەي چۇۋۇپ تاشلايمەن، بۇ ئورمانلىقتا ياشاتقۇزمايمەن »دەپ خىتاب قىلىپ ۋارقىرىپتۇ. بۈركۈت شۇئان شىرنىڭ ھەممە تۇياقلىق ھايۋانلار بىلەن بىرلىكتە بىرلىكتە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ... 

بىلگەچكە ئۆزىنىڭ كېيىنلىكىدىن ئەنسىرەپ كىچىك شىمپەنزىنى ساق- سالامەت قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپتۇ. بۇندىن كېيىن بۇنداق گۇناھلىق ئىشنى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



## ئالتۇن كىيىكنىڭ يارالمىش قىسسىسى

بۇ «كراماكارا بۇتساتۋا سۇتراسى» ناملىق بۇتساتۋالار ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا نومىدىكى بىر چۆچەك. چۆچەكتە ئالتۇن كىيىكنىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئۆزىنى بېغىشلاشتەك پىداكارلىق خىسلىتى بايان قىلىنغان. چۆچەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:
قەدىمكى باراناس دۆلىتىنىڭ خانى بىراھما داتتا، ئىنتايىن زالىم خان بولۇپ، بىر كۈنى كېچىدە ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە شۇنداق بىر كىيىكنى كۆرۈپتۇكى، ئۇ كىيىك تاغدىكى زەھەرلىك قۇرۇت- قوڭغۇزلار ماكانى بولغان بىر ئورمانلىقتا ياشايدىكەن، ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئالتۇندەك نۇر چاقناپ تۇرۇدىكەن .خان ئىككىنچى كۈنى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئۆز ئېلىدىكى بارلىق ئوۋچى مەرگەنلەرنى يىغىپ كېلىپ ئۇلارغا چۈشىدە كۆرگەن «ئالتۇن كىيىك»نى تۇتۇپ تېرىسىنى ئەكېلىپ بېرىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئەگەر ئۇنى ئەكېلەلمىسە، مەرگەنلەرنى ئۇرۇق جەمەتى بىلەن قەتلە قىلىدىغانلىقنى پۈتۈن ئەلگە جاكارلاپتۇ. ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورۇققان سانسىزلىغان ئوۋچى مەرگەنلەر بۇ ئورمانلىق ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ. «ئالتۇن كىيىك»نى ئىزدەش جەريانىدا بىرمۇنچە مەرگەنلەرنى زەھەرلىك قۇرۇت- قوڭغۇزلار چېقىپ، جېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. ئوۋچى-مەرگەنلەرنىڭ كۆپلىكىدىن قۇرۇت - قوڭغۇزلار ئۇلارنى چېقىپ يېتىشەلمەيلا قاپتۇ. ئوۋچى - مەرگەنلەردىن تەشكىللەنگەن زور بىر قوشۇن توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ سازلىقنىڭ ئىچكىرسىدىكى قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىقلار ئارىسىغا كىرىپ يولدىن ئېزىپ قاپسىلىپ قاپتۇ. چاتقاللىقنىڭ ھاۋاسى تىنجىق ، ئىسسىق، ئىچكۈدەك تاتلىق سۇمۇ يوق، ھاۋاسى شالاڭ بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەي مەرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ بىھوش دورىسى يېگەندەك ئۆز ئورۇنلىرىغىلا سۇنايلىنىپ يىقىلىشىپتۇ. يىراق جايدا بۇ مەنزىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان «ئالتۇن كىيىك»ئاستا قەدەملەر بىلەن مەرگەنلەر توپىغا يېقىنلىشىپتۇ-دە بىر مەرگەننى ئۆزىنىڭ نازۇك ئەۋرىشىم بەدىنى بىلەن يۈدۈپ مىڭ تەسلىكتە بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە ئېلىپ كەپتۇ. سۈزۈك تاتلىق بۇلاق سۈيىدىن ئىچكۈزۈپ، ياۋا مېۋە-چېۋىلەرنى يېگۈزگەن ئىكەن، ئۇ ئاستا-ئاستا ھۇشىغا كەپتۇ.كۆز ئالدىدا تۇرغان خان ئېيتقان «ئالتۇن كىيىك»نى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ.شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى كىمنىڭ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىپتۇ-.خانغا لازىم بولغان مېنىڭ بۇ تېرەم - دەپتۇ ئالتۇن كىيىك ئوۋچىغا:-مىڭلىغان ئادىمىزاتلارنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلىدىغانلا ئىش بولسا، قېنى مېنى ئۆلتۈرۈپ تېرەمنى سويۇپ ئېلىڭ ! —دەپتۇ خاتىرجەم ھالدا . مەرگەن نۇرغۇن ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن ئالتۇن كىيىكنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى شىلىپ - سويۇپ ئېلىپ خانغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. خانمۇ ئالتۇن كىيىكنىڭ تېرىسىنى كۆرۈپ خوشاللىقىدىن قىن - قېنىغا پاتماي قاپتۇ. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي توساتتىنلا قان قۇسۇپ جەھەننەمگە يول ئاپتۇ. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئونمىڭلىغان ئوۋچى-مەرگەنلەر «ئالتۇن كىيىك»نىڭ ئېسىل ئەخلاقى-پەزىلىتى، پىداكرانە روھىنى تىللاردا داستان قىلىپ تا ھازىرغىچە ئەسلىرىدە ساقلىشىپ يۈرۈشۈپتۇ.

## پىداكار پىلنىڭ يارالمىش قىسسىسى

بۇ ئەسلى «جاتاكامالا» ناملىق يارالمىش قىسسىلەر توپلىمىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ، تۇرپاندىن بۇ ھېكايىنىڭ تولۇق بولمىغان ئۈچ خىل نۇسخىسى بايقالغان. بىرىنچى نۇسخىسىدا 66 قۇر نومۇر بىلەن (Mainz756(TIII84-17 خەت ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ساقلانغان. ئىككىنچىسى ئىككى ياپراقچە تولۇق بولمىغان كەمتۈك نۇسخىسى بولۇپ، 66 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان.Mainz42+Mainz92(TIII 84-18) نومۇربىلەن ساقلانغان. ئۈچۈنۈسى، بىر ياپراق قولىيازما كەمتۈك نۇسخىسى بولۇپ، 65 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغانMainz666(TIII 84-4) نومۇر بىلەن ساقلانغان. بۇ چۆچەكتە بىر پىلنىڭ خان تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان بىر توپ كىشىنى ئاچلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ گۆشىنى ساخاۋەت قىلغانلىقىدەك تەسىرلىك ۋەقەلىك بايان قىلىنغان. چۆچەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

قەدىمكى زاماندا بىر پىل بولغانىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئورمانلىقتا ساياھەت قىلىپ يۈرگىنىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇملۇق تەرەپتىن كېلىۋاتقان كۈلدۈرما ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پىل قىزىقىپ ئېگىزرەك تۆپىلىككە چىقىپ قارىۋىدى، كۆز يەتكۈسىز يىراق قۇملۇقتا نۇرغۇن ئادەملەر خۇددى سودا كارۋانلىرىدەك كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار قۇملۇقتا ئۇزۇن يول يۈرگەچكە، ئۇسساپ، قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەن بولۇپ ئىسكىلىتتەك ئورۇق تېنىنى ئاران سۆرەپ كېلىۋاتقان ئىكەن. پىل بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ ئۇلارغا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇ:-سىلەر نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر؟-دەپ سوراپتۇ.

- بىز ئەسلىدە خان تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان 1000 كىشى ئىدۇق، يولدا بىر قىسىم كىشىلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ھازىر مانا بۇ 700 دەك كىشى قالدۇق-دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ . ئۇلار بۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ قاپتىلىدا – دەپتۇ ئۇزۇن خارتۇمى بىلەن يولنى كۆرسۇتۇپ پىل.

– نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان بىر كۆل بار. شۇ يەردە ئەمدىلا تاغدىن يىقىلغان بىر پىل ياتىدۇ، شۇ يەرگە بارساڭلار گۆشكە ۋە ئىچىدىغان سۇغا ئىگە بۇلىسىلەر-دەپتۇ پىل ئارقىغا بۇرۇلۇپ.

پىل سۆزىنى تۈگىتىپلا تاققا قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ ئىلاھى بۇددانى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ:-ئۆلۈم گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ بۇ تېنىمنى ئۇلارغا ساخاۋەت قىلدىم!-دەپتۇ-دە ئۆزىنى تاغنىڭ تىك قىياسىدىن سۈرگۈنلەرنىڭ ئۆتەر يولىغا تاشلاپتۇ. بۇ بىر توپ سۈرگۈنلەر بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ بۇ پىلنى كۆرۈپ، ئۇنى سويۇپ ئوزۇق قىلىپ يېيىشىپ بىرئاز مادارلىرىغا كېلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچىيىگە سۇ قاچىلاپ يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

## مايمۇن شاھنىڭ يارالمىش قىسسىسى

بۇ ئەسلى «پارامىتا سۇترا» نامىدىكى بۇددا كىتابىدا بايان قىلىنغان چۆچەك بولۇپ، تۇرپاندىن بايقالغان بۇ ھىكايىنىڭ بىر ياپراق كەمتۈك نۇسخىسىدا 60 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. Mainz(TIII84-40a) نومۇر بىلەن ساقلانغان. چۆچەكتە مايمۇنلار شاھىنىڭ ئۆز قەۋمىنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى پىداكارلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ھىكايىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

قەدىمدە مايمۇنلار ئېلىدە بىر توپ مايمۇنلار ئورمانلىقتا ئۆز پادىشاھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھايىتى بەختلىك ياشايدىكەن. بىر يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، جاھاننى ئاچارچىلىق قاپلاپتۇ. بۇ مايمۇنلار دۆلىتىمۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ.تاغنىڭ باغرىدىكى ئادىمزات خان شەھرىدە، خان ئوردىسىغا قاراشلىق كاتتا بىر مېۋىلىك باغ بار ئىكەن. بۇ باغدىكى مېۋىلەر شاخ-شېخىدا مەي باغلاپ تازا پىشقان بولۇپ، كۆرگەن ئادەمنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇلار كەپ كېتىدىكەن. مايمۇن شاھ پۇقرالىرىنى باشلاپ ئامالسىز بۇ باغقا مېۋە تەرگىلى كەپتۇ. باغۋەن سېزىپ قېلىپ ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلىپتۇ. خان شۇ ھامان دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇستا ئوۋچى-مەرگەنلەرنى يىغىپ مايمۇنلارنى يوقۇتۇشقا ئەۋەتىپتۇ. مايمۇنلار ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقاپ دەرھال قاچماقچى بوپتۇ. بىراق ئۇلار تولىمۇ كىچىككەن بولۇپ ھەممە ئەتراپ خاننىڭ مەرگەنلىرى ئوۋچىلىرى ياساۋۇللىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ئىكەن. دەل شۇ پەيتتە مايمۇنلار توپلۇشۇپ ئادەم يوق بىراق خەتەرلىك بىر جىرا تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. بىراق ئانچە ئۇزۇمايلا چوڭ بىر جىلغىغا كېلىپ توسۇلۇپ توختاپ قاپتۇ. بۇ ناھايىتى چوڭقۇر جىرا بولۇپ تېگىدە ناھايىتى ئۇلۇغ سۇ شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. بۇ جايدىن ئىنس - جىننىڭ ئۆتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن . مايمۇنلار يا ئالدىغا يا كەينىگە ماڭالماي تۇرۇپ قاپتۇ. كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئوۋچى مەرگەنلەر بارغانچە يېقىنلاپ قاپتۇ. مايمۇن شاھ مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆز قەۋمىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماق بوپتۇ. ئۇ ئاۋۋال ئوت چۆپتىن ئارغامچا ئېشىپ ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ پۇتىغا چىگىپ يەنە بىر ئۇچىنى بىر تۈپ دەرەخكە باغلاپ جىلغىنىڭ بۇ قېتىدىن قارىشى ياققا قاراپ سەكرەپتۇ. ئېشىپ ياسىغان ئارغامچىسى بىر ئاز قىسقا بولغاچقا ئۆزى بىر دەرەخنىڭ شېخىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۆز بەدىنى بىلەن بىر كۆۋرۈك ياساپ چىقىپتۇ. قېرىنداشلىرىغا ئۆزىنى دەسسەپ ئۆتىشكە بۇيرۇق قىلىپتۇ. مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى بۇ «مايمۇن كۆۋرۈك»تىن ساق سالامەت ئۆتۈپ خەۋىپتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بىراق مايمۇن شاھ ھەددىدىن ئارتۇق كۈچەپ كەتكەچكە بەرداشلىق بېرەلمەي ،يىقىلىپ چۈشۈپ ئوۋچى-مەرگەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. شەھەردىكى ئادىمزات خانى، ياساۋۇللاردىن بۇ تەپسىلاتلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ :- مەن ئادىمزات خانى تۇرۇقلۇق پۇقرالىرىمغا بىر مايمۇنچىلىك كۆيۈنەلمەپتىمەن-دەپتۇ-دە، بىر ئوردا كىشىسى يىغلىشى ئۆتكۈزۈپ مايمۇن شاھنى ئۆزىگە ئۇلگە قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇندىن كېيىن مايمۇنلارنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويۇلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. بۇنىڭدىن ئادەملەر ھەم مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى بىردەك چەكسىز بەختكە چۆمۈلۈپتۇ.

## مارال پادىشاھىنىڭ يارالمىش قىسسىسى

بۇ ئەسلى «پارامىتا سۇترا»، «ماھاپراجنا پارامىتا شاستىر» دېگەن بۇددا كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن بىر چۆچەك بولۇپ، بۇ چۆچەكنىڭ تۇرپاندىن ئىككى پارچە كەمتۈك نۇسخىسى بايقالغان، ھازىر بېرلىن ھىندى سەنئەت مۇزېيىدا MusIII11(TM52), MusIII22(TID)

www.uyghurkitap.com



نومۇرلار بىلەن ساقلانماقتا. بۇ چۆچەكتە مارال پادىشاھنىڭ ئۆز قەۋمىنى قوغداش يولىدىكى پىداكرانە روھى بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان. چۆچەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

قەدىمكى زامانلاردا بىر باي-باياشاد ماراللار ئېلى بولغانىكەن. بۇ يەردىكى ماراللار قەۋمى بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ياشايدىكەن. مارال پادىشاھمۇ ناھايىتى كېلىشكەن، قەددى قامەتلىك، مۈڭگۈزلىرى ئۇزۇن، تۈك-مويلىرى پارقىراق چىپار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى مارال پادىشاھ ئۆز قەۋمىنى باشلاپ كەڭ يايلاققا ئوتلاشقا چىقىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن شۇ كۈنى ئادىمزات خانىمۇ شىكارغا چىققانىكەن. خاننىڭ مەرگەن ئوۋچىلىرى ماراللارنى كۆرۈپ تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ ماراللارغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. ماراللار ئۈركۈپ تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ. بىر قانچىلىرى قېچىش جەريانىدا تىك يارلىقلاردىن غۇلاپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. ئۆلمىگەنلىرى بولسا ئېغىر يارىدار بوپتۇ. مارال پادىشاھى مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ئۆز قوۋمدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە ئادىمزات خانىنىڭ ئالدىغا ئۆزى يالغۇز بېرىپتۇ ۋە :-بىز ئالىيلىرىنىڭ زىمىنلىرىدا ياشاۋاتقان ھايۋانلارنىڭ بىر خىلى بولىمىز. نۆۋەتتىكى قىرغىنچىلىقنى توختۇتۇپ بىزگىمۇ ھاياتلىق يولى بېرىپ، خەيرىخاھلىق قىلغان بولسىڭىز بىز سىزدىن كۆپ مىنەتدار بولغان بۇلاتتۇق- دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ .ئادىمزات خان تولىمۇ رەزىل رەھىمسىز ئىكەن. ئۇ مۇغەمبەرلىك ۋە ئاچكۆزلۈك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن مارال شاھىغا مىقتەك قادىلىپ تۇرۇپ:-ماقۇل تەلىپىڭگە قوشۇلاي بىراق ئوردىغا كۈندە بىر مارال ئەكىلىپ بېرىشىڭلار شەرت، بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىنسىلا سىنىڭ پۇقرالىرىڭنى يەنە ئوۋلاش ئۈچۈن شىكار قىلىپ يۈرمەيمەن، مۇبادا بۇنىڭغا قوشۇلمىساڭلار قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار-دەپتۇ. بۇ تولىمۇ تەڭسىز ئادالەتسىز قويۇلغان شەرت ئىدى. شۇنداقتىمۇ مارال پادىشاھى ئادىمزات خانغا ئىتائەت قىلماسلىقنى ئۆلارغا بولغان ئەدەپسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك دەپ قاراپ خاننىڭ شەرتىنى بىجا كەلتۈرۈشكە قوشۇلۇپتۇ.

بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خان ئوردىسىغا ئوزۇق بولۇش نۆۋىتى كەلگەن بىر چىشى مارال، مارال پادىشاھىغا قورسىقىدىكى بالىنى تۇغۇپ بولۇپ ھەمدە بالىنى باشقىلارنىڭ بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارىغا قوشۇشقا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ ئاندىن بارغان بولسام دەپ ئۆتىنىپتۇ. مارال پادىشاھ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇ چىشى مارالنىڭ ئورنىغا ئۆزى بېرىشنى قارار قىلىپتۇ-دە، دەرھال ئادىمزات خان ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. مارال پادىشاھ خان ئوردىسىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ سويۇلىشنى كۈتۈپ تۇرغاندا قاسساپلار ئۇنىڭ مارال پادىشاھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ قېلىپ خانغا مەلۇم قىلىپتۇ.خان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇققاندىن كېيىن، مارال پادىشاھنىڭ سەممىملىكىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار ئېقىپتۇ. بۇرۇن قىلغان گۇناھلىق ئىشلىرىغا تۆۋە قىلىپتۇ. ئۇ شۇئان مارال پادىشاھنى قويۇپ بېرىپلا قالماي ھەر قايسى تاغ-تۇرا، ئورمان —يايلاقلارغا چاپارمەن ماڭدۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن كىمدە —كىم مارالارغا زىيان —زەخمەت يەتكۈزسە، ئوۋلىسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن مارالار ئېلىدىكى مارالار خاتىرجەم كۆپىيىپ، تا ھازىرغىچە شات-خورام بەختىيار ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ.

## *توشقان پادىشاھنىڭ يارالمىش قىسسىسى*

بۇ ئەسلى« پارامىتا سۇترا» دېگەن بۇددا كىتابىدىكى بىر چۆچەك. بۇ چۆچەككە ئالاقىدار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىدىن ئىككى پارچىسى تۇرپاندىن بايقالغان بولۇپ، بىرسىدە 71 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. ئۇ ھازىر u 977+u 979(T III 84-59) نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. يەنە بىرى بۇلېۋقتىكى قەدىمكى ئىبادەتخانە خارابىسىدىن بايقالغان. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسلى ئەسەرنىڭ 73 بەت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن، ھازىر ساقلانغان نۇسخىسىدا 17 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان l047(T III BTV51-d) نومۇر بىلەن ساقلانغان. بۇ چۆچەكتە توشقان پادىشاھنىڭ بۇددا تەرىقىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك روھى مەدھىيەلەنگەن. چۆچەكتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىسقىچە ۋەقەلىك مۇنداق:

قەدىمكى ھىندىستاندا 120 ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي بولغانىكەن، ئۇ دۇنيالىقتىكى غەۋغا-غۇسسە، ئازاب-دىشۋارچىلىقلاردىن بىزار بولۇپ تاغ ئارىسىدىكى بىر ئادىمزاتسىز ئورمانلىققا كېلىپ ، ياۋا مېۋە-چېۋىلەرنى يەپ، بۇلاق سۈيى ئىچىپ بۇددا تەرىقەت يولىغا كىرىشىپتۇ. بۇ ئورمانلىقتا ياشايدىغان توشقان، مايمۇن، تۈلكە، سۇ چاشقىنى قاتارلىق نۇرغۇن ھايۋانلار بۇ ئىخلاسمەن بوۋاينىڭ نوم ئوقۇغان ئاۋازىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇدىكەن ۋە ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ خەيرى-ساخاۋەت كۆرسىتىپ ساۋاپ تېپىشنى ئويلايدىكەن. بىر يىلى ئورمانلىقتا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ مېۋىلەر تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. مېۋىلەر ھېچقانچە ھوسول بەرمەپتۇ. شۇ يىلى قىشتا بوۋاينىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى ئۆكسۈپ قېلىپ ۋە

سوغۇقتا توڭلاپ كېتىپ بۇ ئورمانلىقتىن كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. توشقان قاتارلىق ھايۋانلار بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر قىسىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەييار قىلىپ، يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق بۇ ئىخلاسمەن بۇۋاينى بۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرغۇزماقچى بوپتۇ. مايمۇن ئۆزىنىڭ دەرەخ ئۈستىدىكى قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئورمانلىقنىڭ ئۇ چېتىدىن مېۋە-چېۋىلەرنى تېپىپ كېلىپ، بوۋاينىڭ بۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپتۇ، تۈلكە ئەقىللىق ھايۋان بولغاچقا ئادەم سىياقىغا كىرىپ، مەھەللىگە كىرىپ، مەھەللىمۇ-مەھەللە، ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ سەدىقە ئېشى ۋە تالقان تەييار قىلىپ بېرىپتۇ، سۇ چاشقىنى بولسا سۇدىكى ئۆزىنىڭ ئەپچىل چاققان ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ بېلىق تۇتۇپ بوۋايغا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. لېكىن توشقان ھېچنېمە تېپىپ كېلەلمەي، ئىخلاسمەن بوۋاينىڭ ئالدىغا قانداق بېرىشنىمۇ بىلەلمەي تەڭقىسلىقتا قېلىپ تولىمۇ خىجىل بوپتۇ. ئۇ ئاخىرى ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ، ئوتۇن -تەمەچ تېرىپ كېلىپ گۈلخان يېقىپتۇ. ئۇ بوۋايغا:-گەرچە ئۆزەم كىچىك بولسامۇ ئۆزلىرىگە بىر كۈنلۈك ئوزۇق بولغايمەن-دەپتۇ-دە ئۆزىنى گۈلخان ئىچىگە تاشلاپتۇ. ئوت ئىلاھى توشقاننىڭ سەممىلىكىدىن تەسىرلىنىپ دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. ئىخلاسمەن بوۋايمۇ توشقاننىڭ ھەرىكىتىدىن تەسىرلىنىپ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ بۇ ئورمانلىقتىن كەتمەي بۇ ھايۋانلارغا داۋاملىق بۇددا نوم ئايەتلىرىدىن ئوقۇپ بېرىشكە (قىرائەت قىلىپ بېرىشكە) بەل باغلاپتۇ.

## ئالىپ ئارامى( رامايانە) قىسسىسى

بۇ ھېكايە ئەسلى ھىندىستاندا ئەل ئارىسىغا تارقالغان داڭلىق ئېپوسلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا تارقالغاندا بۇ رىۋايەتمۇ بۇددىزم نوم ھېكايى-قىسسىلىرى بىلەن بىرگە شۇ جايلارغا تارقىلىپ بارغان ھەمدە شۇ قوۋم قەبىلىلەر رايونلىرىنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن. بۇ رىۋايەت قەدىمكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان جايلارغا كەلگەندە بولسا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن بۇ ھېكايىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتىكى نۇسخىلىرى بايقالغان بولۇپ، 9- ئەسىردىن 15-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بۇ ھېكايە قىسسىنى بۇددىزم ئەقىدە ئىدىيەسى بۇيىچە يۇغۇرۇپ ئۆزگەرتىپ، نۇرغۇن تەرەپلەرگە ئىجادىي ئامىللارنى سىڭدۈرۈپ چىققان. ھەمدە ئۇنى بۇددا ساڭرام سارايلىرىدىكى بۇددىزم ساخاۋەتچىلىكى تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم قۇرالىغا ئايلانغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى«رامايانە»ھېكايىسىنىڭ تۇرپاندىن تا ھازىرغىچە ئىككى نۇسخىسى بايقالغان، ئۇنىڭ بىرى يۆگىمە شەكلىدىكى بىر ياپراقچىسى بولۇپ چوڭ-كىچىكلىكى 30X95 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئوڭ يۈزىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى، كەينى تەرەپ تۆۋەنكى قىسمىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان رامايانە ھېكايىسى كۆچۈرمە نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخىسىنى گېرمانىيەنىڭ 2-قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھرىدىن قولغا چۈشۈرگەن. 34 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، Mainz 734b(T II Y47) نومۇر بىلەن ساقلانغان. يەنە بىرى بىر ۋاراق كەمتۈك نۇسخىسى بولۇپ، 14 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان ، (T III 86_64) u1000 رەت نومۇرى بىلەن ساقلانغان. بۇ نۇسخىسى گېرمانىيەنىڭ 3-قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپان رايونىدا قولغا چۈشۈرگەن. رامايانە ھېكايىسىنىڭ بۇ ئىككى نۇسخىسى ھازىر گېرمانىيە بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ھېكايە ۋەقەلىك جەريانى مۇنداق:

نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ بىر ئېلىدە بىر ئون باشلىق يەك (يالماۋۇز) بولغانىكەن. ئۇ دائىم ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان كەنت يېزىلارغا كېلىپ ئاۋام پۇقراغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ ئارام بەرمەيدىكەن. بىر كۈنى بۇ ئون باشلىق يەك، ئالىپ ئارامى (رامايانە)نىڭ سىزا (siza) ئىسىملىك ئامراق قونچۇيى(مەلىكىسى)نى بۇلاپ ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئالىپ قەھرىمان ئارامى سانسىزلىغان ئېيىق ۋە مايمۇنلاردىن تەشكىللەنگەن زور قوشۇننى باشلاپ تاغ-دەريالارنى، ئورمان-داللارنى تىنتىرىتىپ يەر جاھاننى زىل-زىلىگە سالغىنىچە يولغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا 80 مىڭ چاقىرىم چوڭقۇرلۇقتىكى، 32 مىڭ چاقىرىم كەڭلىكتىكى كۆپ-كۆك سۈيى شىددەت بىلەن دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان چەكسىز كەتكەن دېڭىز ئۇچراپتۇ. ئۇ بۇ جايغا نانتا سۇنتى ناملىق بىر غايەت زور ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ تاش كۆۋرۈكنى سالدۇرۇپتۇ. بۇ تاش كۆۋرۈكنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئۇ دۇنياغا ـــ جەننەتكە تۇتۇشىدىكەن. دانىشمەن مايمۇن خولومى(خانومان)نىڭ ئەپچىل تەدبىر كۆرسىتىشى بىلەن ئون باشلىق يەك ئىگىلىۋالغان لانكۇر بالىق (lankuri baliq) شەھرىنى ئوت دېڭىزىغا غەرىق قىلىپ بۇ

شەھەرنى ئىگىلەپتۇ، ھەممە ئالىپ قەھرىمان ئارامى ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن قورۇقماس جەسۇرانە باتۇرلىقى بىلەن ئون باشلىق يەك ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى چېپىپ تاشلاپ جەھەننەمگە ئۇزۇتۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئامراق مەلىكىسى سىزا مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ قايتۇرۇپ كەپتۇ. بۇنىڭدىن ئەرىشتىكى تەڭرىلەر ھەممە پانى ئالەمدىكى قۇت تاپقان ۋە سانسىز ساۋاپلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان ئىنسانلار چەكسىز شاتلىققا تولۇشۇپتۇ. بۇ ۋەقە شۇ يىلنىڭ شۇ كۈنگە چەكسىز شات-خوراملىق ئېلىپ كەپتۇ. دانىشمەنلەر شۇ كۈندىن باشلاپ رەسمى يۇسۇندا شۇنداق بىر ئادەتنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرغا قويۇپتۇ: «بىز بۈندىن كېيىن ھەر ۋاقىت بۇددا راھىبلىرىغا گۆھەردەك نوم ۋە باشقا نەرسىلەرنى ساخاۋەت قىلىپ تۇرايلى! بىزدىن باشلانغان بۇ ساۋاپلىق ئىشلار، بۈندىن كېيىن يىراق-يىراقلارغا ئاداققىچە تارقالسۇن! بۇگۈنكى بۇ كۈن Ram دەپ ئاتالسۇن! دىيىشىپتۇ ئۇلار.

خۇلاسە شۇكى ،قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوم ھىكايە چۆچەكلىرىنىڭ، كۆپلەپ بايقىلىشى، ئۇيغۇرلار رايونى بولۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى رايونىدىكى ئۇيغۇر بۇددىزىمىنىڭ، جۇڭگو بۇددىزىم مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى، ئۇيغۇر بۇددىزىم تەرجىمىچىلىكىنىڭ سەۋىيەسىنى ھەممە كۆلىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇددىزىم ھىكايە چۆچەكلىرى گەرچە بۇددا دىنىنىڭ ئانا ماكانى ھىندىستان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆزىنىڭ ″سۇ بېشى″ -مەنبەسى قىلغان بولسىمۇ، يىپەك يولىنى بويلاپ تارقىلىپ ھەرقايسى يېزا قىشلاقلارغا بارغاندا يەرلىك خەلقنىڭ ئىستىتىك گۈزەل ئارزۇ- غايىلىرىنى چىقىش قىلىپ يەنە ئۆزىگە نۇرغۇن يېڭى تەركىپلەرنى قوشۇپ تېخىمۇ موللۇشۇپ، تاكامۇللىشىپ بارغان. مۇتەخەسسىسلەر ئىدىقۇت رايونىدىن بايقالغان بىر قىسىم بۇددا ئەسەرلەرنىڭ ، ئەسلى مەنبەگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقىغان. ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىمۇ بىر قىسىم نەسرى شەكىلدىكى بۇددا چۆچەكلىرى نەزمە شەكلىدە تەرجىمە قىلىنغان ياكى ئۆزلەشتۇرۇلۇپ ئىپادىلەش جەھەتتە تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتىرىلگەن. يەنە بەزى بۇددىزىم چۆچەكلىرى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. قىسقىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىزىم چۆچەكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىدىكى بۇددىزىم مەدەنىيتى ۋە تۇرپان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائىت مەنبەلەرنى تولۇقلاپ، ئۇنىڭ يەنىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتىرىلىشىدە ئىجابىي، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


1. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: 《ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تىزىسلىرى 》 مىللەتلەر نەشرىياتى 1988-يىل 11-ئاي 2-نەشرى

2.دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: 《 دۇنخۇاڭ تام رەسىم ھېكايىلىرى》 (خەنزۇچە)گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 7-ئاي 4-نەشرى

3.شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەر ئىشخانىسى تۈزگەن: 《شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ماقالىلىرىدىن تاللانما》 (خەنزۇچە)شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىلى 9-ئاي 1-نەشرى


(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ھەققىدە

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

## مۇقەددىمە

ھەيكەلتىراشلىق-شەكىل ھاسىل قىلدىغان مۇھىم بەدىئىي سەنئەت تۈرى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈچ ئۆلچەملىك بەدەن قىياپىتى ئارقىلىق ئۇنىڭ ماھىيەتلىك، تىپىك مەنىۋى ئوبرازىنى قايتا ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئادەمنىڭ قىياپىتى ۋە پائالىيىتىنى، ئادەملەر كوللېكتىپىنىڭ قىياپىتى ۋە ھەرىكىتىنى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ، ئادەمنىڭ كونكرېت ۋە ماددىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ.

قەدىمكى غۇز- قوش- قاڭقىللار پائالىيەت قىلغان رايونلاردىن تېپىلغان يېگى تاش قورال ۋە ساپالچىلىق دەۋرلىرىدىكى لاي، ياغاچ قونچاقلار ئەڭ دەسلەپكى ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئۇندۇرمىسى-ئىپتىدائىي شەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، تېخىمۇ قەدىمكى تاش ۋە تېرە، كىگىز قونچاقلار ئائىلىق جامائە دەۋرىدىكى تۇمار سۈپىتىدە، ئۆلگۈچىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇنداق بىر قەدەر ساددا شەكىل ئالغان ھەمدە كېيىنكى دەۋرلەردىكى رەسمىي بەدىئىي سەنئەت تۈسىگە كىرگەن ھەيكەلتىراشلىققا ئاساس سالغان ئەڭ ئىپتىدائىي قورچاقلار مىلادىيەدىن 6000 ـ 2000ـ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس غار-ئۆڭكۈر ۋە قىياتاش رەسىملىرىدىن تاكى مىلادىيە 1ـ، 2-ئەسىرلەردىكى مىڭئۆي سەنئىتى جاۋاھىراتلىرى مەيدانغا كەلگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي مەزگىل ئىچىدە، ئەجدادلار تارىخىنىڭ مۇھىم يادىكارلىقى بولۇپ خىزمەت قىلدى.①

قەدىمكى تۇرپان ۋادىسى ھەيكەلتىراشلىقى يۇقىرىقىدەك ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، كېيىنچە ھەيكەلتىراشلىقنىڭ نەپىس ۋە كلاسسىك شەكلىنى ياراتقانىدى. ئۇ ئادەم گەۋدىسىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان، ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىگە، ئۆز گۈزەللىكى ۋە يۈكسەكلىكىگە، ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىگە بولغان يېگى چۈشەنچىسى بىلەن بۇنى ئىپادىلەشتىكى شېئىرىي قىزىقىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىختىرا قىلغانلىقى، قايتا نامايان قىلغانلىقى ئىدى. كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ھەرخىل شەكىل ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ كونكرېت ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشقان ئادەم ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنىڭ جانلىق ئوبرازىنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق رېئاللىقنى، تۇرمۇشنى ۋە سەنئەتكار (ھەيكەلتىراش) نىڭ غايىسىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ كىشىدە كۈچلۈك ئېستېتىك تەسىر قوزغايدۇ. ھەيكەللەرنىڭ تىپىكلىكى رېئاللىقتىكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسەتكۈچى كۆرۈنۈشنى تاللاپ مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئەسلى ۋەقەدىن تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ ئومۇمىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشى تۇرمۇشنىڭ راۋانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر قىياپىتى، روھىي-ھالىتىنى ئىپادىلىگەچكە كىشىدە قايتا-قايتا تاماشا قىلىش ھەم زوقمەنلىك ھېس-تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ ②. ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بەدىئىي تۇيغۇ بىلەن كۆرۈشنى، ئىدراك بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشنى، ھېس قىلىش بىلەن ئەسلەشنى، تەپەككۇر قىلىش بىلەن ھۇزۇرلىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، كىشىدە كۆپ تەرەپلىمە بەدىئىي، مەنىۋى ئىجتىمائىي تەسىرلىنىش ئۆتۈشمە تۇيغۇ ھاسىل قىلىدۇ.

تۇرپان ۋادىسىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولۇپ كەلگەن غۇز-قاڭقىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى دېگىنىمىزدە، بىز تۇرپان ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بوستانلىقلاردا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلاپ شەكىللەنگەن، ئىسلام دىنىنىڭ زەربىدارلىقى ۋە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن خارابلاشقان تۈرلۈك ھەيكەل-قورچاقلارنى نەزەردە تۇتىمىز. بۇنداق ھەيكەل-قورچاقلار گەرچە ئەينى زاماندىكى ئېتنىك مەدەنىيەت ۋە بەدىئىي سەنئەتنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئېتنىك مەدەنىيەت ھەم بەدىئىي سەنئەتنىڭ ھەممە تەرىپىنى، ھېچ بولمىغاندا ئاساسلىق تەرىپىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن. ھازىرغىچە تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان ھەيكەل-قورچاقلار گەرچە ئەينى زاماندىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ مۇھىم يالدامىسى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زامان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سەنئەتلەشكەن ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن. بىناكارلىق،

www.uyghurkitap.com



رەسساملىق بىلەن ياندىشقان ۋە بىر گەۋدە قىلىنغان بۇ بەدىئىي سەنئەت مۆجىزىسى فولكلور، رەسساملىق، مۇزىكا-ئۇسسۇل ۋە تىياتىر قاتارلىق سەنئەت ژانىرلىرىنى ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك قاراشلارنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق يازما مەنبەدىن مىسلىسىز رەڭدار ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكىنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر. يىراق تاش قوراللار دەۋرىدىن بۇيان بۇ زېمىندا ياشاپ، ئاۋۇپ، كۆپىيىپ جامائەلىشىپ كەلگەن غۇز-قاڭقىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداد-ئەۋلادلىرى بىر-بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەسىرمۇ ئەسىر، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئاپىرىدە قىلغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھەيكەل-قورچاقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارىخ بوران-چاپقۇنلىرىدا مەڭگۈلۈك يوقالغان. تارىخ ئېھتىمالىم زامان چاڭ-توزانلىرىدىن، تۈرلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن ۋە چەت ئەللىكلەردىن ئېشىپ قالغان ھەم قىسمەن بولسىمۇ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ھەيكەلتىراشلىق نەمۇنىلىرىنى تەتقىق قىلىش بۇرچىنى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى خەلقلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا نېسىپ قىلغان بولسا كېرەك.

### *1.قەدىمكى تۇرپان مەدەنىيىتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى*

تارىخشۇناسلار ۋە ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن «ئۈستى ئوچۇق مۇزېي» دەپ تەرىپلەنگەن تۇرپان★ۋادىسى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئىزلار، خارابىلەر، ئىپتىدائىي شەھەر-قەلئە ئىزنالىرى شۇنداقلا مىڭلارچە قەدىمكى قەبرە-يادىكارلىقلىرىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئاپىرىدە قىلغان نۇرغۇن ھەيكەل-قورچاقلارنى ھارارەتلىك قوينىدا ساقلاپ ياتقان، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھەقىقىي تەبىئىي مۇزېيدۇر. تارىخ-ئارخېئولوگىيە ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇمكى، تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ يەرلىك ئاھالىسى بولۇپ ياشاپ كەلگەن غۇز-قوشلار ۋە ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرى تۇرپان ۋادىسىنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت مەيدانى-ئانا ماكانى قىلىپ، كونا-يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ بۇ ھارارەتلىك زېمىندا ئاۋۇپ، كۆپىيىپ ، جامائەلىشىپ كەلدى. بۇ زېمىندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت چەمبىرىنىڭ پەيدىنپەي ھاسىل بولۇشى، جۈملىدىن بۇ زېمىننىڭ ئېتنىك تەركىبى، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تۈسى ھەم ئېتىقاد خاسلىقلىرى بۇ زېمىندا ئەجداد-ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن غۇز-قوشلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ئەبەدىيلىك ھاياتىي ئىقتىدار بېغىشلىدى ★.

بىز توختالماقچى بولغان تۇرپان پەقەتلا ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ، ئارخېئولوگلار مەدەنىيەت تىپىغا ئايرىغان «سۇ بېشى مەدەنىيىتى» چەمبىرىكى يەنى ئاساسلىقى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بولغان بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا جايلاشقان مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، مىچۇەن، قۇتۇپى ، ماناس ۋە ئۈرۈمچى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان ئوخشاش تىپتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاسىيا كىندىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ھارارەتلىك ماكان دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق تۇرغان ۋە بەھەيۋەت تاغ-دەريالار بىلەن يۇلتۇزلاردەك تارالغان ئىپتىدائىي كارىزلارنى كۆكسىگە ئالغان، بۇ خاسىيەتلىك زېمىن جۇغراپىيەلىك، ئانتروپولوگىيەلىك (ئىنسانشۇناسلىق)، ئېتنولوگىيەلىك (مىللەتشۇناسلىق) ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى جەھەتتە خاس، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مەدەنىيەت رايونى. شۇڭا بۇ رايوننىڭ ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىنى پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن چەتلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. قەدىمكى تۇرپان ۋادىسى ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە خاس تارىخىي قىممىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە تەۋە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ كەمكۈتسىز بىر قىسمىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئالەمشۇمۇل ئومۇمىي كىشىلىك قىممىتىگىمۇ ئىگە.

تۇرپان ۋادىسى ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا قەدىمكى مەدەنىيەت ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بىرى. بۇ زېمىن ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكى بىلەن يىراق تاش قوراللار دەۋرىدە شىمال بىلەن جەنۇب، شەرق بىلەن غەرب قاتناش ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدا، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش، يۆتكىلىش، مەدەنىيەت-سەنئەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇزاق تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرۇغان قايناق بۇلاق ۋە ئۆتۈشمە بەلۋاغ بولغانلىقى بىلەنمۇ تارىختا كاتتا رول ئوينىغان. بۇ زېمىن ئۆزىنىڭ ھارارەتلىك قوينىغا ئارىيان ئىرقىدىكى ئىنسان تۈركۈملىرىنى، تۇران-قوش-غۇز-قاڭقىل ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ كۆپ ۋارىيانتلىق ئېتنوگېنېزىسىنى ۋە مەدەنىيەت ئېتنولوگىيەسى تىلسىمىنىڭ ئاچقۇچىنى كۆمگەن.③

تارىختا غۇز - قوش -قاڭقىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداد-ئەۋلادلىرىنى ئۆزىگە يىلتىز، تۇخۇم ، گېن ھەم ئېتنىك مەنبە قىلىپ ياشاپ كەلگەن

تۇرپان ئاھالىلىرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا شەرق-غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئۆزىگە خاس ۋە ئۆزىدىن ھالقىغان كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تۈر ۋە ژانىرىدىن مۇجەسسەم بولغان يەرلىك مەدەنىيىتى بىلەن خەلقئارا خارەكتېرىگە ئىگە ئارىلاشما (سىنكرتىك) مەدەنىيەت ئىختىراچىلىرى سۈپىتىدە مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان. مەلۇمكى، تارىختىكى غۇز-قاڭقىللار ۋە ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئاپىرىدە بولۇپ، ئاۋۇپ، كۆپىيىپ جامائەلىشىپ كەلگەن تۇرپان ۋادىسى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى. بۇ مەدەنىيەتلىك -ھارارەتلىك ۋادا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق بولغان ئوتتۇرا بەلبېغىغا جايلاشقان، ئەتراپى ئاسىيادىكى ئەزىم تاغلار-ئالتاي، تەڭرىتاغ، پامىر، قورۇم-قاراقۇرۇم، ئالتۇن تاغلىرى بىلەن ئورالغان، باغرىنى ھارارەتلىك يالقۇنتاغ كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان ھازىرقى تۇرپان ۋادىسى نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي ھايات مېلودىيىسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن. تۇرپان ئاھالىسىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بۇ ھارارەتلىك زېمىندا ئۇزاق داۋام قىلغان كونا-يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي مەدەنىيەت- سەنئەت تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ، برونزا قوراللىرى دەۋرىگە كەلگەندە خېلى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە- ئۆزىگە خاس «سۇ بېشى مەدەنىيتى» چەمبىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

مەلۇمكى، قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىنىڭ كونا-يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ياراتقان مەدەنىيەت ھەم تەسۋىرىي سەنئەت تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. بۇ زېمىندا ئاۋۇپ، كۆپىيىپ جامائەلىشىپ كەلگەن قوش-غۇز-قاڭقىللارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بولمىش ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھى ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىنى ناكى يېزىق ئىختىرا قىلىنغىچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق ۋاراۋارلىق، نادانلىق، ياۋايىلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كونا-يېڭى تاش قورال دەۋرى، بىرونزا قوراللىرى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلىرىغا «يېزىپ» قالدۇرغان. يېزىق تارىخىدىن تولىمۇ ئۇزۇن بولغان بۇ تارىخ، ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئىپادىلىگەن دائىرىسى جەھەتتىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا مۇناسىپ خىلمۇ خىل بولغان. ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۇچۇن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىزنا-يادىكارلىقلار ھەققىي مەنىسى بىلەن تۇرپاندا ياشىغان ئىنسانلار تارىخىنىڭ، جۈملىدىن بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇچۇر- ئىنفورماتسىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، قەدىمكى تۇرپاندەك بۇ كەڭ سەنئەتلىك زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ تەسۋىرىي يالدامىلىرى بىزگە تېخى ئۆزىنىڭ روشەن ۋە مۇكەممەل- ھەققىي قىياپىتىنى ئاشكارلىغىنى يوق. شۇنداقتىمۇ يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيەلىك ۋە ئانتروپولوگىيەلىك بايقىلىشلار بۇ ھارارەتلىك كەڭ زېمىندىكى ئىپتىدائىي ئىنسان پائالىيىتىنىڭ كونا- يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى بىر قەدەر ئومۇمىي مەنزىرىسىنى قىياس قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى.

### 2.قەدىمكى تۇرپان ئاھالىلىرىدە ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى

مەلۇمكى، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۆتۈشىدىكى ئاساسىي نامايەندە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئىبارەت. ئىنساننىڭ تۇنجى ئىشلەپچىقىرىش قورالى تاش قورال-تاش سايماندىن ئىبارەت. ئىپتىدائىي ئىنسان دەسلەپتە تەييار ھالەتتىكى تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ مۇھىم شەكلى يارما (چاقما) قورال ھالىتىدىكى تاشتىن (ئەلۋەتتە ياغاچ، سۆڭەكلەرنى مۇستەسنا قىلمىغان ھالدا) ئىبارەت ئىدى. بۇ تولىمۇ ئۇزاق قەدىمكى زامان ئىلىم ساھەسىدە كونا تاش قورال دەۋرى (پالېئولىت) دەپ ئاتالسا، كېيىنچە بىر قەدەر سىلىقلانغان، سىپتىلانغان، ئىسلاھ قىلىنغان تاش قوراللار دەۋرى يېڭى تاش قوراللار (نېئولىت) دەۋرى دەپ ئاتالدى. مۇنداق كونا تاش قورال دەۋرى ئىزلىرىدىن تۇرپاندىكى يارغولنىڭ غەربىدىكى كونا تاش قورال ئىزى، سەيۇۋپودىكى قەدىمكى ئىز، پىچاننىڭ چىقتىمدىكى قەدىمكى ئىز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت كونا تاش قورال دەۋرىدە تۇرپاندا ياشىغان.

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش-قېزىشلارغا ئاساسلانغاندا، كونا تاش قورال دەۋرىدە تۇرپاندا ياشىغان قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى بۇ زېمىندىكى دەريا-ئۆستەڭ ئېقىنلىرى، كۆل ۋە سۇلۇق زونىلىرىدىكى ۋادىلار، ئىپتىدائىي بوستانلىقلاردا ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ھەم مۇھىت ئېكولوگىيەسى شارائىتىدا ياشىدى. ئۇلار تاش، ياغاچ، سۆڭەك قوراللارغا تايىنىپ توپلىشىپ ياشاپ، كېيىنچە ئوتتىن پايدىلىنىپ، دەھشەتلىك يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىپ نەچچە مىڭ يىلغا سوزۇلغان مۇز دەۋرى زېمىستانلىقىنى يەڭدى. غار تۇرمۇشىدىكى ئوت-مۇقەددەس قۇدرەت

www.uyghurkitap.com



ۋە قۇتلۇق ئۇمىد چېچىكى ئىدى. ئوت ئىنسانىيەتنى قوغدىدى، تاكامۇللاشتۇردى، ئۇلۇغ مەدەنىيەت سەھىپىسىنى يورۇتتى. ئانا ۋادىسىمىز مەركىزىي ئاسىيادا مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى باسقۇچتا ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەدرىجىي ئۆتۈش مۇمكىنلىكلىرىگە ئېرىشتى. يېڭى تاش قورال (نېئولىت) دەۋرىدە ئىنسانىيەت تەييار تاشنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىش ۋە تاشنى يېرىپ، سوقۇپ-سۇندۇرۇپ قورال قىلىشتىن تاشنى سىلىقلاپ ئىشلەشكە ئۆتتى. مېتال كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ كۈچلۈك جىسىم بولغان تاش ئەمدى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىرادىسىگە بېقىپ سىپتا قىلىنىپ پىششىقلاپ ياسالدى. تاشنى قىرىش، ئۇيۇش ، تېشىش-ئەينى زاماندىكى تۈنجى «سانائەت ئىنقىلابى» بولدى. تاش ئوتىغۇچ، تاش پالتا، تاش پىچاق، تاش نەيزە ۋە ئوقيا ئۇچى، تېشىلگەن تاش، مۇنچاق قاتارلىقلار بۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولدى. هارارەتلىك تۇرپان ۋادىسىدا يېڭى تاش قورال دەۋرىدە سۆڭەك، ياغاچ ۋە تېرە قوراللىرىمۇ زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىندى. ئوتتىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش، تېرە ئەيلەش، يىڭنىدە تېرە كىيىملىرىنى تىكىش، ئاددىي كىگىز-پالاس ياساش، مېۋىلەر، كېيىنچە خېمىرلارنى ئېچىتىش، هاۋانچا ۋە يارغۇنچاقنىڭ ياسىلىشى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاجايىپ ئوتۇقى بولدى. كېيىنچە تاغ ئۆڭكۈرلىرى، ساي-جىلغىلاردىن كۆپلەپ ساھىللارغا يۆتكەلگەن، ئىپتىدائىي ئېكىنچىلىك ۋە باقما چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىپتىدائىي ئىنسان ئەمدىلىكتە تۇپراقتىن ئوتتا ساپال بۇيۇملارنى پىشۇرۇشنى ئىختىرا قىلدى.④

تارىختىكى غۇز-قاڭقىللارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرى ئاپىرىدە بولۇپ، ئاۋۇپ، جامائەلىشىپ كەلگەن بۇ هارارەتلىك تۇپراقتا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ئىپتىدائىي پادىلارچە تۇرمۇش شەكلىدىن ئانا ئۇرۇقى-تۇنجى ئائىلىق نەسلداشلىق جامائەسىگە ئۆتۈش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. دائىمىي تۇرارجاي، كوللېكتىپ ئەمگەك، ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ بىر قەدەر زاپاس ساقلىنىشى، پائالىيەت رايونلىرى ۋە پائالىيەت تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشى، نەسىل كۆپەيتىش ئېھتىياجلىرىنىڭ جىددىي بېسىمى، يات جامائەلەر ۋە ئۇرۇقداش جامائەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئەڭ دەسلەپىدە ئانا هوقۇقىنى ئاساس قىلغان تەشكىلات-ئانا ئۇرۇقى جامائەسى (ماترىئارخاللىق تۈزۈمى) دىن باشلانغان. ئانا ئۇرۇقى جامائەسى تۇرپان ۋادىسى ئاھالىلىرى تارىخىدا ئىپتىدائىي قانداشلىق-ئۇرۇقداشلىق-ئېتنولوگىيىلىك ئاڭ بىلەن ئىپتىدائىي هوقۇق-نوپۇز ئېڭىنى نامايانىدە قىلدى. شۇ ئاساستا ئىپتىدائىي تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى، ئەم-ئىرىم كۈنۈك ئادەتلىرى، فولكلور ۋە مۇراسىم رىجىلىرى مەيدانغا كەلدى، ھەممە مۇز دەۋرىدىن كېيىنكى ئوچۇق زېمىندا مىللىيەتلىك تۇرمۇش رېلىسىغا قەدەم قويدى. مۇشۇ چاغدا، دەل مۇشۇ چاغدىلا تۇرپان ۋادىسى ئاھالىلىرىگە —باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلارغا مەركىزىي ئاسىيا ئېتنىك تامغىسى بېسىلدى.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئانا ئۇرۇقى جامائەسىدە تۇرپان ۋادىسى ئاھالىلىرى تەييار ئۆڭكۈرلەر ۋە قېزىلغان لەخمىلەردىن تاشقىرى، يەنە ساتما ئۆيلەر ۋە چوڭ-كىچىك جامائە كەپىلىرىدە ياشاشتى. ئۇلار دەريا ساھىللىرى ۋە بوستانلىقلارغا ئىجتىمائىي هايات تورىنى يايدى. بۇ هال ئىپتىدائىي ئېكىنچىلىك ۋە هايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلدى. ئوقيانىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى مەرگەن-ئوۋچىلارنىڭ يەككە پائالىيىتىگە مۇمكىنلىك يارىتىپ بەردى. ئىت ۋە ئوۋ قۇشلىرى ئۇنىڭ قۇشۇمچە سۈپىتىدە كۆندۈرۈلدى. ئارقىدىنلا قوي، ئۆچكە، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق تەرسا هايۋانلار قولغا ئۆگىتىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلدى.⑤ ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى بىلەن تويۇنغان بىپايان تۇرپان ۋادىسىنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلگەن، مۇئەييەنلەشتۈرگەن، تەشكىللەنگەن ۋە ئىپادىلەشكە قەدەم قويغان، تىپىك ئىپتىدائىي-ئېتنىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ياراتقان دەۋرى بولدى. يېڭى تاشقورال دەۋرىدە بۇ هارارەتلىك ۋادىدا ياشىغان ئەجدادلار تەييار تاشنى چاقما تاش شەكلىدە، تەييار غار-ئۆڭكۈرلەرنى تۇرمۇش مۇھتى سۈپىتىدە قاراپ ياشىغىنى يوق، ئۇلار سىلىقلاپ، قىرىپ ئويۇپ، ئۇلاپ ھەرخىل تاشقۇراللار ياسىدى، ساپال ۋە توقۇلمىلارغا ھەرخىل ئابستراكت فىگورا-نۇسخىلار سىزىشتى، كەپە ۋە چېدىرلار تىكىشتى، ئۆيدە هايۋان كۆندۈرۈش، دەسلەپكى تېرىقچىلىق، ئاددىي شەكىلدىكى مال ئالماشتۇرۇش ۋە يىراق قاتناش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئىپتىدائىي ئېتىقاد، خىلمۇ خىل مەبۇد-ئىلاھلارغا سېغىنىش، تۇتېم ئاجايىپاتلىرى ، ئەپسانە-رىۋايەت، سەنئەت ۋە مىللىيەتلىك مۇشۇ مۆجىزىدار دەۋردە پەيدا بولدى. يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ مەيدانغا چىققان برۇنزا (تۇچ) قوراللىرى دەۋرى تۇرپاننى مەركەز قىلغان «سۇ بېشى مەدەنىيىتى» چەمبىرىكى شەكىللەنگەن دەۋر، غۇز-قاڭقىل

قەبىلىلىرى لاي، تاش، ياغاچ، كىگىز، مىستىن تۇرلۇك ھەيكەل-قورچاقلارنى ياسىغان ۋە كېچىكمەي ئاتلىق ئوقياچىلارغا ئايلانغان دەۋر، ھۈنەر-كەسىپ پىرلىرى بىلەن شامان باخشى-داخان كاھىنلىرى ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولغان دەۋر، ئەندىزە ، نۇسخا، ھۈنەر كەسىپ قېلىپلىرى گېئومېتىرىيەلىك قائىدىلەر بىلەن ئېتنولوگىيەلىك روھىيەت تىپىنى بىرلەشتۈرگەن دەۋر بولدى. غۇز-قاڭقىللار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى قانداق ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولمىسۇن، ھېلىمۇ ئۇلار يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەت ئەندىز نۇسخىلىرى، ئائىلە ۋە جەمئىيەت، ئادەت، ئېتىقاد، فولكلور ۋە روھىيەت يىلتىزلىرىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق.

3. تۇرپان ۋادىسىدا ئىپتىدائىي روھىي تەپەككۇر ۋە دەسلەپكى ھەيكەلتىراشلىق تۈرەلمىسىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ھازىرغىچە ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىلمىي تېخى تولۇق يورۇتۇشقا قادىر بولالمىغان، قەدىمكى ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ جەسەتلىرى، مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى بىلەن تولغان تۇرپان ۋادىسىدا ئاپىرىدە بولۇپ، ئاۋۇپ، جامائەلىشىپ كەلگەن غۇز-قاڭقىللارنىڭ يىراق تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئەجدادلىرى ئاڭ ۋە پائالىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تۇرمۇش سەزگۈسىنىڭ تولىمۇ ئاددىي ئىنفورماتسىيىسىدە ياشىغانىدى. بۇ دەۋردە ئۇلاردا تەبىئەتتىن ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ھالقىغان تەسەۋۋۇر تېخى شەكىللىنىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. كېيىنچە ئۇلار ئۆز مۇھىتىغا قانائەتلەنمەيدىغان بولدى، ئۇلاردا تەبىئەت ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ھالقىغان تەسەۋۋۇر ئامىللىرى شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ ئاڭ تۈزۈلمىسىدە ھېسسىي بىلىشتىن ئۇقۇمچان تەپەككۇرغا يۈزلەنگەن غايەت زور سەكرەش يۈز بەردى. بىۋاستە ئەمەلىي سەزگۈ ئىنفورماتسىيىسى بىلەن ۋاستىلىك تەسەۋۋۇر ۋە ئۇقۇم شەكلىدىكى ئاڭنىڭ بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى بۇ ۋادىدىكى ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ھايات-پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئىجتىمائىيلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ بىلىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇردى ، ئۇلارنىڭ پىسخىك ئىقتىدارىغا ئەقىل چىرىغى، تەسەۋۋۇر ۋە خىيال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ھېسسىياتچان قابىلىيەتلەرنى قوشتى. ئىپتىدائىي ئەجدادلار ھەققەتەن كۆپ خىل ھېسسىياتچان ۋە پاراسەتلىك ئادەمگە ئايلاندى. ئوتنىڭ تىزگىنلىنىشى، ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ئۇلاغنى بىۋاستە ئوزۇقلۇق ئوبيېكتى قىلىشتىن ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئۆتۈش، ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ۋە ھايۋان كۆندۈرۈش، ئىپتىدائىي ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋەھاكازالار پاراسەتنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشى بىلەن بىللە، يەنە ئۇ پاراسەتنىڭ راۋاجلىنىش يوللىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى.⑥

بۇ ھارارەتلىك ۋادىدا ھايات زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن كۆرۈشۈۋاتقان، تېخى تولىمۇ ئىپتىدائىي باسقۇچتا تۇرغان ئەجدادلار، گەرچە بىر قاتار ئىجتىمائىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق چەكسىز تەبىئەت ئۈستىدىن دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى بايقاپ قالدى. تەبىئەت ئۇلار ئۈچۈن دەسلەپكى بىۋاستە سەزگۈ ئىنفورماتسىيىسى باسقۇچىدەك يېمەك-ئىچمەك ۋە ھاياتنى داۋاملاشتۇرماق ئوبيېكتىلا ئەمەس، يەنە سېھرىلىك بىلىش ئوبيېكتى بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مانا بۇ تۇرپان ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلىرىنىڭ-تەپەككۇر ۋە دەسلەپكى روھىي ھادىسىلەر قاراشلىرى سىستېمىسىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى. تارىخ-ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئىپتىدائىي ئېتىقاد بۈگۈندىن 20-70 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. قورقۇنچلۇق ۋە شۇ سەۋەبلىك مەجبۇرىي ۋە زۆرۈرىي يوسۇندا «يۈكسەك» بولغان نەرسىگە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئاساسىي ئالامىتى ئىدى. قوش-غۇز-قاڭقىللارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى نەزىرىدە مەۋجۇت نەرسىلەر خۇددى تىرىك ئادەمنىڭ ئۆلگەن ئادەمدىن ئۆزىنىڭ «جېنى» بىلەن پەرقلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش «جان»،«تەن»، «روھ» چۈشەنچىسى بارغانسېرى ھەم يۇقىرى ھەم سېھرىلىك تۈسكە كىردى. ئۇلاردا ئادەمنى ئۇنىڭ جېنى باشقۇرغاندەك، ھەممە نەرسىلەرنى شۇ نەرسىنىڭ «جېنى»، «روھى» باشقۇرىدۇ، دېگەن قاراش ئومۇملاشتى. كېيىنچە سىرلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى-بوران، مۆلدۈر، چاقماق، يەر تەۋرەش، تاشقىن، تاغ گۈمۈرۈلۈشى قاتارلىقلار شۇ تەبىئەتنىڭ تېنىگە يوشۇرۇنغان «جان»-تەبىئەت تەڭرىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ، دېگەن قاراش شەكىللەندى.

بىزگە مەلۇمكى، ۋادىمىز ئاھالىلىرى بۇ زېمىندا ئەڭ ئىپتىدائىي پادىلىق، ۋارۋارلىق، ياۋايىلىق، نادانلىق ۋە ئۇرۇقداشلىق دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۇلاردىكى خىلمۇ خىل تەسەۋۋۇر ۋە خىياللار ئاساسىدا دۇنيانى ھادىسىلەر دۇنياسى ۋە تەڭرىلەر دۇنياسى دەپ ئىككىگە ئاجراتقان دۇئالىزملىق قاراشلىرى پەيدا بولدى. ئانىمىزملىق قاراشلار ئىنسان تەسەۋۋۇرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ھەممە نەرسىنىڭ كەينىدە شۇ نەرسىگە مۇئەككەل بولغۇچى تەڭرىلەر مەۋجۇت، دېگەن قاراشقا ئېلىپ كەلدى. نەتىجىدە قۇياش، يۇلتۇزلار، ئوت ۋە يورۇقلۇق مۇئەككەللىرى،

www.uyghurkitap.com



سۇ، يامغۇر، ئېقىن، دېڭىز-دەريالار مۇئەككەللىرى، تۇغۇت ۋە بالىلار مۇئەككەللىرى، سالامەتلىك، ئۆمۈر-رىزىق مۇئەككەللىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل تەڭرى ۋە مۇئەككەللەر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، ئالمىشىپ روھانىيەت ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى. ئۇرۇقداشلىق دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىز ھاياتىدا بارلىققا كەلگەن بۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ ئۆزگىرىشلەر، ھەرخىل تەڭرى-مۇئەككەل، ئەۋلىيا-ئەزىمەلەر، جىن-ئالۋاستىلار ھەققىدىكى خىلمۇ خىل تەسەۋۋۇرلار نەتىجىسىدە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە بولغان شامان دىنى بارلىققا كەلدى. ئەڭ دەسلەپكى دىنى ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ ئۇزۇن ساقلانغان ئېتىقاد شەكلى شامانىزم بولۇپ، ئۇ «يامان روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرۇش ۋە ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش» تىن ئىبارەت ئېتىقاد ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. شامان دىنى ھاياتىدىكى ئەجدادلىرىمىز دەل مۇشۇ دەۋردە ھەر خىل مۇئەككەل-مەبۇدىلەر ئوبرازىدا تۇرلۇك-تۈمەن ھەيكەل-قورچاقلارنى ياساپ، ئۇنى «مۇئەككەل»، «تەڭرى» دەپ قاراپ شامان ئېتىقادىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە، چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ھەرخىل خىسلەتلىك، سېھرلىك مۇئەككەل-ئەۋلىيالاردىن تاشقىرى جادۇگەر، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، پېشانىسىدە بىرلا كۆزى بار غارايىپ تىلسىملىق مەخلۇقاتلار، «كۆيقاپ» تىكى «ئېرەمباغ» لارنى ماكان قىلغان غىلمان ھۆر-پەرىلەر..... نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېھرىي ئوبرازلار بولۇپ، تىگى-تەكتىنى ئالغاندا شامانىزملىق قاراشلاردىن تەرەققىي قىلىپ چىققان. قەدىمدە ۋادىسىمىز ئاھالىلىرى مانا شۇ سېھرىي ئوبرازلار نامىدا ھەر خىل شەكىللەردىكى ھەيكەل-قورچاقلارنى ياساپ، ئۇلارنىڭ «ياردەم» لىرىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان، بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى مانا شۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە دەپ قارىغان ھەيكەل-قورچاقلارغا باغلاشقان. بۇنداق ئىپتىدائىي ئىلاھى ھەيكەل-قورچاقچىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، روھىيەت تۇرمۇشى ۋە پۈتكۈل تارىخىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسى ھەم تۆرەلمىسى بولغان ئىلاھىي مەبۇدە قورچاقلارنىڭ دىنى ئېتىقاد بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى بۇ بەدىئىي سەنئەت خەزىنىسىنىڭ رېئاللىق بىلەن، خەلق قەلبى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرى بىلەن، تارىخنىڭ ھەشەمەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ چىنلىقى، بىۋاسىتىلىكى، جانلىقلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

هازىرغىچە ۋادىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش-تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىگە قارىغاندا، ۋادىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي شەھەر-قەلئە خارابىلىرى بىلەن قەدىمكى قەبرە-يادىكارلىقلاردىن يۇقىرىقىدەك ئېتىقاد-چوقۇنۇش مەقسىتىدە ياسالغان كۆپلىگەن مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلار تېپىلغان. مەسىلەن ، كۆنچى دەريا ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن، زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن، قومۇلدىكى يانبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن، جاسساڭ قەبرىستانلىقىدىن، كروران شەھىرى خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابە- ئىزلار، قەبرىستانلىقلاردىن، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى خارابىلىقلاردىن، توقسۇندىكى قاغىچاق قەبرىستانلىقى، يارغول قەدىمكى شەھرىدىن، يارغولدىكى قوش قەبرىستانلىقتىن، شۇنداقلا خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى تەۋەسىدىكى خارابىلىقلاردىن ئەنە شۇنداق قەدىمكى ئېتىقادىلارنى مەقسەت قىلىپ جىنسىي ئەزالىرى ئالاھىدە كۆپتۈرۈلۈپ ياسالغان مىڭلارچە مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلار تېپىلغان. تېرە، كىگىز، لاي، ياغاچ، كۆن- خروم ۋە تاشتىن ياسالغان بۇ مەبۇدە ھەيكەل- قورچاقلار ئەلۋەتتە خىلمۇ خىل مۇئەككەل-ئەۋلىيالارغا ۋە تەڭرى-ئىلاھلارغا ۋەكىللىك قىلغان. بۇ مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلارغا سېغىنغان، ئۇنى ئۇلۇغلىغان ۋە يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ۋادىمىز ئاھالىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىلاھى مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىلاھىي كۈچى بولىدۇ، ئىلاھىي كۈچى ئەڭ زور بولغان ئىلاھىي مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلار پۈتۈن جاھاننى تىزگىنلەپ، ھاياتلىقنى مەڭگۈ قوغداپ، دۇنياغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنداق مەبۇدە ئىلاھىي ھەيكەل-قورچاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال سياقىدا-ئايال ئوبرازىدا ھەتتا ھامىلدار ئايال ئوبرازىدا كۆپتۈرۈپ ياسالغان. بۇ ياغاچ ھەيكەللەردە كۆپتۈرۈش ۋاستىسى قوللىنىلىپ، ئادەم ھەيكىلىنىڭ قورساق قىسمى سېمىز، بەدەن شەكلى پاكار ئىشلەنگەن، ئەمچىكى يۇمىلاق تۇخۇمسىمان ھالەتتە ئويۇلغان، بۇ ھالەت شەك-شۈبھىسىزكى ھامىلدار ئايالنىڭ ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياغاچ ئويما ئادەم ھەيكەللىرىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، بۇ كۆرۈنۈشلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدە ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى چۈشىنىشىدۇر. ھامىلدار ئايالنىڭ ئوبرازىنى ئويۇپ تەقلىد قىلىش جەريانى ئارقىلىق، يېڭى ھاياتلىقنىڭ ئوڭۇشلۇق بىلەن بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. قىسقىسى، ھەرخىل شەكىل ۋە رەڭلەردىكى «سېھرىي كۈچكە ئىگە» ھەيكەل-قورچاقلار، بۇ ھەيكەل-قورچاقلارغا دائىر تۇرلۇك ئەپسانىلەر ۋە قەھرىمانىنىڭ

رىۋايەتلىرى يۇقىرىقىدەك دەسلەپكى ئېتىقاد-قاراشلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

### 4. تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى ھەيكەلتىراشلىقى

ئانا ۋادىسىمىز مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ھاياتىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى (8000-4000 يىللار ئىلگىرى) ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ئىلگىرىكىدەك توپ-پادىلارچە تۇرمۇش شەكلىدىن ئانا ئۇرۇقى-تۇنجى ئاتىلىق نەسلداشلىق جامائەسىگە ئۆتۈش بىلەن خارەكتىرلەنگەندى. دائىمىي تۇرار جاي، كوللېكتىپ ئەمگەك، ئوزۇق -تۈلۈكنىڭ بىر قەدەر زاپاس ساقلىنىشى، پائالىيەت رايونلىرى ۋە پائالىيەت تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشى، نەسىل كۆپەيتىش ئېھتىياجلىرىنىڭ جىددىي بېسىمى، يات جامائەلەر ۋە ئۇرۇقداش جامائەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قاتارلىقلار ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى شەكىللەندۈردى. ۋادىسىمىزدا ئۇزاق سوزۇلغان ئانا ئۇرۇقى (پاترىئارخاللىق) دەۋرى ئۆتۈق ۋە تەپەككۇر، ئېتىقاد ۋە سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشقا ئۇچمەس تۆھپە قوشتى. ئەڭ ئىپتىدائىي ئىسپىتنىڭ تەپەككۇر ۋە مەنتىقى تەپەككۇر ئۆز قۇدرىتىنى ماددىي ھايات ساھەسىدىلا ئەمەس، يەنە مەنىۋى ھايات ساھەسىدىمۇ يەنى، ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ساھەسىدىمۇ نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئاددىي ھېسابات ۋە ئاددىي بەلگە، تامغا، مونچاق، تەسۋىرىي شەكىلدىكى تىزىق تاش، سۆڭەكلەر بىلەن ئاددىي ئىرۇگېلىفلىق بەلگە-تامغىلار، مۇقەددەس ئانا-ئوماي نامىدىكى (سىياقدىكى) ھەيكەل-قورچاقلار مەيدانغا كەلدى. مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك ئۈندۈرمىلىرى مۇشۇ دەۋردە -دەل مۇشۇ ئۇلۇغ پەيدا بولۇش-كېلىپ چىقىش دەۋرىدە ئوچۇق ياكى ئۈندۈرمە ھالەتتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئانا ئۇرۇقى دەۋرىدىكى ۋادىسىمىز ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىنىك، مىللىيەتلىك ، ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەدەنىيەت تېپىنى پەرۋىش قىلغان ئۇلۇغ ئوماي-مۇقەددەس ئانا قارنى بولدى. ئەجدادلارنىڭ ئانا ۋە ئايال ئوبرازىغا بولغان ھۆرمىتى، ئايالنىقنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئۇلارنىڭ ئادەت ۋە ئېتىقادلىرىدا تاش، ياغاچ، كىگىز، لايدىن ياسالغان تۈرلۈك ھەيكەل-قورچاقلار ئوبرازلىرىدا ھەر تەرەپلىمە گەۋدىلەندى.

ئەلۋەتتە، مەبۇد قورچاقلار ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى دەۋرىدە شەكىللەنگەن سېھىرلىك يەنە بىر خىل تەسۋىرىي سەنئەت-ھەيكەلتىراشلىق ئۈندۈرمىسى تەرزىدە مەيدانغا كەلگەندى. مىلادىيەدىن 4000-2000 يىل ئىلگىرىكى يىللار ئارىسىدا داۋام قىلغان يېڭى تاش قورال ۋە برونزا دەۋرىدىلا ئىلاھىي تېۋىنىش ئوبيېكتلىرىنى ناتۇرال ياكى كۆپتۈرۈلگەن ھالەتتىكى قورچاق ياكى ھەيكەل شەكلىگە كىرگۈزۈش پائالىيەتلىرى بارلىققا كەلگەن. مەلۇم مەنىدە مۇشۇ دەۋرگە تەئەللۇق كروران گۈزىلى قەبرىسىدىن تېپىلغان 4000 يىللىق ياغاچ قورچاقنى، گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3800 يىللىق ياغاچ ھەيكەلنى، لوپنۇر 5-نومۇرلۇق قەبرىسىدىن تېپىلغان 3700 يىللىق ياغاچ ھەيكەلنى، قومۇلدىكى يانبۇلاق قەبرىسىدىن تېپىلغان ئاز كەم 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە ھەيكەللەرنى ھەمدە تۇرپاندىكى ياڭخى، سۇ بېشى، توقسۇندىكى قاغىچاق، ئۈرۈمچىدىكى ئالغۇچ، ئۇلانباي، موردىكى سىداۋگۇ، چېچەكزى قاتارلىق سۇ بېشى مەدەنىيىتى چەمبىرىكى دائىرىسىدىن تېپىلغان 3700-2500 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس ھەيكەل-قورچاقلارنى ھازىرغىچە ۋادىسىمىزدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى ئىلاھىيەت ھەيكىلى نەمۇنىلىرى دېيىش مۇمكىن. ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى ھەرقايسى ئۇرۇقداش قەبىلىلەردە بارغانسېرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن ئەپسانە (مىف)، ھېكايەتلەر بىلەن مەبۇد ھەيكەل-قورچاق ئوبرازىنى ئىشلەپچىقىرىش مانا مۇشۇ ساپال ۋە برونزا بىللە ئىشلىتىلگەن يىراق زامانلارنىڭ مەھسۇلى بولدى. لاي، تېرە، كىگىز، ياغاچ، تاش ۋە برونزىدىن ياسالغان نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ھەيكەل نەمۇنىلىرى مانا مۇشۇ مۆجىزدار دەۋردە-يېڭى تاش قۇرال ۋە برونزا قوراللىرى دەۋرىدە مەيدانغا كەلدى.⑦

ھازىرغىچە تۇرپاننى مەركەز قىلغان «سۇ بېشى مەدەنىيىتى تىپى» چەمبىرىكى دائىرىسىدە يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش-تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان يارغولدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرى ئىزى، قارا غوجا ئىزى، توقسۇندىكى ھۆممە بۇلاق، قاغىچاق، پىچان ناھىيەسىدىكى دىغار، قىزىلقۇم، ياڭخى ئاسقىلىق مەھەللە، ئاقتېرەك قاتارلىق جايلاردىكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرگە خاس خارابە، ئىز، قەبرىلەر، يارغول قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقى، سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئۈرۈمچىدىكى ئالغۇي قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئۇلانباي سۇ ئامبىرى قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئالغۇي، ئۆۋرغول قەدىمكى قەبرىستانلىقى، يەنە ئۈرۈمچى رايونى تەۋەسىدىكى دۆڭخابا قەدىمكى شەھىرى ۋە ۋېيزىگەي قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، شىخابا بويى، فاڭجياۋگۇ شىمالىي ئېغىزى، ۋېيزىگەي كەنتى، ۋاڭجىيا جاڭزا كەنتىدىكى ماشەن، سەيۋوپۇ كۆلى ئەتراپى قاتارلىق جايلاردىكى قەبرىستانلىقلار، مورى

www.uyghurkitap.com



ناھىيەسىدىكى سىداۋگو (تۆت يول جىلغىسى)، مىچۇەندىكى داساۋتەن، گۇچۇڭدىكى بەنجىيىگۇ ۋە جىمسار، مىچۇەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان يۈزلەرچە خارابە، ئىز، قەبرىلەردىن تېپىلغان تاش، ياغاچ، لاي، كىگىزلەردىن ياسالغان تۈرلۈك شەكىللەردىكى ھەيكەل-قورچاقلار تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى ھەيكەل-قورچاق سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەق ماددىي يادىكارلىق نەمۇنىلىرىدۇر.
يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن جايلاردىن تېپىلغان ھەيكەل-قورچاقلار تۈرلۈك ئىلاھ-مۇئەككەل، مەبۇدە مەنىسىدە ياسىلىپ، ئېتىقاد-تېۋىنىش ئادىتىنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئانا ۋە ئايال ئوبرازىغا بولغان ھۆرمىتى، ئاياللىقنى ئىلاھلاشتۇرۇشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنداق مەبۇدە ئىلاھىي ھەيكەل-قورچاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال سىياقىدا-ئانا ئوبرازىدا ھەتتا ھامىلدار ئايال ئوبرازىدا كۆپتۈرۈپ ياسالغان.⑧

يۇقىرىقىدەك جىنسىي تېۋىنىش-ئەر-ئايال جىنسىغا چوقۇنۇش ۋە ھۆرمەت قىلىش مانا مۇشۇ دەۋر بىلەن ئوخشاش مەزگىلدە يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3500–2000-يىللاردىكى تۇرپان سۇ بېشى مەدەنىيىتىگە خاس قۇتۇپى ناھىيەسىدىكى قىزىلتاشقا چېكىلگەن جىنسىي تېۋىنىش مۇراسىم كۆرۈنۈشىدە ئالەمشۇمۇل ماتېرىيال قىممىتىنى ياراتقان ⑨. 120 كۋادىرات مېتىر ھەجىمدە نەچچە يۈزلىگەن چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايالنىڭ ھەرخىل ئۇسسۇللۇق قىياپەتتىكى جىنسىي تېۋىنىش مۇراسىم كۆرۈنۈشى ماددىي بايلىقلارنى كۆپەيتىش بىلەن بىللە، ئۇرۇقداشلىق نوپۇسىنى كۆپەيتىش تەقەززاسىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تارىخى مۇقەررەرلىكىنى ۋە بۇ مەزمۇنىدا ئىپلىپ بېرىلغان جىنسىي تېۋىنىش ئۇسسۇللۇق پائالىيىتىنى ئەڭ تىپىك ئىپادىلىگەن. ھەتتا ئەرلەرنىڭ قايىم بولغان زەركەرلىرىنىڭ ئاياللارغا تەڭلەنگەنلىكى، كىچىك باللار پەيدا بولغانلىقى، جىنسىي مۇناسىۋەتلەر كۆرۈنۈشى ..... قاتارلىقلار جىنسىي تېۋىنىشتىن مەقسەت ئەۋلاد تەلەپ قىلىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان.

يۇقىرىقىدەك ئەر-ئايال جىنسىي ئەزالىرىغا تېۋىنىش، چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشكە دائىر ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار تۇرپان سۇ بېشى مەدەنىيىتىگە خاس مورى ناھىيەسىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە تۆت يول جىلغىسى (سىداۋگۇ) خارابىلىقىدىنمۇ تېپىلدى. جىنسىي تېۋىنىشقا دائىر قىيا تاش رەسىملىرى، قەبرە-يادىكارلىقلاردىن چىققان بۇ مەزمۇندىكى ھەيكەل-قورچاقلار بىلەن ئوخشاش دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان مورىدىكى بۇ 4000–3500 يىللىق تارىخىي يادىكارلىق- تاشتىن ياسالغان ئەر-ئايال جىنسىي ئەزاسىدىن ئىبارەت ⑩. بۇلار تاشتىن ناھايىتى ئوخشىتىپ ياسالغان بەش دانە ئەر جىنسى ئەزاسى (زەكەر)، ئۈچ دانە ئاياللىق جىنسى ئەزاسى (ئەۋرەت) بولۇپ ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان كۆپىيىشنى، ئەۋلاد قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ ياسالغانلىقى ئېنىق. بۇنداق ئانىلىق ئېتىقادى ۋە تۇغۇتنى مۇقەددەس بىلىش مەزمۇن قىلىنغان ھەيكەللەر تۇرپاننىڭ شەرقىتىكى قوشنىسى بولغان قومۇلدىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئەتكەن، مەسىلەن ، 1989-يىلى قومۇل ۋىلايىتى بارىكۆل ناھىيەسى جاساڭ قۇم جىلغىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىگاھلاردىن ئۈلگەن ئايالنىڭ ئىككى كۆكسىگە بىر چوڭ، بىر كىچىكرەك ئىككى برونزا ھەيكەلنىڭ قويۇلغانلىقى، بۇ ھەيكەلنىڭ قورساق قىسمى ئالاھىدە كۆپتۈرۈلگەنلىكى (3-رەسىمگە قاراڭ) ، ئۇ قوش بالىغا ھامىلدار بولغان ياش ئايال جەستى بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان «ئوماي ئانا» ئوبرازى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىپادە قىلىنغان⑪.

تۇرپان ۋادىسى ئاھالىلىرى ئارىسىدا شامان ھەيكەل-قورچاقلىرىغا چوقۇنۇش بىلەن بىللە، يەنە ئايال جىنسىغا بولغان ھۆرمەت ئانا ئورۇقى دەۋرىدە شەكىللىنىپ بارغانسېرى سېھىرلىك خاراكتېر ئېلىشقا باشلىدى. تۇرپاننى مەركەز قىلغان سۇ بېشى مەدەنىيىتىگە خاس كۆپلىگەن قىيا رەسىملىرى بىلەن قەدىمكى قەبرە-يادىكارلىقلىرىدىن ياغاچ، لاي، كىگىز، تاش ھەيكەل-قورچاق شەكلىدىكى ئايال ئوبرازلىرى چىققان. بەزى قەدىمكى ئۇرۇق-قەبىلىلەر ھاياتىدا ئۆلارنىڭ ياغاچ ۋە سۆڭەكتىن ئايال ئوبرازىدىكى ھەيكەل-قونچاقلار ياساپ ئۇلارغا چوقۇنۇش ئادىتى ساقلانغان. مۇنداق چوڭ ئايال ئوبرازلىرى ئۆلگەن پېشقەدەملەرنىڭ نامىغا ئاتالغان، تولا ھاللاردا ئۇنى قىزلار ئۆز يانلىرىدا ئېلىپ يۈرگەن. جان چاچىتا، دەپ قارالغاچقا قورچاقنىڭ قولىقىغا تۆشۈك تېشىپ چاچ تىقىپ قويۇشقان. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۆلمەس روھ شۇ يەردە ياشاپ ھامىيلىق تەسىرىنى كۆرستىدۇ ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت بولغان. ھەتتا بەزى قەدىمكى قەبىلىلەردە بىر تېرە قاپچۇقىغا كىگىزدىن ياسالغان ئايالچە قورچاقنى سېلىپ ساقلاش، قورچاق قولىقىغا ئۆلگۈچىنىڭ چېچىدىن سېلىپ قويۇش، تاماق ۋاقتىدا قورچاقنىڭ ئاغزىغا گۆش سۈركەپ قويۇش ئادىتى بولغانلىقى مەلۇم.

شۇنى تىلغا ئېلىش هاجەتكى، تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى قەبرە يادىكارلىقلىرى بىلەن تۇرلۇك مەزمۇندىكى هەيكەل-قورچاق دەپنە بۇيۇملىرى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ۋە ئادەت-ئېتىقادنىڭ بىر پارچە ئەينىكى سۈپىتىدە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قەبرە يادىكارلىقلىرى هەرگىزمۇ ئارخېئولوگىيىلىك مەقسەتلەرنى كۆزلەپ كۆمۈلگەن ئەمەس، ئەلۋەتتە. تۇرپان ۋادىسىدىكى قەدىمكى شەهەر-قەلئە خارابىلىرى بىلەن ئىپتىدائىي قەبرە-يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان يۈزلەرچە مەبۇدە ئىلاهىي هەيكەل-قورچاقلار دەل قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئېتىقاد قاراشلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن ، ئۈلگۈچىنى قىزىل تۇپراق (گىل) بىلەن ئوراپ كۆمۈشتە ئۇ قايتا تىرىلگەندە قان بولۇش نەزەردە تۇتۇلغان. ئايال جەسەتكە ئۇ ياش بولسا هەرخىل زىبۇ-زىننەتلەر، ياشانغان بولسا تەسۋى تۇتقۇزۇلغان. يىگىتنىڭ جەستى بولسا سىلىقلىغۇچى تاش، جەڭچىنىڭ جەستى بولسا كۆكرىكىگە قالقان، ئايىقىغا نەيزە ۋە ئات ئۇستىخىنى قويۇلغان. بۇ ئەينى زاماندىكى قايتا تىرىلىش ئەقىدىسىگە ئالاقدار ئىدى. بارىكۆل ناهىيىسىنىڭ تاغ باغرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ بىرىدىن چاچ خالتىسىغا سېلىنغان ئايال ئۆرىمە چېچى، تۇچ كۆرگۈ (ئەينەك) بىلەن ئىككى كۆكرىكىگە ئىككى پارچە قورساق قىسمى كۆپتۈرۈلۈپ قويۇلغان تۇچ «ئومای ئانا» سىمۋولىدىكى كىچىك هەيكەل قۇيۇلغان ئايال جەستى چىققان. بۇ قىزىل تۇپراق، ئومای ئانا ئوبرازى، چاچ ۋە كۆرگۈ بىزگە بۇ ئايالنىڭ قوشكېزەك پەرزەنت هامىلدار بولۇپ قازا قىلغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى، ئۇنىڭغا قايتا تىرىلىش ۋە هۆسن تۈزەش ئۈمىدى بېغىشلانغانىدى. مورى ناهىيىسىدىكى بىر قىزىل تۇپراق ئىچىگە كۆمۈلگەن جەسەتنىڭ بېشىغا بۆرە بېشى (سۆڭەك بولۇپ قالغان)، بىر يانغا ئوقيا، بىر يانغا ئىرغاي باغچىنى ياپىلاقلاپ ئېگىپ ياسىغان ئات ئۆزەڭگىسى قويۇلغان. بۇ چەۋەنداز ئەركەكنىڭ جەستى ئىدى. يەنە بەزى قەبرىلەردىكى جەسەتلەر يېنىغا مەبۇدە سىياقىدىكى ئىلاهىي هەيكەل-قورچاقلار قويۇلغان، بۇ ئۇنىڭ ئېتىقادى ۋە ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن.

هازىرغىچە تۇرپان ۋادىسىدىن بايقالغان تۇرلۇك قىياپەتتىكى ياغاچ ئويما هەيكەللەر ئىچىدە ئەر سىياقىدىكىلىرىمۇ، ئايال سىياقىدىكىلىرىمۇ بار. مەسىلەن ، يارغول شەهىرىنىڭ شىمالىدىكى قوش ئاقسۆڭەكلىرى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تۆت دانە ياغاچ ئادەم هەيكەللىرىنى مىسال ئالساق، بۇ هەيكەللەر يۇملاق ياغاچنى ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشىمىغان هەجىمدە كېسىپ، ئاندىن ئۆتكۈر تاش ۋە مېتال قوراللار بىلەن ئۇنىڭغا يۈز، كۆز، بۇرۇن، قولاق، ئېغىز چىقىرىپ ئادەم شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن پۇت ۋە قول ئىزناسىنى چىقىرىش ئارقىلىق ياسالغان. ئەر سىياقىدىكى هەيكەللەر سەل توم، گەۋدىلىك، قاۋۇل هەم بەستىلىك سىياقتا ياسالسا، ئايال سىياقىدىكى هەيكەللەر سەل زىلۋا، يۈز-كۆزى چىرايلىق هەم نازاكەتلىك ياسالغان هەمدە مەڭزى بىلەن كالپۇكى قىزىل رەڭ (مىنېرال بوياق) بىلەن بويالغان.

توقسۇن ناهىيىسىنىڭ توتەي يېزىسى قاغىچاق كەنتىگە جايلاشقان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000-700-يىللارغا خاس قاغىچاق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىنمۇ يوقۇرىدىكىگە ئوخشايدىغان ياغاچ ئويما ئادەم هەيكىلى تېپىلغان⑫. بۇ هەيكەللەرمۇ ياغاچنى كېسىپ، ئويۇپ، ئاددىي تېخنىكا بىلەن ئادەم شەكلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدا ياسالغان ⑬. تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جىلغىغا يەنى توقسۇن ناهىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 700-200-يىللارغا خاس ئالغۇي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىنمۇ مىس، تۆمۈر، ياغاچ، ئالتۇن كۆمۈش ، سىرلانغان بۇيۇم ۋە نەپىس يىپەك توقۇلمىلار قاتارىدا ياغاچتىن ياسالغان كىچىك هەيكەل-قورچاقلار تېپىلغان. بولۇپمۇ بۇ جايدىن تېپىلغان بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى مىس بۇيۇملار ۋە يولۋاس قاتارلىق هايۋانلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن-كۆمۈش بۇيۇملار ئالاهىدە ئورۇندا تۇرىدۇ ⑭.

پىچان ناهىيىسىدىكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500-يىللارغا توغرا كېلىدىغان ياڭخى قەبرىستانلىقىدىكى 2 :M2063 نومۇرلۇق قەبرىدىنمۇ سۆڭەكلىك ياغاچتىن، ئىنتى لايدىن ياسالغان بىر دانە هەيكەل تېپىلدى. بۇ هەيكەل ئەسلىدىكى تومراق يۇلغۇن ياغىچىدىن سۆڭەك (يەنى ئىسكىلىت) ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لايدىن ئەت (گۆش) ياساپ چاپلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قاش-كۆز، ئېغىز-بۇرۇن چىقىرىپ «ئادەم» شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ هەيكەلنىڭ يۈز قىسمى ياپىلاق هەم تەكشى بولۇپ، ئۈستى كەڭ، ئاستى ئوچۇق كەلگەن تەتۈر سوقىچاق شەكىللىك، قېشى ئىنچىكە، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزى ۋە ئاغزى سەل يۇمۇلغان، يۈزىنىڭ كەڭلىكى 8.16 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 15.2 سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ .

تۇرپاننى مەركەز قىلغان قەدىمكى سۇ بېشى مەدەنىيىتى چەمبىرىكى دائىرىسىدىن بايقالغان بەزى ياغاچ ئويما ئادەم هەيكىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئەر-ئاياللىق جىنسى ئەزاسىنى كۆپتۈرۈپ ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇچىسىغا كىيىم كىيدۈرگەن، بەزى ياغاچ ئويما ئادەم ھەيكەلنىڭ قىياپىتى ۋە شەكلى راست ئادەملەر بىلەن سەل-پەل ئوخشاش، يۈزىدە شەكىل قىياپەت ئىپادىلەنگەن، شەكىلدىن زىرەكلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتىچە، بۇ تىپتىكى ئادەم شەكىللىك ئويما ھەيكەل، ياۋروپادا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان، غەربىي ئاسىيا، ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى تارىختىن بۇرۇنقى قەدىمكى ئىزلاردىمۇ كۆپ كۆرۈلگەن. بۇ خىل ئويما ھەيكەللەر روھ-ئەرۋاھقا ئىشەنگەنلىكنىڭ مەھسۇلى، ئىنسانلار روھنىڭ ماددىيلاشتۇرۇلىشىدۇر. بارلىق شەيئىلەرنىڭ روھى بولغانلىقتىن، تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلار ، پەقەت ئوخشاش بولمىغان سۈپەت، بەدەن شەكلىدىكى ئادەم ھەيكەللىرىنىمۇ ياساپ ئويۇپ چىققان. ئافرىقا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم جايلاردا، كىشىلەر ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ «مۇمىيا » لىرىنى ياسىغان، بۇ «مۇمىيا » لارنىڭ ھەممىسىدە روھ بولاتتى. تارىختىن بۇرۇنقى جەمئىيەتتە بۇ خىل ئادەم شەكلىدىكى ئويما ھەيكەللەر بىلەن ئادەمنىڭ «مۇمىيا » سى مەلۇم جەھەتلەردە ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى (15.)

ۋادىمىزدىكى لوپنۇر، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردىن بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى مەبۇدە-ئىلاھىي ئوبراز شەكىللىك ئويما ھەيكەللەر بىلەن شامان دىنىدىكى ئىلاھىي قورچاقنىڭ ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋىتى بار. شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدا بولسا تارىختىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي دىن شامان دىنى ئىدى. ئەرۋاھ ‹روھ›نى سىمۋول قىلغان ئىلاھىي قورچاققا چوقۇنۇش شامان دىنىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئومۇميۈزلۈك بىر خىل ئېتىقادى. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردە، كىشىلەر ياغاچ، تېرە، گەزمال، ئۇستىخان، كۆن-خۇرۇم قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، ھەرخىل ئىلاھىي قورچاقلارنى ياسىغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئادەم شەكىللىك ئىلاھىي قورچاقلارمۇ، ھايۋانات شەكىللىك ئىلاھى قورچاقلارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەبىئىي قىياپەتتىكى ئىلاھىي قورچاقلىرىمۇ بار. ئوخشاش بولمىغان ئىلاھىي قورچاقلىرىمۇ بار. ئوخشاش بولمىغان ئىلاھىي قورچاقلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىلاھىي كۈچى بولىدۇ، ئىلاھىي كۈچى ئەڭ زور بولغان ئىلاھىي قورچاق پۈتۈن جاھاننى تىزگىنلەپ، ھاياتلىقنى مەڭگۈ قوغداپ، دۇنياغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئەڭ ئومۇملاشقىنى ئۆزىنى قوغدايدىغان ئىلاھىي تۇمار قورچاق بولۇپ، «ئېچخې» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ يىراقلارغا سەپەر قىلسا، كىشىلەر يولدىن ئېزىپ قالمايدىكەن. ئاغرىق-سىلاقتىن ساقلايدىكەن. زەھەرلىك ھاشارەت ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا ئۇچرىغاندا ياردەم قىلىپ قوغدايدىكەن (16.) ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە يەنى شامان دىنى راسا گۈللەنگەن مەزگىللەردە نەزىر-چىراغ قىلغانكى ئىلاھىي قورچاق شامان دىنىدىكى ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان دىنىي پائالىيەت بولغان ئىكەن. ھەر بىر ئائىلە ھەر بىر كىشى ئىلاھىيەت قورچىقى بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىرگە بولۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆلگۈچە ئىلاھىي قورچىقىغا بولغان چوقۇنۇشنى توختىتىپ قويمايدىكەن. تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى تاش، ياغاچ، لايدىن ياسالغان ھەرخىل ئادەم شەكىللىك ھەيكەل-قورچاقلىرى بىلەن ھەرخىل مەبۇدە ئويما ھەيكەللىرى شامان دىنىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىر خىل ئىلاھىي قورچاق ‹ھەيكەل›لىرى بولۇشى مۇمكىن، كېيىنكى شامان دىنىدىكى خىلمۇخىل ئىلاھىي قورچاقلاردا ئادەم سىياقىدىكى ئىلاھىي قورچاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەرخىل ئادەملىك خىسلەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ، ئىقتىدارى ئاددىي، ئىلاھىي كۈچى چەكلىك بولغانىكەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن جەمئىيەت قاتلاملارغا بۆلۈنۈپ، تېخىمۇ كۆپ تۈردىكى ئىلاھىي قورچاقلار تەدرىجىي بۆلۈنۈپ چىقىشقا باشلىغان. ئىلاھىي قورچاقلارنىڭ ئىقتىدارىمۇ كۆپ خىللىشىپ، ئىلاھىي قورچاقلىرىنىڭ كۈچىمۇ ئۆزلۈكسىز كېڭەيگەن (17 .) قەدىمكى تۇرپان ۋادىسى ئاھالىلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرى قوش-غۇز-قاڭقىللار تېخى بىر قەدەر ساددا ھالەتتە ياشاۋاتقاندا-ئۇلار تېخى ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندا يۇقىرىقىلاردەك بىر قەدەر ساددا شەكىل ئالغان تاش، ياغاچ، لاي، تېرە، كىگىز مەبۇدە ئىلاھىي ھەيكەل-قورچاقلارنى ياساپ دەسلەپكى تەپەككۇر ۋە روھىي ھادىسىلىرىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. بۇنداق ئىپتىدائىي ھەيكەل-قورچاقلار ئەجدادلار ھاياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئاپىرىدە بولغاندا ئۇ ھەرگىزمۇ ئويۇن-تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش ياكى بەدىئىي ھۇزۇر ئېلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى زۆرۈرىيەت ئالىمدە-قاراڭغۇلۇق، ياۋايىلىق، نادانلىق ھاياتىدا ياشاۋاتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى جامائەلىشىش تەشكىللىي ۋاستىسى، تۇرمۇشقا يېتەكچى ئالەم ۋە روھىيەت قاراشلىرى، كوللېكتىپ مۇراسىملىق ئېتىقاد-چوقۇنۇش، سىغىنىش شەكلى، ئۇرۇق-قەبىلە-مىللەتنىڭ ئېتىنىك رىجە-قائىدىلىرىنىڭ دائىمىي قورالى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇنداق دەسلەپكى تەپەككۇر ۋە روھىي ھادىسىلەرنى ئىپادىلىگەن ئىپتىدائىي مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلار

ئەينى زامانلاردا ياكى كېيىنكى رەسمىي بەدىئىي سەنئەت شەكلىگە كىرگەن چاغلاردا بولسۇن، يەنىلا ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئەزالىرىنى تەربىيىلەيدىغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ھارارەتلىك زېمىن تۇرپان ۋادىسىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ فولكلورلاشقان ئېتىنىك سەنئەت ئامىللىرى بىلەن بىر گەۋدە ھاسىل قىلغان ھەمدە پەيدىنپەي نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىش بىلەن كېيىنكى دەۋر ھەيكەلتىراشلىقىغا ئۇل سالغان. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىلاھىي ھەيكەل-قورچاقلار ئەمەلىيەتتە كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن غار-ئۆڭكۈر سىزمىلىرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ راۋاجى ھەم داۋامى ئىدى. چۈنكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەپەككۇر روھىيىتىنى نەق ماددىي يادىكارلىقى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلۈك تارىخ-يەنى ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇر-ئىنفورماتسىيە بولغان قىيا تاش رەسىملىرىگە ئۇلۇشۇپلا بوستانلىق مەدەنىيىتى روھىي تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ھەيكەل-قورچاقلار مەيدانغا كەلگەن. ھازىرغىچە ۋادىمىزدىن بايقالغان كۆرمىگەلغان سان-ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرىدىن بىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋردىكى ئەجدادلار نەزىرىدىكى ھايۋانلار تۈركۈملىرىنىڭ ھەرخىل قىياپەتلىرىنى، تاش ۋە ئوقيا قوراللارنى، نىقابلىق ۋە ئوچۇق ئوۋچىلىق كۆرۈنۈشنى، كۆندۈرۈلگەن تايغان ئىت، دەسلەپكى قاڭقا (ھارۋا)، قەبىلە ئۇرۇشلىرى، ئاتقا مىنىشنى بىلىش، شامانىنىڭ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلىرى، قوياش ئېتىقادى بىلەن نەسىل كۆپەيتىش يولىدىكى جىنسىي ئېتىقاد مۇراسىملىرىنىڭ كوللېكتىپ كۆرۈنۈشلىرى، بىر ياكى كۆپ كىشىلىك ئۇسسۇللۇق ۋە موللاق ئېتىشىپ سېھرىي ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھالەتلەرنى، ھەرخىل تامغا ۋە ھەرپ شەكىللىك قېلىپلىشىۋاتقان بەلگە سىزىقلىرىنى، دەسلەپكى گېئومېتىرلىك شەكىللەرنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ تاللانغان قىيا تاشلارغا شۇنچە قىيىن ھەم مۇشكۈللۈكتە چېكىپ ئىشلەنگەن بۇ قىيا رەسىملىرى ئەينى زامانىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئاكتۇئال ۋە مۇقەددەس مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن. بۇ مەزمۇنلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تېرە، كىگىز، لاي، ياغاچ، تاش، گەچ قاتارلىق ماتېرىياللارنى ۋاستە قىلىپ ياسالغان ئىپتىدائىي ئىلاھىي مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنداق ھەيكەل-قورچاقلار قىيا تاشلاردىكى يۇقىرىدىكى ئېتنىك، فولكلورلۇق ئالامەتلەرنى ئۆزگە يىلتىز ۋە ئۇل قىلغان. ۋادىسىمىز قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن ئىپتىدائىي ھەيكەل-قورچاقلىرى ئۆزىنىڭ كۆپ تەسىرلىك تارىخىي ئېقىمىدا ئۆزىنىڭ گېنىزىسىنى باشتىن-ئاياق ساقلىغان، ھەيكەل-قورچاقلار بولسا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان قىيا تاش رەسىملىرىدىكى فولكلورلۇق ئالامەتلەرنى ئۆزگە ئېتنىك مەنبە، تامغا، ئەنداز، تۇخۇم ۋە «گېن» قىلغان، ئىلگىرىكى ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن روھىيەت تامغىلىرى ئىزىدا راۋاجلانغان. مۇشۇ مەنىدىن بىز ۋادىسىمىزدا ئەڭ دەسلەپ ئاپىرىدە بولغان ئىپتىدائىي ھەيكەلتىراشلىق نەمۇنىلىرىنى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، دەپ قارايمىز.

تاش قوراللار دەۋرىدىلا سۇ بېشى مەدەنىيىتى چەمبىرىكىنى شەكىللەندۈرگەن ھارارەتلىك زېمىن تۇرپان ۋادىسى ئەڭ قەدىمكى ھەيكەل-قورچاق سەنئىتى ئوچاقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن غوز-قاڭقىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداد-ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز روھىيىتىنى ئىپادىلىگەن مۇنداق ئوبرازلىق بەدىئىي سەنئەت ئۇچۇر-تامغىلىرى بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئالامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئەقلىي، ئىجادىي تەسەۋۋۇر سەۋىيىسى، روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئۇلارنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەرقانداق مەنىۋى ئىپادە-ئىپادە قىلىنغان مەزمۇن بىلەن مۇنداق مەنىۋى مەزمۇننىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە مۇنداق مەنىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكلىرى-شەرت ۋە سەۋىيىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئىپادىلەشمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشتەك كۆپ قىرلىق ئۇچۇردۇر.

بۇ زېمىندا ئەجداد-ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن تۇرپان ۋادىسى ئاھالىلىرىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق قاتارلىق بارلىق ئىپتىدائىي سەنئەت يادىكارلىقلىرى ئۇلارنىڭ باياشاتلىقى، ئېشىنغانلىقى ياكى تۇغما سەنئەتخۇمارلىقىنى پىشاڭ قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. ئۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي روھىيىتىدىكى زۇرۇر، دەخلىسىز، ئەڭ ئالىي، مۇقەددەس مەنىۋى ئېتىقادلىرىنى پىشاڭ قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن. ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەدەن قىياپىتى، ئاۋاز ساداسى، قىياتاش، تاش، ياغاچ ياكى مېتال بويۇمنى ۋاستە قىلىپ ياسىغان مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلىرىدەك مۇنداق مۇقەددەس تامغىلىرىنى مۇنەۋۋەر ھاسىلات سۈپەت دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن، خالاس. ۋەھالەنكى، ئىپتىدائىي رېئال تۇرمۇش بىلەن ئىپتىدائىي رېئال ئېتىقادنىڭ ئۇشبۇ ئوبرازلىق تامغىلىرىنى بىز تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئىپتىدائىي ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، دېيىشكە ھەقلىقمىز.

www.uyghurkitap.com



يېڭى تاشقۇرال ۋە برونزا دەۋرىدىن ئىبارەت مۇشۇ مۆجىزىدار دەۋردە مەيدانغا كەلگەن تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئىلاھىي-مەبۇدە ھەيكەل-قورچاقلىرىغا قىياتاش رەسىملىرىدىكى دىنىي ۋە روھىي قاراشلار ھادىسىلىرى ھامىلە بولدى، يىلتىز بولدى. مۇنداق سان-ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرى ھارارەتلىك تۇرپان ۋادىسىنى ئوراپ تۇرغان تەڭرىتاغلىرى، قۇرۇم-قارام قۇرۇم ۋە ئالتۇنتاغلىرى، كۆكئارت ۋە ئالتاي تاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى «ئىنسانىيەت يولى» دەپ ئاتالغان ئەڭ ئىپتىدائىي ھايات ۋە قاتناش مەركەزلىرىدە ئىپتىدائىي ھەيكەل-قورچاقلار بىلەن بىر سىستېما ھاسىل قىلغان.

### *5.تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى بالباللار (تاش ئادەم ھەيكەللىرى)*

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش-تەكشۈرۈشلەر بۇ جايدىكى بالبالچىلىق يەنى تاش ئادەم ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى ياراتقان يەنە بىر مۇھىم ئۇتۇقى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇنداق بالباللار يەنى تاش ئادەم ھەيكەللىرى ئاسىيا يايلىقىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق جەھەتتىكى ئالاھىدە بەدىئىي سەنئەت يادىكارلىقى بولۇپ، ھازىرغىچە ۋادىسىمىز دائىرىسىدىن 300 پارچىگە يېقىن بالبال ھەيكەل ئېنىقلانغان . بالباللار مىلادىيەدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى يىللاردىن تاكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە قەسىرلىرى كۆچمە خانلىق بارگاھلىرى ئورنىنى باسقۇچە بولغان ئۇزاق تارىخىي مەزگىل ئىچىدە، تارىخنىڭ مۇھىم يادىكارلىقى بولۇپ خىزمەت قىلدى. بالباللار جەڭ مەيدانلىرىدىكى غەلىبىنى تەبرىكلەش، كۆچمە خانلىق ياكى قەبىلە ئىتتىپاقى بارگاھلىرى ئالدىغا خاتىرە ھەيكىلى ئورنىدا بىكىتىش، شۇنىڭدەك مەشھۇر قەبرىگاھلىقلار ئالدىغا قويۇش قاتارلىق ئوخشىمىغان مەقسەتلەر ۋە مەزمۇنلاردا ياسالغان بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ھالدا تاش قەبرىلەر ئالدىغا بېكىتىلگەن ئوبرازلىق ئابىدە، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

مىلادىيەدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئالتاي، غەربىي جەنۇبىي سىبىرىيەدە قوزۇق شەكلىدىكى قەدىمكى بالباللار مەيدانغا كەلگەن. مۇنداق بالباللار ئوبرازى تاشنىڭ يۇمىلاقلىقىغا بېقىنغان ھالدا، يۇمىلاق يۈز، چوڭ-چوڭ كۆز، قېلىن قاپاق، تۈز بۇرۇن قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، بەدەن ئەزالىرى ئويۇپ (كۆپتۈرۈپ ئەمەس) سىزىلغان سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ چاغدا مۇنداق ھەيكەللەر يۈزى ئوچۇق بولماستىن، يەنە ئېلىشۋەتكىلى بولىدىغان نىقاب بىلەن ئورالغان. بۇ نىقابلارغا بۆرە، يولۋاس (ئارسلان)، تۆگە (بۇغرا) ۋە قوي، كالا، ئوبرازلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى مىلادىيەدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يۇقىرىدىكى قوزۇق شەكىللىك بالباللار نىقابسىز قوللىنىلىدىغان ھالەت كۆرۈلدى. بۇ، تاغ-جىلغا مەدەنىيىتىدىن يايلاق مەدەنىيىتىگە كۆچۈش جەريانىدىكى تونېملىق ئىلاھىي قاراشلاردا مۇئەييەن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتى. بۇ بالباللارنىڭ ھەر ئىككى خىل ھالىتى بالبالدا باش قىسمىنى ئىمكانقەدەر روشەن ئىپادىلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقاندى. بۇ خىل بالباللار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅳ ئەسىرگىچە ساقلانغان (18).

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، نىقابلىق ۋە نىقابسىز قېقلما بالباللار دەۋرىدىمۇ سىلىق تاشتىن ھەيكەل ۋە مەبۇدە قورچاقلار ئىشلەش ئادىتى ئۈزۈلگەن ئەمەس. 1887-يىلى فىنلاندىيىلىك ئاسىلىن دىڭلىڭلار يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس قارارگاھى بولغان جەنۇبىي سىبىرىيىدىن ئۇزۇن چاچلىق، زىرە تاقىغان ئايال قورچاقنى تاپقان. 1958-يىلى سابىق سوۋېت ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى خاكاس ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىن شۇنداق يەنە بىر ئايال تاش قورچاقنى تاپقان. 1964-يىلى چېرنوۋا دەرياسىنىڭ قورغان قاسىنقىدىكى مىلادىيەدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى يىللارغا تەۋە كونا قەبرىدىن يۇقىرىقى ئايال قورچاققا ئوخشاش يەنە سەككىز قورچاق تېپىلغان. شىنجاڭنىڭ قىرمۇچ كونا قەبرىگاھلىقىدىنمۇ شۇنداق قورچاق تېپىلغان (19).

شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە يەتتە سۇ رايونى، قازاقىستان، موڭغۇلىيە ۋە بايقال يايلاقلىرىغا تارقالغان گرانىت تاش بالباللار رېئاللىستىك روھتا يايلاق ھاياتىغا كۆچكەن تۈركىي دىڭلىك (قەدىمكى ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى مەدەنىيەت ھاياتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئىپادىلىگەن. رەڭگىرويى، كىيىنىشى، ئولتۇرۇش ئادىتى، چاچ شەكلى، ساقال-بۇرۇتى ۋە قىلىچ-خەنجەر ئاسقان، تاسما، قەدەھ ياكى مەي قاچىسى قاتارلىقلار ئۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دىڭلىڭ- تۈركىي خەلقلەرنىڭ بالباللىرى ئاتلىق چەۋەندازنىڭ شىم، ئۆتۈك كىيگەن، قىلىچ-خەنجەر ۋە تاسما تاقىغان، ئۆرە تۇرغان، تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان قىياپەتتىكى ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . بۇ تىپتىكى بالباللارمۇ ھەرخىل، روھلۇق، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان، قولىدا مەي قاچىسى تۇتقان بۇ بالباللاردىن غەزەپ، قىرغىنچى جەڭ ئالدىدىكى جىددىي روھىيەت ياكى قايغۇ-ھەسرىيە ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ. بۇ خىل

بالبالچىلىق ئەينى زامان بالبالچىلىرىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى رېئاللىق، يۈكسەكلىك، ئىزگۈلۈك، ئۇمدۇارلىق ۋە قاتتىق قۇرام تاشتىن كۆپتۈرمە، تىرەن سىزىقچە چىقىرىش جەھەتتىكى ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە ماھارەت تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگەن (8-رەسىمگە قاراڭ.(

دىيارىمىز ھەيكەل-قورچاق مەبۇدلىرى ۋە ياغاچ، لاي، تاش ھەيكەل-بالباللىرى تەسۋىرىي سەنئەتتە ئىنساننى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتكەندى. ئۇ بارغانسېرى قەھرىمانلىق كىشىلىك قاراشلىرى ۋە سەنئەت قاراشلىرىغا قاراپ راۋاجلاندى. بارغانسېرى «ئوغۇزنامە»، «ئەپراسياپ» قاتارلىق لېگىندا ئەپسانە-رىۋايەتلىرىمۇ خەلق ئەدەبىياتى گۈلزارىغا كىرىپ كەلدى. كۆپلىگەن بالباللار ئۇنىڭ تەسۋىرى سەنئەت شەكلىدىكى كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۇردى. دەرھەقىقەت، بۇ دەۋرىدە يەنە ئىلاھىيەتلەشكەن ئەپسانىۋى تەڭرىلەر بىلەن ئۇ ھەقتىكى رىۋايەت ۋە ھەيكەللەرمۇ بىللە داۋام قىلغانىدى. ۋادىسىمىزدىن ھەيكەل-قورچاق مەبۇدلىرى ۋە ياغاچ، لاي، تاش ھەيكەل-بالباللىرى تەسۋىرىي سەنئەتتە ئىنساننى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتكەندى. ئۇ بارغانسېرى قەھرىمانلىق كىشىلىك قاراشلىرى ۋە سەنئەت قاراشلىرىغا قاراپ راۋاجلاندى. بارغانسېرى «ئوغۇزنامە»، «ئەپراسياپ» قاتارلىق لېگىندا ئەپسانە-رىۋايەتلىرىمۇ خەلق ئەدەبىياتى گۈلزارىغا كىرىپ كەلدى. كۆپلىگەن بالباللار ئۇنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت شەكلىدىكى كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۇردى. دەرھەقىقەت، بۇ دەۋرىدە يەنە ئىلاھىيەتلەشكەن ئەپسانىۋى تەڭرىلەر بىلەن ئۇ ھەقتىكى رىۋايەت ۋە ھەيكەللەرمۇ بىللە داۋام قىلغانىدى. ۋادىسىمىزدىن تېپىلغان خىلمۇخىل مەزمۇندىكى بالبال-ھەيكەللەر گەرچە تەسۋىرىي سەنئەتنى مەقسەت قىلىپ ياسالمىغان بولسىمۇ، كۈچلۈك ۋە روشەن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقى بولۇپ قالدى. بۇ ھەيكەللەر رېئال — ئەينەن، جانلىق-ھەرىكەتچان، تەبىئەتنى ئىنسانلاشتۇرۇش، ئىنسان سۇبيېكتىنى تەبىئەتلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش، تۈز ۋە ئەگرى سىزىقلار، يالغۇز ۋە قوش سىزىقلار، بىر خىل ۋە كۆپ خىل رەڭدار سىزىقلار، ئاشۇرۇپ (كۆپتۈرۈپ) ئىپادىلەش، سىمۋوللۇق ئىپادىلەش، نامغا ئارقىلىق مەنىسىنى ئىپادىلەش قاتارلىقلاردا تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن غايەت زور قەدەمنى باسقانلىقى روشەن تارىخىي پاكىت.

ھازىرغىچە تۇرپاننى مەركەز قىلغان سۇ بېشى مەدەنىيىتى چەمبىرىكى دائىرىسىدىن تېپىلغان بالباللار يەنى تاش ئادەم ھەيكەللىرىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1) ئۈرۈمچى ناھىيىسى لۇساۋگۇ يېزىسى تاش ئادەم ھەيكىلى جىلغىسى كەنتىدىن 8 دانە بالبال تېپىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەر-ئايال ۋە بالا سىياقىدا ياسالغان. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭلىرى ئېگىزلىكى 110 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر ، قېلىنلىقى 25 سانتىمېتىر ؛ ئەڭ كىچىكلىرى ئېگىزلىكى 65 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 43 سانتىمېتىر ، قېلىنلىقى 17 سانتىمېتىر كېلىدۇ. (20) يەنە ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۈيشىگو يېزىسى مياۋئېرگو كەنتىدىن ئىككى بالبال تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قەدەھ تۇتۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ساقاللىق ئەر، يەنە بىرى ئايال سىياقىدا ياسالغان (21) .

2) پۇكاڭ ناھىيىسى چىڭگۇەن يېزىسىدىن تېپىلغان تاش مايمۇن ھەيكىلىمۇ ناھايىتى ئۆلچەملىك ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، كەڭلىكى 28 سانتىمېتىر ، قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ كۆز، بۇرۇن، ئېغىز ۋە قۇلاقلىرى ناھايىتى ئوخشىتىپ ياسالغان.

3) جىمسار ناھىيىسىنىڭ شىندىگو جىلغىسىدىن تېپىلغان تاش ئادەم ھەيكىلى ، ۋېيخۇگۇ جىلغىسىدىن تېپىلغان تاش ئادەم ھەيكىلى ، نىيۇجۇڭزىدىن تېپىلغان تاش ئادەم ھەيكىلى قاتارلىقلار قەدىمكى دەۋر تاش ئادەم ھەيكىلىنىڭ ئوبدان نەمۇنىسىنى ياراتقان.

4) گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ بەنجىگو يېزىسى تەمىنات سودا كوپېراتىپى ئالدىدىن سول قولىدا خەنجەر، ئوڭ قولىدا مەي قاچىسى تۇتقان ھالەتتىكى ئەر سىياقىدىكى بىر تاش ئادەم ھەيكىلى تېپىلغان.

5) مورى ناھىيىسىنىڭ بوستان فېرمىسى ئەترابىدىنمۇ تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاش كۆز، قاشا، بۇرۇن، ساقال-بۇرۇتلۇق تاش ئادەم ھەيكەللىرى تېپىلغان .

6) تۇرپان شەھرى بەش يۇلتۇز يېزىسى تەۋەسىدىكى شىكوزى دېگەن جايدىن تېپىلغان تاش ئادەمنىڭ پەقەت باش قىسمى ئاددىيلا ئويۇلغان بولۇپ، بېلىنىڭ ئاستى قىسمى ئەسلى تاش ھالىتىدە قالغان ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «قېشى بارتاش» دەپ ئاتايدىكەن (23).

### *6. تۇرپان ۋادىسىنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى*

ئۇيغۇر خەلقى مەنىۋى ھاياتى ۋە ئىدېئولوگىيىلىك قاراشلىرى تارىخىدا مىڭ يىللار داۋامىدا بۇددىزم غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئانا

ۋادىسىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرت بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى ماكانى سۈپىتىدە بۇددىزمنى شەرققە تارقىتىشنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان. ۋەھالەنكى، بۇددىزم بىر پۈتۈن كۆپ قىرلىق ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت سۈپىتىدە، ئوتتۇرا دىيار ئىدېئولوگىيىسىدە مىڭ يىللار ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىدا تۇرۇپ كەلگەن ۋە شەرقىي ئوكيان ساھىلىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ۋادىسىمىز بۇددا ئالىملىرى ۋە سەنئەتكارلىرى بۇددىزمنىڭ تاكامۇللىشىشى ، كېڭىيىشىگە، جۈملىدىن بۇددىزم ھەيكەلتىراشلىق بەدىئىي سەنئىتىگە غايەت زور تارىخىي تۆھپە قوشقان. بۇددىزم شىنجاڭدا يالغۇز دىنىي ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن كۆپ تەرەپلىمىلىك مەدەنىيەت ئونۇۋرسالىزمى ھادىسىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋرنى شەكىللەندۈرگەن، ۋادىسىمىز ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى تەرەققىياتىغا ئالەمشۇمۇل تارىخىي تۆھپىلەر قوشقان.

بۇددىزم ئۆز ماكانىدا ـ ھىندىستاندا بىر قېتىمدىلا ھەممە شەكىلدە يارالغان ۋە شۇ پېتى دۇنياغا تارالغان ئەمەس، بۇددىزم دۇنياۋى ھادىسە ئىدى. ھىندىستاندىمۇ ۋە بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغان باشقا ئەل خەلقلىرىدىمۇ ئوخشاشلا قەدەممۇ ـ قەدەم، دەۋرمۇ ـ دەۋر سەنئەتلەشكەن ھەم ئوبرازلىق تەشۋىق قىلىنىدىغان بولغان. ھارارەتلىك تۇرپان ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن غۇز ـ قاڭقىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەسلەپتە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنى ياخشىلىق ھەم گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئالىي سىمۋولى، دەپ تونۇغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ باي مۇزىكا ـ ئۇسسۇلچىلىقى، رەسسامچىلىقى ۋە ھەيكەلتىراشلىقى ئارقىلىق بۇددىزم دۇنياۋى مەدەنىيىتىگە غايەت زور بەدىئىي تۆھپىلەرنى قوشقان، بۇددانى مۇزىكىلاشتۇرغان، ئۇسسۇللاشتۇرغان، تىياتىر ـ درامىلاشتۇرغان، شېئىرىي ـ رىۋايەتلەشتۈرگەن ۋە ئۆزلىرىگە ئوخشىتىپ ئوبرازلاشتۇرۇپ ھەيكەل ـ قورچاقلار ياساشقان. تۇرپاندىكى بىزەكلىك، سىڭگىم، مۇرتۇق، يارغول، بۇيلۇق، قورۇتقا، چىكاڭغۇل قاتارلىق مىڭئۆي تام رەسىملىرى بىلەن رەڭدار، نەپىس بۇددا ھەيكەللىرى بارلىققا كەلگەندە بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولغان جايى ھىندىستاندىمۇ تېخى مىڭئۆي سەنئىتى ۋە ھەيكەلتىراشلىقى پەيدا بولمىغان. تاش، ياغاچ، لاي، ساپال ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى قەدىمكى تۇرپان ۋادىسى ئاھالىلىرىنىڭ تاشقۇراللار دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن بەدىئىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاستىسى ئىدى.

تۇرپان ۋادىسىنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ھەيكەلتىراشلىقى مەيلى قوش ـ قاڭقىللار زامانىدا بولسۇن ياكى ھۇنلارنىڭ پۇشتىدىن تامغان كىۋ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بولسۇن ۋە ياكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە بولسۇن، ئاساسلىق بىردەكلىك ـ گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىكنى قەدىرلەش، ئىلاھىي ئوبرازلارنى ئەنە شۇ گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىكنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى قوللانغانلىقىنى، ئەمما بۇ بۇددىزم ئىلاھىي ئوبرازلىرىنى ئىپادىلەشتىكى گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىكنى يەنىلا ئۆزىنىڭ مىللىي تۇرمۇشىدىن، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋىي جەمئىيىتىدىن، ئۆزىنىڭ رېئال ئادەملىرىدىن ئېلىپ (مودېل ۋە ئەندىزە قىلىپ)، ئۇنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرۈمىز . تۇرپان ۋادىسىدىكى مىڭئۆي ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن تېپىلغان تۈرلۈك ئوبراز ۋە قىياپەتلەردىكى بۇددىزم ئەۋلىيا ـ ئەزەملىرى بىلەن مۇئەككەل ـ تەڭرىلىرى ھەيكەللىرى نەزەرىيە جەھەتتىن گەرچە ھىندىستان بۇددىزمىدىن ئايرىدە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۆڭ ـ قىياپىتى، روھىيىتى، تۇرۇق ـ ھالىتى، كىيىنىشلىرى رېئال يەرلىك كىشىلەرنىڭ ـ قەدىمكى تۇرپانلىقلارنىڭ ئۈلگىلىك كۆرۈنۈشلىرىدىن مۇجەسسەملەشكەن. تۇرپان يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ قىياپىتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساسلىق مودېل قىلغان، ئەندىزە قىلغان. بۇ ھال بىزگە تۇرپاندىكى مىڭئۆي ـ ئىبادەتخانا جاۋاھىراتلىرى قاتارىدا دەرىجە ـ مەرتىۋە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان رەڭدار ـ كۆركەم ھەيكەللەر بىلەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ قىياپىتى، كىيىنىشى، روھىيىتى بىردەك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسى بىلەن تەقى ـ تۇرۇق ھالىتىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۇرپان ۋادىسىدا ئايرىدە بولغان بۇددىزم ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى تەبىئىي سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسىرلەر سەھىپىسىگە يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن سەنئەت يادىكارلىقى. ئۇ بۇ سەنئەت ماكانىدا قەدىمكى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملىگەن ۋە تۇرمۇش، ئىدېئولوگىيە، ئېتىقاد، سەنئەتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي شەجەرىسىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، توغرىدىن ـ توغرا تۇرپان ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى مەدەنىيىتى تارىخىي قىممىتىگە ئىگە كاتتا بەدىئىي سەنئەت يالدامىسى. قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىنىڭ بۇددىزم ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ۋە مەھەللىي سەنئەت تىپى ۋە ئەنئەنىۋىي ھەيكەلتىراشلىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئاساسىدا، يىپەك يولى بويلاپ شەرققە ئېقىپ كەلگەن ھىندىستان، ئىران، گرېك ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ

نادىر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى ھەزىم قىلىپ، ئەينى زامان تەقەززاسى ۋە سەۋىيىسى بويىچە ئىجاد قىلغان نادىر ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى نەمۇنىسى ھېسابلىنىشى كېرەك.

تارىخ-ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنى مىلادىيىنىڭ ئالدى-كەينىدە تۇرپان ۋادىسىغا تارقالغاندىن كېيىن مىڭئۆي ۋە ئىبادەتخانىلار ياسىلىشقا باشلىغان ھەمدە بۇددىزىم سەنئىتى (ئەدەبىيات بىلەن بەدىئىي سەنئەت بىرلەشتۈرگەن تەرغىبات شەكلى) ۋاستىسى ئارقىلىق يىلتىز تارتقان. بۇ جەرياندا بۇددىزىم سەنئىتى تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، رەسساملىرى، ھەيكەلتىراشلىرى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر بۇددىزىم سەنئىتى شەكلىنى تىكلىگەن. تۇرپان ھەيكەلتىراشلىرى بۇددىزىم نوم-سۇترالىرىدا تەسۋىرلەنگەن تەڭرى-ئىلاھ ھەم مۇئەككەل-ئەۋلىيالارنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ھامان ئۇ ھەيكەللەرنى تۇرپاندىكى رېئال ئادەملەرگە- ئۆز يۇرتى تۇرپاندىكى يەرلىك كىشىلەرگە ئوخشىتىپ ياساشتىن باشقا ئامال قىلالمىغان. يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك شۇكى، بۇددىزىم نەزەرىيىلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان ئوبرازلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يەرلىك ھەيكەلتىراشلار تەرىپىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ چىراي شەكلىگە ئاساسەن يارىتىلغانغا ئوخشاش، تۇرپان ۋادىسىدىكى مىڭئۆي-بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى ھەيكەللەرمۇ شۇ دەۋردىكى تۇرپانلىقلارنىڭ چىراي-شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان. جۈملىدىن قەدىمكى تۇرپان ھەيكەلتىراشلىرى تۇرلۇك ھەيكەللەرنى ياساشتا ئۆز كىشىلىرىنى بۇنىڭغا مودېل ۋە ئەنداز قىلغان. يەرلىك خەلقنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ئاساسىدا، قەدىمكى تۇرپان ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بويىچە، باشقا جايلارنىڭ بەدىئىي سەنئەت ئەسەرلىرىدىن (ھەيكەلتىراشلىقىدىن) ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تۇرپان بۇددىزىم ھەيكەلتىراشلىق ئۇسلۇبىنى ياراتقان ۋە شۇ ئارقىلىق گەنسۇ-دۇنخۇاڭ ھەتتا لوياڭ، چاڭئەنلەرگىچە تەسىر كۆرسەتكەن. تارىخ-ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان-قوچۇنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىنجاڭ رايونى بۇددىزىم كەڭ تارقالغان، ئۇزاق ساقلانغان ۋە بۇددىزىم باشقا دىنلار بىلەن بىللە گۈللەنگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ .

تۇرپان-قوچونى مەركەز قىلغان بۇ قەدىمكى ۋادىنىڭ بۇددىزىم دەۋرىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئېتنولوگىيىلىك تەرەققىياتىنى مۇنداق ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى،غۇز (گۇشى)-خۇجىيە قەبىلىلىرىنىڭ ساك، چاڭ، توخرىي، ھۇن قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ قەدىمكى تۇرپان-قومۇل ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىشى؛ ئىككىنچىسى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تېلى-توققۇز ئوغۇز، جۈملىدىن قارلۇق، ياغما قەبىلىلىرى، قىسمەن سوغدى (توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كۆكتۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى غۇلتىشقا يېتەرلىك ئۇيغۇر -توققۇز ئوغۇز خەلقلىرى بولۇپ شەكىللىنىشى؛ ئۈچىنچىسى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاكىتىدىن كېيىن ئادىئىز، قارلۇق قاتارلىق ئۇيغۇر -ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بۇ رايونغا كۆپلەپ يۆتكىلىشى بىلەن ئىدىقۇت، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى تىكلەپ، ئىلگىرىكى توققۇز ئوغۇز ۋە باشقا خەلقلەر بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشكە ئۇل سالغانلىقى.

تۇرپان ۋادىسىغا بۇددىزمنىڭ قاچان تارقالغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ئۈچۈر يوق. ئەمما 382-يىلى ئالدى قاڭقىل خانى مىدى (弥弟) ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەنگە بۇددىزىمنىڭ «ماھايانا پارامىتا (大般若经) سۇترىسىنى» سوۋغات قىلغانلىقى، كومىراباھادىرا (鸠摩罗跋提) بۇددا دىنى بويىچە دۆلەت ئۇستازى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. جاڭيې شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھەمدە ھۇنلارنىڭ پۇشتىدىن تامغان چۇرجى مونسۇن (且渠蒙孙) جەمەتى ئەنجۇ (443-450)، تۇرپانغا خان بولغان (安周) چاغلاردا بۇددىزىم بىناكارلىقى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى. ئۇ دەسلەپ دۇنخۇڭدىن تېپىلغان «غەربىي ئايماق جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى (西洲图经)»دا «دىڭگۇكۇ (丁谷窟)» دەپ يېزىلغان تۇيۇق تاشكېمىرلىرىنى بىنا قىلىشقا باشلىدى. قۇجۇ قەسرىگە بىھارا سالدۇرۇپ، خاتىرە تېشى ئورناتقۇزدى ۋە «بۇدداھ ئېيتقان بوتساتۋالىق سۇترىسى (佛说菩萨经)»نى كۆچۈرتكۈزگەندى (24).

شۇ زامانلاردا خانلىق تەۋەسىدىكى پۇقرالار كەڭ سەپەرۋەر قىلىنىپ تۇرپان ئويمانلىقىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئىبھرام-ئىبادەتخانىلار قەد كۆتۈردى. بېزەكلىك، تۇيۇق، يارغول قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆيلەر ئارقا-ئارقىدىن ياسالدى، ياغاچ، گەج، سېغىزلايدىن ياسالغان ھەرخىل ئوبرازلاردىكى بۇددا ھەم تۈرمۇش ھەيكەللىرى ئۆز دەرىجە تەرتىپلىرى بويىچە تىزىلىپ، سىرلىق بۇددىزىم ئىستىقامەتگاھلىرى بىر-بىرلەپ ئاپىرىدە

www.uyghurkitap.com



بولدى. تۇرپان ۋادىسى 9ـ ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى پايتەختى بولۇپ قالدى. ئەسلىدە بۇ يەردە ياشايدىغان قوش ـ قاتقىل ئەۋلادلىرى ھەممە قارلۇق، ياغما قاتارلىق توققۇز ئوغۇز ـ تۇرا قەبىلىلىرى بۇددىزمى تەسىرىدە مانى ئېتىقادىدىكى ئادىئىز قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 9ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىدىن باشلاپ بۇددىزمنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بېزەكلىك مىڭئۆي ئاساسەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى بۇددىزمنىڭ مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قاراشەھەر ـ كۇچادا تۇرۇشلۇق مەڭلىك تېكىننىڭ قوماندانى بۆگۈ تېكىننىڭ تۇرپانغا 866ـ يىلقى يۈرۈش قىلىشى بىلەن تارىخ سەھىپىسىگە چىققاندىن تاكى 1275ـ يىلى قايدۇ، دوۋا باشچىلىقىدا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بۇ يەردە قۇبلايخان بىلەن تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان مىسلىسىز قانلىق، ۋەھشىيانە ئۇرۇش تۈپەيلى ئەڭ ئاخىرقى ئىدىقۇت قوچقار تېكىننىڭ جەڭدە ھالاك بولۇشى بىلەن تەڭلا ئاخىرلاشتى. بەش ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇددىزم مەيلى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، مەيلى نوم ـ سۇترا تەرجىمچىلىكى جەھەتتىن بولمىسۇن يېتەرلىك گۈللەندى. بۇ، تېبەتلەرنىڭ ئىشغالىيىتىنى يېڭىش، توسۇلۇپ قالغان يىپەك يولى مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى.

ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ئىبادەتخانىسى تۇرپاندىكى مۇھىم ئىستىقامەت دەرگاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ جايدا نۇرغۇن ھەيكەللەر ياسالغانىدى. ئەينى زاماندا بۇ جايدا قېزىش ئېلىپ بارغان لىكوكنىڭ «قوچۇ» ناملىق ئەسىردىكى رەسىملەر بىلەن گرونۋېدىلىنىڭ «1902ـ1903ـ يىللىرىدىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ۋە شۇ ئەتراپلاردىكى ئارخېئولوگىيە دوكلاتى» (كېيىندىكى رەسىملەر ئاتلىسى) ناملىق ئەسىردىكى رەسىملەردە بۇ جايدىن تېپىلغان نۇرغۇن رەڭدار ھەيكەل سۈرەتلىرى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا سېغىزلايدىن ياسالغان بېشى سۇنۇپ كەتكەن بۇددىساتۋا ھەيكىلى، تون كىيگەن تېۋىنچى ھەيكىلى، ئۇزۇن كاسايالىق ئايال ھەيكىلى، ئىبادەت قىلىشقا تەمشەلگەن ئايال ھەيكىلى (14ـ رەسىمگە قاراڭ)، قولباغلاپ تۇرغان ئىككى ئارخات سىياقىدىكى يوغان قورساقلىق بوۋاي ھەيكىلى قاتارلىقلار ناھايىتى كۆركەم، نەپىس ياسالغان بولۇپ، ئۇلار ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ئىبادەتخانىسىدىكى ھەيكەللەر نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. مەشھۇر يالقۇنتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان سىڭگىم ئېغىزىدىكى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى خارابىسمۇ ئەينى زاماندىكى داڭلىق بۇددا ئىبادەتخانىسى دەرگاھى ئىدى. يالقۇنتاغنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولنىڭ ئىككى يېقىدا تۆت ئورۇندا ھېلھەم خارابىسى ساقلىنىپ قالغان بۇ جايدا 1902ـ1903ـ يىللىرى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن ئالبېرت گرونۋېدىل (1856ـ1935)، 1904ـ1905ـ يىللىرى فون لىكول (1860ـ1930)، 1902ـ1910ـ يىللىرى ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خادىملىرى قاتارلىقلار بۇ مەشھۇر دەرگاھنى قويماي قېزىپ، ئاختۇرۇپ نۇرغۇن رەڭدار، نەپىس ھەيكەللەرنى تېپىپ ئېلىپ كېتىشكەن. لىكوكنىڭ «قوچۇ» ناملىق رەسىملىك كىتابىدا بۇ جايدىن تېپىلغان رەڭدار، نەپىس ھەيكەللەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا سېغىزلايدىن ياسالغان بۇددىساتۋا بېشى ھەيكىلى، چاچ ئۇستىگە دوپپا كىيگەن ئايال سىياقىدىكى ھەيكەل بېشى، ئېگىز تۇماقلىق، بويىنغا ھالقا سالغان ئادەم بېشى ھەيكىلى ، بىر جۈپ ئەر ـ ئايال بۇددىساتۋا بېشى ھەيكىلى ۋە چېچى ئۇستىگە تور يېپىۋالغان ئايال بۇددا ھەيكىلى قاتارلىقلار بېرىلگەن بولۇپ، نەپىس كۆركەم ئىشلەنگەن.

يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى مۇرتۇق جىلغىسى بويىغا جايلاشقان مۇرتۇق ئىبادەتخانىسى شۇ جايدىكى ئەڭ قەدىمكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى. بۇ جايدا گېرمانلار، ياپونلار، ئەنگلىيىلىكلەر، فرانسىيىلىكلەر ۋە رۇسىيىلىكلەر كەينى ـ كەينىدىن قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان ھەم تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ بىرنىمۇ قويماي ئېلىپ كېتىشكەن. ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسى رەسىملەر تىزىملىكى» دېگەن رەسىملىك كىتاب بىلەن لىكوكنىڭ «قوچۇ» ناملىق كىتابىدا بۇ جايدىن تېپىلغان نەپىس ، رەڭدار ھەيكەللەر سۈرىتى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا لايدىن ياسالغان، ئىنسانلار دۇنياسىغا قاراپ مېھرىبانلىق تەبەسسۇمى بىلەن كۈلۈپ تۇرغان بۇددىساتۋا بېشى ھەيكىلى، چېچىنى ئوتتۇرىدىن ئايرىپ كەينىگە تاراپ ئۇستىگە دوپپا كىيۋالغان بۇددا بېشى ھەيكىلى، لايدىن ياساپ ئۇستىگە رەڭ بېرىلگەن ئادەمنىڭ يۇقىرى گەۋدىسى ھەيكىلى قاتارلىقلار خېلى ئۇلۇغچەملىك، نەپىس ياسىلىپ ئوبرازلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن. سىڭگىمدىن مورتۇق جىلغىسىنى بويلاپ ئېگىرىلىگەندە بېزەكلىك بۇددا ئىبادەتگاھىغا بارغىلى بولىدۇ. بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى ئەينى زاماندىكى كاتتا، غوللۇق مەشھۇر سەنئەت قەسرى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى ئەسلىدە بەھارا، ئىستىقامەتخانا(支提) ، پىنھان تىلاۋەتخانا، راھىبلار ئۆيى(僧房) ،

يۈلەكلىك يول، ئاسما ساڭرام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەشەمەتلىك قورۇلما ئىدى. بېزەكلىك گەرچە تاڭ سۇلالىسى زامانىدا ئىچكىرىدىن بىلىم ئاشۇرغىلى ۋە نوم ئالغىلى كەلگەن راھىبلار تەرىپىدىن «نىڭ رۇڭ ئىبادەتخانىسى (宁戎寺) »«دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇ كېيىنچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مانىزم ئېتىقادى ئىبادەتخانىسىغا، ئۇندىن كېيىن، ئۇيغۇر بۇددىزمى ئېتىقادىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتگاھىغا ئايلاندى. «بېزەكلىك» ئاتالمىسى ئېھتىمال ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدى-كەينىدە مەيدانغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر 60 نەچچە ئېغىزلىق ھۇجرىسى ساقلىنىپ قالغان بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا يەنى شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلەر، سۇي-تاڭ سۇلالىلىرى زامانىدىلا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بۇددىستلىرى ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن تاشقىرى، ئوتتۇرا دىياردىن سودا-تىجارەت ياكى بۇددا دىنىدىن بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەنلەرمۇ ئىستىقامەت قىلىدىغان كاتتا دەرگاھقا ئايلانغاندى. بېزەكلىك ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە گۈللەندى ۋە ھازىرقى قىياپەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشىمۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ھالاكىتى ۋە تۇرپاننىڭ قانلىق جەڭلەر بىلەن ئىسلامىيەتكە ئۆتۈشى بىلەن ئوخشاش تەقدىرداش بولدى.

فون لىكوكنىڭ «قوچۇ» ناملىق ئەسىرىگە بېرىلگەن رەسىملەر ئىچىدە ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدىن تېپىلغان رەڭدار، نەپىس ھەيكەللەر سۈرىتى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا سېغىزلايدىن ياسالغان غەزەپلەنگەن ئادەم بېشى ھەيكىلى، كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان، دوپپا كىيگەن ئادەم بېشى ھەيكىلى  قاتارلىق نەپىس ھەيكەللەر سۈرىتى كۆرسىتىلگەن. تۇرپان بۇددىزم ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى يالغۇز مىڭئۆي ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ئىدىقۇت (قوچۇ) شەھىرى گەرچە قوچقار تېكىننىڭ جەڭدە ئۆلۈشى بىلەن ۋەيران بولغان بولسىمۇ، بۇ قەدىمكى ئاستانە 1383-يىلى باشبالىقتا چاغاتاي ئەۋلادى بولغان قىزىر خوجا (تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى) تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم تەرسالارچە قان، ئوت ۋە سۇغا غەرق قىلىندى! يېقىندا تېپىلغان نومنىڭ كۆيدۈرۈلگەن پارچىلىرى، قان ئۆيۈلغان جەسەتلەر، بۇزۇلغان سەنئەت يادىكارلىقلىرى بۇنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىدىقۇت شەھىرى تاشلىنىپ كەتكەندىن كېيىن داۋاملىق خارابىلىشىشقا قەدەم قويدى، رۇسىيە ، ياپونىيە، بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىدا كۆپلەپ قېزىش-ئاختۇرۇشلار ئېلىپ بېرىشتى. ئىدىقۇت شەھىرى بىلەن يالقۇنتاغ ئارىلىقىدىكى بېلىق سىرتى تۆپىلىككە قوچۇ (قەدىمكى ئىدىقۇت) خانلىرىنىڭ قەبرىگاھلىقى جايلاشقان. ھازىر «ئاستانە» نامىدا ئىستېمال قىلىنغان بۇ يېزىدىكى ئالتۇنلۇقتىن يېقىنقى بىر قانچە ئون يىل ئىچىدە 380 دانىدىن ئارتۇق ھەرخىل ھەيكەللەر تېپىلدى. 273-يىلدىن 778-يىلغىچە ئۆتكەن بەش يېرىم ئەسىرلىك ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بۇ شەكلى خىلمۇخىل ۋە رەڭدار ھەيكەللەر تۇرپان ۋادىسىنىڭ بۇددىزمىدىن خالىي تۇرمۇشقا دائىر ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى ئىسپاتلىدى. بۇندىن باشقا تۇرلۇك نان ۋە پېچىنە تۇرلىرى، ھەرخىل بەدىئىي سەنئەت بۇيۇملىرى، ئادەم ۋە ھايۋان، گۈل ۋە قۇشلار تەسۋىرلەنگەن تام رەسىملىرى بىلەن ھەيكەللەر تېپىلدى. بۇ ھەققىي مەنىسى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر يەر ئاستى ئېتنولوگىيە مۇزېيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ جايدىن تېپىلغان 400 دانىگە يېقىن نەپىس، رەڭدار ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسلا بۇددىزم دەۋرىدە ياسالغان بولسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىش-پائالىيەتلىرىنى ۋەقەلىك قىلىپ ياسالغان (25). مەسىلەن ، ئات مىنگەن، شاھمات ۋە چەۋگەن توپ ئوينىغان، ناخشا-ئۇسسۇل، سېرك ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان، ياغاچ ئاياقتا مېڭىۋاتقان، ئۆي ئىشى قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوبرازىدىن باشقا ھەرخىل قۇشلار، ھايۋانلار، غەلىتە مەخلۇقاتلار ئوبرازلىرىمۇ ناھايىتى ئەينەن، نەپىس ياسالغان (26) . 1915-يىلى پەقەت تۇرپان ئويمانلىقىدىنلا 180 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ھەم «سسېرىندىيا» (غەربىي يۇرت) ناملىق بەش توملۇق كىتاب، «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسى» ناملىق تۆت توملۇق كىتاب ۋە «قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمكى خوتەن» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان يەھۇدىي مارك ئاۋرېل ستەيىننىڭ «سېرىندىيا» ناملىق كىتابىدا (يەنى ئۈچىنچى تومىدا) ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ھەيكەللەرنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا خىلمۇ خىل قىياپەتتە، ھەرخىل كىيىملەر كىيدۈرۈلگەن لاي ھەيكەللەر كوللېكتىپى سۈرىتى (20-رەسىمگە قاراڭ)، ئات مىنىۋېلىشقان ئادەملەر ھەيكەللىرى، غەلىتە مەخلۇق ھەيكىلى ، ئادەم، ھايۋان ۋە تۇرمۇش بويۇملىرى ھەيكىلى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر پەقەت 20-ئەسىرنىڭ بېشىغىچە تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇ جاي، بۇ جايدا ساقلىنىپ قالغان، تولىمۇ چەكلىك، بۇزۇلغان، پۇچۇلغان،

ۋەيرانە قىلىنغان ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى يادىكارلىقلىرى بولۇپ، بۇلارمۇ داۋاملىق ۋەيرانلىق ۋە بۇلاڭ-تالاڭ، ھەتتا 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئىس-تۈتەكلىرىدە نابۇت بولۇش پاجىئەسىگە دۇچ كەلدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدىكى بەزى تەلۋىلەرنىڭ «تۆت كونىنى يوقىتىش» دەپ ئاتالغان بۇزغۇنچىلىقلىرى بىر نەچچە چېكىتتەك قالغان بۇددىزم بەدىئىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىغا قارىتىلغانلىقى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا — تۇرپان ۋادىسىدا ئىسلامىيەتنىڭ قارار تاپقانلىقى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئېتنولوگىيىلىك، ئىدېئولوگىيىلىك جەھەتلىرىگە تارىخى خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ تاكى تاشقۇراللار دەۋرىدىن باشلاپ ھەيكەل-قورچاقلار ياسايدىغان ھەيكەلتىراشلىق ئەنئەنىسى قىسمەن چەكلىمىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلاردىكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى دىنى مەزمۇن ۋە شەكىللەردە ئەمەس، بەلكى سەنئەت مەنىسىدە-بەدىئىي سەنئەت ئۈنتۈقى مەنىسىدە رېئال ئادەم، ھايۋان، قۇشلار ئوبرازىدا تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇر خەلقى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئالەم ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، ئادەم ۋە ئۇنىڭ تەڭرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزم ۋە مانىزملىق تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىدىلەر ئورنىغا «ئاللانىڭ بىرلىكى» ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە مۇسۇلمانچىلىق مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى يېڭى قاراش ۋە ئەقىدىلەرنى ئالماشتۇردى. ئىسلام مۇسۇلمانچىلىقنىڭ پەرھىزلىرى-ئىمان، روزا، زاكات، ھەج قىلىش شەرتلىرى ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئورنىشىپ غايەت زور دائىمىي ئېتىنىك دىنىي پائالىيەت تۈسىنى ئالدى. ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس دىنىي تەبىقىلەر-شەيخۇل ئىسلام، ھەر دەرىجىلىك قازى ۋە مۇپتىلا، ھەر دەرىجىلىك جامائە-مەسچىت ئىمام-مەزىنلىرى، مازار-ماشايىخ شەيخلىرى ، دىنىي مەدرىس-مەكتەپ مۇدەررىس ئۆلىمالىرى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزم دەۋرىدىكى بىر قاتار ئەم-ئىرىم، تەبىر-جوراش، ئۆرپ-ئادەت، مۇراسىم-ئايىم قائىدىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى (27). ئىسلام مەدەنىيىتى ئائىلە، يۇرت-مەھەللە، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبى شەكىللەندۈردى. ئوردا-قەسرە، جامەئە-مەسچىت، مەقبەرە-قەبرە گۈمبەزلىرىنىڭ ياسىلىشىدا ئەڭ نەپىس ئىسلام نەقىشلىرىنىڭ شەكىل ۋە نۇسخىلىرى بىلەن مىللىي نەقىشلەرنى بىرلەشتۈردى. بۇ ئەسلىدىمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە توپلانغان ھەر قايسى ئەللەر بىناكارلىق تەجرىبىلىرىنىڭ ئۈنتۈقى ئىدى. گەرچە ھەيكەلتىراشلىقتا ئوخشاش تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ پورترېت شەكلى تەقىب قىلىنغان بولسىمۇ، تەدرىجىي ئادەم، ھايۋان، قۇش ۋە ئۆسۈملۈكلەر تەسۋىرلەنگەن ھەيكەلتىراشلىق ئەنئەنىسى داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

### ***7.ئازادلىقتىن كېيىن ئاستانە ۋە قاراغوجا قەبرىستانلىقلىرىدىن تېپىلغان ھەيكەللەر ھەققىدە***

1949-يىلىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، بۇ زېمىندا ئەجداد-ئەۋلاد ياشاپ، يەكەن-سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىن بىچارە، ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئەمگەكچى ئاممىسىغا ئاپتونومىيە-ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەندىن كېيىن ھۆرلۈك، باراۋەرلىككە ئېرىشتۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارىخ-ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى ۋە كۈنسايىن تەرەققىي قىلىپ نۇرغۇن ئىلمىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى ئاجرىتىپ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە قوشۇنى ئەسلىدىكى شىنجاڭ مۇزېيىغا تەسىس قىلىنغان نەچچە كىشىلىك بىر كىچىك گۇرۇپپىسىدىن ھازىرقى 30-40 ئارخېئولوگىيە خادىمى مەخسۇس كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك بىر ئورگانغا ئايلاندى. بۇ قوشۇن ھازىرغىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب -شىمالىدىكى نۇرغۇن قەدىمگاھلاردا جاپالىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش-تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئالەمشۇمۇل ئىلمىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

تۆۋەندە مەن شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تۇرپاندىكى ئاستانە ۋە قاراغوجا قەبرىستانلىقلىرىدا قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا تېپىلغان تۆرلۈك مەزمۇندىكى ھەيكەللەر ھەققىدە توختىلۇپ ئۆتىمەن. 1959-يىلى 10-11-ئايلاردا شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدا تۇنجى قېتىم 6 قەبرىنى (نومۇرى (TAM301-306 :) قازغان ۋە باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە 301-نومۇرلۇق قەبرىدىن 4 دانە، 304-نومۇرلۇق قەبرىدىن 6 دانە لايدىن ياسالغان ئەر-ئايال سىياقىدىكى ھەيكەللەرنى تاپقان (28). شۇنىڭدىن

ئېتىبارەن بۇ ئىككى قەبرىستانلىقتا ناھايىتى نۇرغۇن قەبرىلەر قېزىلغان ۋە تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھەيكەللەر تېپىلىپ تۇرغان . مەسىلەن ، 1960ـ يىلى 4ـ ئايدا، شىنجاڭ مۇزېيىدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىقنى كېڭەش مەقسىتىدە ئاستانە قەبرىستانلىقىدا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە يەر ئېچىۋاتقانلىقتىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال بۇ جايغا كېلىپ 30 قەبرىنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدە قازغان ۋە تازىلىغان. شۇ چاغدا 336ـ نومۇرلۇق قاتارلىق قەبرىلەردىن ئادەم، ھايۋان ۋە قۇشلار ئوبرازىدىكى 200 دانە ئەتراپىدا لاي ھەيكەللەرنى تاپقان، بۇ ھەيكەللەرنىڭ بەزىلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولغاچقا، پەقەت 140 تىن كۆپرەك ھەيكەللەرنىلا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولغان(29).

1963ـ 1965ـ يىللىرىدىكى قېزىشتا بۇ ئىككى جايدا جەمئىي 56 قەبرە قېزىلغان بولۇپ، ئاستانىدىن 42 قەبرە (نومۇرى: 63TAM376، 64TAM4، 4TAM42، 65TAM38، 65T/M3، 63TMA1)، قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن 14 قەبرە (نومۇرى: 64TKM14، 6TKM1) قېزىلغان؛ 1966ـ 1969ـ يىللىرى سۇ قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن، بۇ ئىككى قەبرىستانلىقتا 4 قېتىمدا جەمئىي 105 قەبرە قېزىلىپ، 105 قەبرە تازىلىنىپ، 1020 دانە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان (30)؛ 1967ـ يىلى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 363ـ نومۇرلۇق قەبرە قېزىلىپ 50 دانىدىن كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى (لاي ھەيكەلمۇ بار) تېپىلغان؛ 1972ـ يىلى ئاستانىدىكى 83ـ، 91ـ، 92ـ قاتارلىق قەبرىلەر قېزىلىپ، بۇ جايدىن باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە تۆگە، ئات، كالا، قوي، غەلىتە ھايۋان ۋە 12 مۇچەل مەزمۇنىدىكى 12 خىل ھايۋان قاتارلىقلارنىڭ لاي ھەيكەللىرى تېپىلغان (31)؛ شۇ يىلى يەنە ئىككىنچى قېتىملىق قېزىشتا، ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى ئۈچ قەبرە (نومۇرى 72TAM230، 72TAM188، 72TAM187) قېزىلىپ، بىر مۇنچە يازما يادىكارلىقلار بىلەن بىللە رەڭدار ياغاچ، لاي ھەيكەللەرمۇ تېپىلغان (32)؛ 1973ـ يىلىدىكى قېزىشتا، شۇ يىلى 9ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنىدىن 11ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىلەن غەربىي شىمال ئونىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپى سىنىپى بىرلىكتە قېزىش قىلغان. بۇ قېتىم ئاستانە قەبرىستانلىقىدا 38 قەبرە قېزىلغان بولۇپ، 206ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ياغاچتا ياسالغان رەڭدار ئادەم ھەيكەللىرى تېپىلغان (33)؛ 1975ـ يىلى، يالقۇنتاغ گۇڭشېسىنىڭ قاراغوجا رايونىدىكى سۇ قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار قاراغوجا قەبرىستانلىقىدا 51 قەبرىنى (نومۇرى: 75TKM105 ـ 75TKM55) قازغان. بۇ قېتىم 93ـ نومۇرلۇق (نومۇرى 75ـ 94 (1 : 75TKM93نومۇرى 75TKM94، (ـ 96نومۇرى 75TKM96، )ـ 98نومۇرى 75TKM98، (ـ 99نومۇرى 75TKM99) قاتارلىق قەبرىلەردىن ياغاچتىن ياسالغان تۈرلۈك قىياپەت ۋە شەكىللەردىكى ئادەم ھەيكەللىرى، ھارۋا سۆرەپ ماڭغان كالا ھەيكىلى، ھايۋانلار ھەيكەللىرى ۋە ياغاچ ئەسۋاب ـ جابدۇقلار ناھايىتى كۆپ تېپىلغان (34). 1975ـ يىلى شىنجاڭ مۇزېيىدىكى خادىملار تۇرپان ئاستانىدىكى 206ـ نومۇرلۇق قەبرىنى (بۇ قەبرە ئەسلىدە كىشىلەر تەرىپىدىن بىر قېتىم ئوغرىلىنىپ، قەبرە ئىچىدىكى يادىكارلىقلار بۇزۇلغان، چېقىلغان ۋە سۇندۇرۇلغان) تازىلىغاندا، قەبرە ئوغرىسىدىن ئېشىپ قالغان بۇ قەبرىدىن رەڭدار، نەپىس ياسالغان ۋە ئېسىل كىيىم ـ كېچەك ، زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن بېزەلدۈرگەن 70 نەچچە ياغاچ ھەيكەلنى، يەنە ئادەم ۋە ئات ھەيكەللىرىنىڭ سۇندۇرۇلغان، ئاجرىتىلغان، پارچىلىنىۋېتىلگەن پۇت ـ قول ھەم بەدەن ئەزالىرىدىن 200 دانىدىن كۆپرەكنى يىغىۋالغان (35).

ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىق قىلىپ دەلىللىشىچە، 206ـ نومۇرلۇق قەبرىدە ياتقان ئىككى جەسەت خۇنلارنىڭ پۇشتىدىن تامغان كيۇۋېنتاي (麴文泰) ئىدىقۇت خانلىقى پادىشاھى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە سولقول سانغۇن بولۇپ خىزمەت قىلغان جياڭ شيۇڭ (张雄) ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ جەسىدى ئىكەن. جاڭ شيۇڭنىڭ ئەسلى ئىسمى تايخۇان (太欢) بولۇپ، ئۇ گەنسۇدا خۇنلارنىڭ پۇشتىدىن تامغان قېنى قىزىق، جەڭگە قوماندانلىق قىلىشقا ئامراق، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە تىياتىر خۇمار ئادەم ئىكەن (36). شۇڭا ئۇ ئۆلگەندە ئۆزىنىڭ روھىغا ھەمراھ بولسۇن دەپ 19 دانە ھۆرمەت قاراۋۇلى سىياقىدىكى رەڭدار ياغاچ ھەيكەل، 17 دانە خىزمەتكار سىياقىدىكى رەڭدار ياغاچ ھەيكەل، ئىككى دانە دېدەك قىز سىياقىدىكى رەڭدار ياغاچ ھەيكەل، ئارام ئالىدىغان كىچىك زىننەتلىك ھۇجرا، كالا قاتقان ھارۋا، شاھمات تاختىسى قاتارلىقلارنىڭ مودېللىرى ، 5 دانە مۇلكى ئەمەلدار سىياقىدىكى رەڭدار ياغاچ ھەيكەل (بۇلارنىڭ بىرى 5ـ دەرىجىلىك، ئۈچى 6ـ ۋە 7ـ دەرىجىلىك، بىرى 8ـ دەرىجىلىك ئەمەلدار سىياقىدا ئوردا كىيىمى كىيگەن)، 5 دانە چېرىك سىياقىدىكى رەڭدار ياغاچ ھەيكەل (بۇلارمۇ ئوردا مۇھاپىزەتچى چېرىكلىرى سىياقىدا كىيىنگەن)، قىزىقارلىق قونچاق تىياترى (傀儡戏) ئويناۋاتقان قىياپەتتىكى 7 ئەر، 15 ئايالدىن تەركىب تاپقان تىياتىرچى ـ ئاكتىيورلار سىياقىدىكى رەڭدار كىچىك ياغاچ ھەيكەللەر ۋە باشقا مۇزىكا ـ ئۇسسۇلچى سىياقىدىكى رەڭدار كىيىملىك ھەيكەللەرمۇ تېپىلغان (37).

www.uyghurkitap.com



قىسقىسى، 1960-يىللىرىدىن 1980-يىللىرىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقى بىلەن قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىنلا 500 دانە ئەتراپىدا تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھەيكەللەر تېپىلغان. بۇ ھەيكەللەرنىڭ بەزىسى لايدىن، بەزىسى ياغاچتىن ياسالغان، بەزىسىنىڭ ئىسكىلىتى ياغاچتىن ياسىلىپ ئاندىن ئۈستىگە لاي چاپلاپ «ئادەم» قىياپىتىگە كەلتۈرۈلگەن، بەزى ھەيكەللەر لايدىن ياكى ياغاچتىن ياسىلىپ، ئۇنىڭغا قاش-كۆز، ئېغىز-بۇرۇن، قۇلاق چىقىرىلىپ ئاندىن ئۈستىگە رەڭ بېرىلگەن بولسا، يەنە بەزىسىنىڭ يۈزىگە قىزغۇچ رەڭ بىلەن گىرىم قىلىنىپ «پەردازلانغان» ئەركە-نازىناق خان قىزلار سىياقىغا كەلتۈرۈلگەن. يەنە بەزى ئەر-ئايال سىياقىدىكى ھەيكەللەرگە گىرىم قىلىنىپ، ئۈچىسىغا رەڭدار شايى، يىپەك، ئەتلەس قاتارلىق ئېسىل رەختلەردىن كىيىم كىيدۈرۈلگەن. ئەمەلدار، پۇلدار، بايۋەچچە، سودىگەر، پومېشچىكلار، ئوردا خىزمەتچىلىرى، ياساۋۇللار، نەۋكەرلەر، چىرىكلەر، قۇل-دېدەكلەر، كېنىزەكلەر قاتارلىقلار سىياقىدىكى ھەيكەللەر ئەينى دەۋردىكى رېئال ئادەملەر قانداق كىيىنگەن بولسا، ھەيكەللەرمۇ دەل شۇ پاسون ۋە رەڭلەردىكى كىيىملەر بىلەن جابدۇندۇرۇلغان. ھەيكەللەرنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىم-كېچەك ۋە زىبۇ-زىننەتلەر ئەينى زامان تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئۆزىگە ئەندىزە ، مودېل، تۇخۇم ۋە گېن قىلغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم (39). مەسىلەن ، تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئېسىلزادە سىياقىدىكى ھەيكەللەرنى مىسال ئالساق، ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچىكى، زىننەت-گىرىملىرى، چاچ پاسونلىرىمۇ ھەرخىل بولغان مەسىلەن ، ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئات مىنىۋالغان خېنىم سىياقىدىكى ھەيكەل ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتتە ياسالغان بولۇپ، يىراقتىن قاراشقا خۇددى رېئال ئادەم سۈرىتىدەكلا كۆرۈنىدۇ. ئېسىل ئىگەر-جابدۇقلانغان ئارغىماققا مىنگەن بۇ خېنىم سىياقىدىكى ھەيكەل بېشىغا تور پۆق ئارتىپ، ئۈستىگە يارىشىملىق شىلەپە كىيگەن، ئۈچىسىغا يارىشىملىق ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن ھەممە يۈز-كۆزلىرىگە سۇس گىرىم قىلغان بولۇپ سۈي-تاڭ دەۋرلىرىدىكى تۇرپان ئۇيغۇر قىز-چوكانلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتقان. ئاستانە قەبرىسىدىن تېپىلغان گۈزەل خېنىم قىز سىياقىدىكى بىر ھەيكەل بېشى يۈزىگە سۇس گىرىم قىلىپ، چېچىنى چىرايلىق بانتىلاپ، ئۈستىگە گۈللۈك رەختتىن ئىشلەنگەن شارپا شەكلىدىكى زىننەت بۇيۇمى تاقىۋالغان بولسا، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ھەيكەل يۈزىگە سۇس گىرىم قىلىپ، چېچىنى ئارقىسىغا قارىتىپ چىرايلىق تاراپ، چېچى ئۈستىگە بىر كەپتەرنى قوندۇرۇۋالغان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئاستانىدىن تېپىلغان ئايال سىياقىدىكى 3 دانە ھەيكەللەرنىڭ چاچلىرى، كىيىم-كېچىكى، تۇرقى-سىياقى ئۆزگىچە بولۇپ، ئەينى زاماندىكى ئاياللار ئوبرازىنى ئەينەن ياراتقان. ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئۇسسۇلچى قىز سىياقىدىكى ھەيكەل ئۆزگىچە كىيىنگەن ۋە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتتە تەسۋىرلەنگەن بولسا ، ئائىلە ئەمگىكى قىلىۋاتقان يەنى يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىۋاتقان، دان ئاداۋاتقان ، خېمىر يۇغۇرىۋاتقان، نوغۇچ بىلەن خېمىر يېيىۋاتقان، نان راسلاۋاتقان ئاياللار سىياقىدىكى ھەيكەللەرمۇ ئەينى زامان تۇرمۇشىنى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە نان يېقىپ يەيدىغان مىللىي تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن. قەبرە يادىكارلىقلىرىغا قارىغاندا، ئاياللار ئۈستى-باشلىرىغا ھەرخىل ئېسىل، رەڭدار كىيىملەرنى كىيگەندىن باشقا، پۇتلىرىغىمۇ ئېسىل ئاياغلارنى كىيگەن. مەسىلەن ، ئاياللار ئۇزۇن ۋە كالتە قونچۇلۇق ئۆتۈك، ھەرخىل خۇرۇم ئاياقلارنى كىيىشتىن باشقا ياز پەسلىدە ناھايىتى يېنىك ، يۇمشاق، پاشنىسى يوق توقۇلما ئاياغلارنىمۇ كىيگەن ئىكەن. ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ھەرخىل كىيىم-كېچەك ۋە چاچ پاسوندىكى ياغاچ ھەيكەللەر بىلەن ئەر-ئايال باش كىيىمى كىيگەن ھەيكەللەرمۇ خۇددى ھازىرقى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پىسخىك ھالىتى ۋە كىيىم پاسونىغا ئوخشايدىغانلىقى بىلەن ئارخېئولوگلارنى ھەيران قالدۇرغان.

ئاستانە ۋە قاراغوجىدىن تېپىلغان ئەرلەر سىياقىدىكى ھەيكەللەرمۇ ئەينى زامان تۇرپان ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، ئەرلەر (ئەر سىياقىدىكى ھەيكەللەر) باشلىرىغا دوپپا، تۇماق، مالىخاي كىيگەندىن باشقا، يارىشىملىق چاچ قويۇۋېلىشقان. بەزى ھەيكەللەر خۇددى كومېدىيە ئويناۋاتقان يۇمۇرلۇق، كۈلكىلىك قىياپەتتە تەسۋىرلەنسە ، ئەمەلدار سىياقىدىكى ھەيكەللەر ھاكاۋۇر، قېتىۋالىدىغان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئاتلىق چەۋگەن توپ ئويناۋاتقان ماھىر تەنھەرىكەتچى سىياقىدىكى رەڭدار ھەيكەل پۈتۈن دىققىتىنى توپقا مەركەزلەشتۈرگەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنسە ، ئات باقار-مىراخور سىياقىدىكى رەڭدار ھەيكەل يارىشىملىق ئۇزۇن تۇماق، قايرىما ياقىلىق پەلتو، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، بېلىنى بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالغان ھەممە ناھايىتى يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان ئۇيغۇر يىگىتى ئوبرازىنى ياراتقان. قەبرىدىكى جىن-ئالۋاستىلارنى تىز پۈكتۈرەلەيدىغان باتۇر ياماراجا-قەبرە مۇئەككىلى سىياقىدىكى رەڭدار ھەيكەل ئالۋاستىنى دەسسەپ، ناھايىتى غەزەپلەنگەن قىياپەتتە

تەسۋىرلەنسە ، قىزىقچى سېرىكچى سىياقىدىكى ئۆزۈن تۇماقلىق ھەيكەل قويىنىدىن بىر نەرسىنى چىقىرىپ سېھىرگەرلىك ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

قەدىمدىن سېرىك —تىياتىرغا ماھىر تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن ئەينى زامانىدىكى سېرىك ـتىياتىر ئويۇنىنى تەسۋىرلەيدىغان رەڭدار ھەيكەللەرمۇ خېلى كۆپ تېپىلدى. مەسىلەن ، بېشىغا خادا قويۇپ خەتەرلىك ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان، موللاق ئېتىۋاتقان سېرىكچى ھەيكەللەر بىلەن نىقابلىق شىر ئويۇنى ئويناۋاتقان ، تۆگە ۋە كالا سىياقىدا نىقابلىنىپ قىزىقارلىق نىقابلىق تىياتىر ئويناۋاتقان ھەيكەللەر ئەينى زامان تۇرپان ۋادىسىنىڭ سېرىك ـتىياتىر سەنئىتىنى ئەينەن ئىپادىلىگەن.

ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 301ـنومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ئادەم بېشى سىياقىدىكى لاي ھەيكەللەر بىلەن 304ـنومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ئادەم بېشى سىياقىدىكى لاي ھەيكەللەر لايدىن ياسىلىپ، يۈز ـكۆز، ئېغىز ـبۇرۇن چىقىرىش ئارقىلىق ئادەم بېشى سىياقىغا كەلتۈرۈلگەن. قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئەر ـئاياللار سىياقىدىكى ياغاچ ھەيكەللەر بىلەن ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قول قوشتۇرۇۋالغان قىياپەتتىكى ھەيكەللەرمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق ۋە ئۆلچەملىك ياسالغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەمەلدار سىياقىدىكى ھەيكەل ۋە تۇغ كۆتىرىپ ئاتلىق ماڭغان چەۋەنداز سىياقىدىكى ھەيكەل قاتارلىق نەپىس، كۆركەم ھەيكەللەر مىلادىيە 3ـئەسىرلەردىن تاكى مىلادىيە 8ـئەسىرلەرگىچە بولغان ئارلىقتىكى تۇرپان ۋادىسى ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ھەيكەللەر تارىختىكى تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردىن، زامان چاڭ ـتوزانلىرىدىن ۋە چەتئەللىكلەردىن ئېشىپ قالغان ۋە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن تۇرپان ۋادىسى ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

### *8.يۇرتىمىز ھەيكەلتىراشلىق نەمۇنىلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىشى*

1870ـيىلى بەدۆلەت ـياقۇپبەگ يېنىغا كەلگەن ئەنگلىيىلىك دوگلاس فورسېتنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق قۇم ئوكيانىغا غەرق قىلىنغان تارىم مەدەنىيىتىگە قىزىقىشى بىلەن ئەنگلىيە، چار رۇسىيە ، فرانسىيە ئارقا ـئارقىدىن ھەرخىل ناملاردىكى «خادىم» لىرىنى ۋادىسىمىزغا كىرگۈزۈشكە باشلىدى. «ئارخېئولوگ»، «ئىلمىي تەكشۈرگۈچى» ۋە «ئېكسپېدىتسىيىچى» نامىدىكى بۇ ئەجنەبىيلەر ۋادىسىمىزدا ـئۆزلىرى خالىغان جايلاردا ئەركىن ھەرىكەت قىلىپ تارىم مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ئاجايىپ نەمۇنىلەرنى ۋە كۆز چاقنىتىدىغان نەپىس بەدىئىي سەنئەت (ھەيكەل) جەۋھەرلىرىنى تاپتى ھەمدە ئۇنى سانسىزلىغان تۆگىلەرگە ئارتىپ ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مەشھۇر مۇزېيېخانىلىرىنى كىشىنىڭ كۆزىنى چاقناتقۇدەك دەرىجىدە ئاجايىپ بېيىتىۋەتتى. ئۇلار تارىم بوستانلىقىنى «سىرلىق رايون»، «يوشۇرۇن ئۆلكە»، «تىلسىمات» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ، بۇ رايوندا ھازىرقى كىشىلەرگە ئانچە مەلۇم بولماي كەلگەن قەدىمكى يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاجايىپ مولىقىنى بايقاشتى. 1900ـيىللىرىدىن باشلاپ ئامېرىكا، ئەنگلىيە ، فرانسىيە، شۋېتسىيە، دانىيە، فىنلاندىيە، نورۋېگىيە، ياپونىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق ئىلىم ـپەن تەتقىقاتى راۋاجلانغان ئەللەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئارقا ـئارقىدىن ئۆمەك تەشكىللەپ يۇرتىمىزغا كېلىپ ئۆزلىرى خالىغان جايلاردا تەكشۈرۈش ـقېزىش، كولاشلار ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئەلمۇساقتىن دۇنياغا ئانچە مەلۇم بولماي كەلگەن تارىم ۋادىسى خەلقئارادىكى كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دىققەت ـئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئالتۇندەك كۆز قاماشتۇرىدىغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولغىنى ئۈچۈنلا ئىككى ئەسىرچە بۇلاڭ ـتالاڭ مەيدانى بولۇپ قالغان يۇرتىمىز شۇنىڭدىن كېيىنلا دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـپۇشقاقلىرىغىچە تونۇلدى. نەتىجىدە كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ «ئارخېئولوگ» لىرى، «تۈركولوگ» لىرى ۋە «ئېكسپېدىتسىيىچى» لىرى ھەممە ھەرخىل ساختا نام بىلەن كەلگەن «خادىم» لىرى فېئودالىزىم ۋە دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ بۇيۇنتۇرۇقى ئاستىدا غەلىپەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ غەرىبانە يۇرتىمىزدا توسالغۇسىز ھەرىكەت قىلىپ، بۇ غەلىپەت باسقان تىمتاس زېمىن ئۇلارنىڭ خەزىنە كولايدىغان ۋە غەنىيمەت ئالىدىغان «ئوۋ مەيدانى» غا ئايلىنىپ قالدى. ئىككى ئەسىر داۋام قىلغان بۇ بۇلاڭ ـتالاڭدا ۋادىسىمىزنىڭ قەدىمكى ھەيكەللىرى تامامەن دېگۈدەك چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. ۋادىسىمىزدىكى قەدىمكى شەھەر ـقەلئە خارابىلىرى، ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقلار، ئىبادەتخانىلار، مىڭئۆيلەر ۋە باشقا قەدىمگاھلاردا ئاچ كۆز چەت ئەل مەدەنىيەت بۇلاڭچىلىرىنىڭ جىنايەتكار ئاياق ئىزلىرى قېلىشتى. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە يەنە ۋادىسىمىزدىكى بىر قىسىم «گۆھەر ئىزلىگۈچى» لەر بىلەن «كېپەن ئوغرىلىرى» ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ئۇلگۈردى. ئۇلار كونا خارابىلەردە «گۆھەر ئىزلەش» بىلەنلا قالماي،

ئەجنەبىيلەرنىڭ پۇلغا قىزىقىپ، ئۇلارغا يول باشلاش، قېزىش-كولاش، يۆتكەش، توشۇشلىرىغا ياردەملىشىش، «گۆھەر ئوغۇشۇپ بېرىش»، «تېپىشتۇرۇش» قاتارلىق شېرىكچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇلارنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلمىش-ئەتمىشلىرى يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن باش كۆتۈرگەن مەختۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشانلىق ئەسەبىيلىكى ۋە خەلقنى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق پىرقىلەرگە ئايرىپ پەيدا قىلغان قانلىق نىزالىرىدىن كېيىنكى يەنە بىر كەچۈرگىسىز تارىخىي ئىللەت بولۇپ قالدى.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ۋادىسىمىزدىن چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن تاش، ياغاچ، لاي، گەچ ھەيكەللەر 1300 تالدىن ئارتۇقراق بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى ئەنگلىيەلىك ستەيىن، گېرمانىيىلىك گرونۋېدىل ۋە لىكوك، فرانسىيىلىك پىللىئوت ھەم ياپونىيە ئوتانى ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن.

يەھۇدىي نەسەبىدىن بولغان ستەيىن (1862_1943 Sir AureL stein) 1900_1901 ,يىللىرى دىيارىمىزغا كېلىپ خوتەندىكى يوتقان، راۋاق، دەندان ئۆيلۈك، خادىلىق، دامكو، نىيە، ئەندىرە قاتارلىق جايلاردا؛ 1906_1908 ـيىللىرى نىيە، ئەندىرە ، مىرەن، كرورەن ھەمدە تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچادا؛ 1914_1915 ـيىللىرى تۇرپاندىكى قەدىمگاھلاردا قېزىش-ئاقتۇرۇش ئېلىپ بارغاندا ناھايىتى نۇرغۇن ھەيكەللەرنى تېپىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنى ئەنگلىيىدىكى بۈيۈك بىرتانىيە مۇزېيى بىلەن ھىندىستاندىكى يېڭى دېھلى مۇزېيىغا قويغان. بۇ ھەيكەللەرنىڭ تەپسىلاتى ۋە فوتو سۈرىتى ئۇنىڭ «قەدىمكى خوتەن(Ancient Khotan) »، «غەربىي يۇرت(Serindia) »، «ئاسىيانىڭ مەركىزى (Innermost Asia)» قاتارلىق نەچچە توملۇق كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان.

گېرمانىيىلىكلەر ۋادىسىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇلاڭچىلىقىدا يېڭى رىكوت ياراتقان. ئىلگىرى-كېيىن گرۈنۋېدىل (1856_1935 Albert GrunwedeL) بىلەن لىكوك (1860_1930 ، von Lecoq Albert) باشچىلىق قىلغان گېرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى ئارقا-ئارقىدىن تۆت قېتىم ئۆمەك تەشكىللەپ كەلگەن، يەنى 1902_1903 يىللىرى گرونۋېدىل تۇرپاندا؛ 1904_1905 ـيىللىرى لىكوك تۇرپاندا؛ 1905_1907 ـيىللىرى گرونۋېدىل بىلەن لىكوك بىرلىكتە كۇچا ۋە تۇرپاندا؛ 1913_1914 ـيىللىرى لىكوك كۇچا ۋە مارالبېشىدا قېزىش-ئاقتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، تاپقان نەچچە يۈز ساندۇق يادىكارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ گېرمانىيەدىكى بېرلىن ئېتنوگراپىيە مۇزېيىغا قويغان. ئۇلار پەقەت تۇرپاندىنلا 233 ساندۇق، كۇچا بىلەن قاراشەھەردىن 452 ساندۇق يادىكارلىقلارنى يۆتكەپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە 290 دانە ھەيكەل، 620 پارچە كېسىلگەن تام رەسىملىرى ۋە باشقا برونزا، ياغاچ، ساپال، يىپەك بۇيۇملار بار ئىدى. گېرمانىيىلىكلەر ئېلىپ كەتكەن 400 دانىدەك ھەيكەلنىڭ تەپسىلاتى ۋە فوتو سۈرىتى لىكوكنىڭ «قوچو(Chotscho) »، «قەدىمكى كۇچا»، «جۇڭگوشىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى» (يەتتە توملۇق) قاتارلىق كىتابلىرىدا، گرونۋېدىلنىڭ «1902_1903 ـيىللىرى ئىدىقۇت شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش دوكلاتى» قاتارلىق كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان.

فرانسىيىلىك پىللىئوت (1878_1945 ، Paul pelleot) باشچىلىقىدىكى ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى 1906 ـيىلى قەشقەر شەھىرى ئەتراپى، مارالبېشىدىكى توققۇز ساراي قاتارلىق جايلاردا؛ 1907 ـيىلى بايدىكى قىزىل مىڭئۆي، كۇچادىكى قۇمتۇرامىڭئۆي، سۇ بېشى، دۇلدۇلئوقۇر خارابىسى قاتارلىق جايلاردا قىزىش-ئاقتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ 380 ساندۇقتىن كۆپرەك يادىكارلىقلارنى پارىژغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، جىمىي مۇزېيىغا قويغان. پىللىئوت ۋادىسىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن ھەيكەللەرنىڭ تەپسىلاتى ۋە فوتو سۈرىتى ئۇنىڭ «تۇمشۇق(TOMOchouq) »، «كۇچا (Koutcha) » قاتارلىق نەچچە توملۇق كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان.

ياپونىيەدىكى توكيولۇق راھىب ئوتانى كوئول (1876_1948) لوندوندا ئوقۇۋاتقاندا «تارىم ئېكىسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى» دىن خەۋەر تېپىپ خۇندا كېلىيۇ، ئىنوۋى كوئېن، ۋاتانابى تىششىن، خۇرى كېنيۇ، تاجىۋانازىچاۋ، نومۇرا ئېزابرونى، يوشكاۋا شو ئېجرو قاتارلىقلاردىن ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ ۋادىسىمىزغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار 1902_1904 ـيىللىرى خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر ۋە تۇرپانلاردا؛ 1908_1909 ـيىللىرى تۇرپان، قاراشەھەر، كروران، مىرەن، نىيە، خوتەن، كۇچا، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا؛ 1911_1914 ـيىللىرى كروران، خوتەن، تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردا قېزىش-ئاقتۇرۇشلار ئېلىپ بېرىپ تاپقان 400 ساندۇقتىن كۆپرەك يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى توكيوغا، ئاز بىر قىسمىنى لۇشۇن مۇزېيى بىلەن جەنۇبىي كورىيىدىكى دۆلەتلىك مۇزېيىغا قويۇلغان. ياپونىيىلىكلەر ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ھەيكەللەرنىڭ تەپسىلاتى ۋە فوتو

سۈرىتى 1915_يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسىدىكى سۈرەتلەر شەجەرىسى» نىڭ بىرىنچى قىسمىدىكى «ھەيكەللەر قىسمى» دا ۋە 1962_يىلى نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»نىڭ 5_تومى بولغان «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتى» قىسمىدا ئېلان قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا شىۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (1865_1952 Sven Hedin Anders), ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ۋە رۇسىيىلىك نىكولاي پرېژۋالسكى، ئالبېرت رېگېل، روبوروۋسكى، ئولدېنبورگ، دېمىتر كېلېمېنتس، فرانسىيىلىك دوترېئول رېنس، فېرناندگرئارد قاتارلىقلارمۇ ۋادىسىمىزغا كېلىپ نۇرغۇن يادىكارلىقلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكەندى.

ئۇلارنىڭ ۋادىسىمىزغا كەلگەن-كەتكەنلىكى، قايسى جايدىن قانداق يادىكارلىقلارنى تاپقانلىقى ھەمدە قېزىپ-ئاقتۇرغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلات ئاپتورىنىڭ «چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ يۇرتىمىزدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش، قېزىلمىشلىرى توغرىسىدا» (ئاپتورنىڭ 1999_يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 306_350_بەتلىرىدە) دېگەن زور ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسىدە تەپسىلىي توختالغاچقا، ئۇ مەزمۇنلار بۇ ماقالىدە قايتا تەكرارلانمىدى.

قەدىمكى ھارارەتلىك زېمىن تۇرپان ۋادىسىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقاتىمنىڭ نەتىجىسى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

**ئىزاھاتلار:**

(38)(26)(25)(11)(8)(7)(1)ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە نەققاشلىق سەنئىتى ھەققىدە» («شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى» نىڭ 1983_يىل 2_سانىدا)، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەيكەلتىراشلىقى ھەققىدە» («شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى» نىڭ 1988_يىل 12_سانىدا)، «تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان قەدىمكى ھەيكەللەر ھەققىدە» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1990_يىلى 8_ئاينىڭ 7_كۈندىكى سانىدا)، «ئاستانە قەبرىسىدىن تېپىلغان سىركچى ھەيكەللەر» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1999_يىل 10_ئاينىڭ 6_كۈندىكى سانىدا)، «خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ-تەكشۈرۈش ھەققىدە» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 1997_يىلى 3_سانىدا)، «ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن ۋادىسىمىزنىڭ قەدىمكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىگە نەزەر» («شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2006_يىللىق 1_2_سانى، 2007_يىللىق 1_سانىدا) ناملىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرىگە قاراڭ.

(2)ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، 52_53_بەتلەر.

(3)ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(4)ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002_يىلى 3_ئاي، 1_نەشرى، 25_بەت.

(5)يۇقىرىدىكى كىتاب، 26_بەت.

(6)ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1997_يىلى 8_ئاي، 1_نەشرى ، 16_بەت.

(9)ۋاڭ بىڭخۇا «قىيا تاش چېكىلگەن تارىخ-شىنجاڭنىڭ قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى ئىپتىدائىي دىنى ئۇسسۇللار ئۈستىدە تەتقىقات» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1988_يىللىق 1_سانىدا) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(10)سۇن بوخەينىڭ «جىنس ئېتىقادىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1991_يىلى 1_سانىدا) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(12)تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى :«توقسۇن ناھىيىسىدىكى قاغىچاق قەدىمكى قەبرىستانلىقنى تازىلاشتىن خەۋەر»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1987_يىل 7_سان.

(17)(16)(15)(13)ليۇ شۈتاڭنىڭ «شىنجاڭ رايونىدىكى تارىختىن ئىلگىرىكى زامان ياغاچ ئويما ئادەم ھەيكەللىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىشى» («جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى» نىڭ 1999_يىلى 5_ئاينىڭ 5_كۈنى سانىدا) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(14)شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «ئالغۇيدىكى تىك لەھەتلىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرىلەرنى

قېزىشتىن خەۋەر»، «مەدەنىيەت-يادىكارلىقلار»، خەنزۇچە، 1981-يىلى 1-سان.

(19)(18)ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، 37-45-بەتلەر.

(21)(20)شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى: «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1991-يىل 1-ساندا) غا قاراڭ.

(22)ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» (1995-يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى ) 324-326-بەتلىرىگە قاراڭ.

(23)لىيۇ خۇڭلىياڭنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈرك بالباللىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1992-يىل 1-ساندا) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(24)ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، 147-بەت.

(27)ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 116-117-بەتلەر.

(28)شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى: «شىنجاڭ تۇرپاندىكى ئاستانە شىمالىي رايونىدىكى قەبرىلەرنى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1960-يىلى، 6-ساندا.

(37)(36)(29)جىن ۋېيرۇ، لى يۈيچۈن: «جاڭ شيۇڭ ئەر-ئايال قەبرىسىدىكى ھەيكەللەر ۋە دەسلەپكى تاڭ دەۋرىدىكى قونچاق تىياتىرى» «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1976-يىلى 12-ساندا.

(30)ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى: «تۇرپاندىكى ئاستانە ۋە قاراغوجا قەبرىستانلىقلىرىنى 1966-1969-يىللىرىدىكى قېزىش-تازىلاش دوكلاتى »، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1972-يىل 1-ساندا.

(31)ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى: «تۇرپاندىكى ئاستانە ۋە قاراغوجا قەبرىستانلىقلىرىنى 1972-1973-يىللىرىدىكى قېزىش-تازىلاشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1975-يىل، 10-سان، لى جېڭ: «شىنجاڭ ئاستانىدىكى تاڭ دەۋرىگە خاس ئۈچ قەبرىدىن تېپىلغان ئېسىل رەخت سىزما رەسىملەر ۋە ۋەسىقىلەر قاتارلىق يادىكارلىقلار»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1975-يىل، 10-ساندا.

(32)شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى: «تۇرپاندىكى يېڭىدىن تېپىلغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە، 1973-يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى ساندا، شۇ قېتىمقى قېزىشنىڭ تەپسىلاتى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» نىڭ 1975-يىللىق خەنزۇچە 10-ساندىمۇ ئېلان قىلىنغان.

(33)شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، 108-115-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983-يىل، خەنزۇچە، 1-نەشرى.

(34)شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى: «تۇرپاندىكى قاراغوجا قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1978-يىل 6-ساندا.

(35) ۋاڭ جېجۈڭ: «ئاستانىدىكى 336-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان بىر نەچچە ھەيكەللەر»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1962-يىل 7-، 8-سانلىرىدا.

(ئاپتور :ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەش ئىشخانىسىدا)

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# سىڭگىم ئېغىزى قەبرىستانلىقى 2-نۇمۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى

سىڭگىم ئېغىزى قەبرىستانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى سىڭگىم كەنتىنىڭ جەنۇبىغا، سىڭگىم سۇ ئامبىرى بىلەن يالقۇن تاغ ئارىسىدىكى يانتۇلۇققا جايلاشقان، شەرقتە تۇرپان شەھىرى بىلەن 40 كېلومېتىر كېلىدۇ (1-رەسىم). 312 - نۇمۇرلۇق دۆلەت تاش يولى تۇرپان - پىچان قوش لىنىيەلىك قۇرلۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا بايقالغان بولۇپ، 2006 - يىلى 5- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى تاش يولنىڭ شىمالىي قىسمىدا دەسلەپكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ باردى. قېزىش ماتېرىيالى تېخى ئېلان قىلىنمىدى. 2007- يىلى تۇپا قېزىش ماشىنىسى بىلەن يول ياساش ئۈچۈن يول ياقىسىدىكى دۆڭلۈكتىن تۇپا ئېلىش جەريانىدا جەسەت سۆڭەكلىرى بىلەن بىر قىسىم بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، يولنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى قەبرىستانلىق بايقالغان. شۇنىڭ بىلەن، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيەسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنىدىكى خادىملىرى قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى .2007 - يىلى 10- ئايدا ئاتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ قېزىش قىلىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى كەسپى خادىملارنى تەشكىللەپ قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك تازىلاش ئېلىپ باردى. قېزىش خىزمىتى 2 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

*1.قېزىش جەريانى*

1.باسقۇچ : 2007 يىلى — 10 - ئاينىڭ 14- كۈندىن2007 — يىلى11 - ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە، 10×10 مېتىردىن توققۇز نوقتا تەكشۈرۈش-قېزىش ئارقىلىق 26 قەبرە بايقالدى.

2.باسقۇچ : 2008 -يىلى 4- ئاينىڭ 4-كۈندىن 28- كۈنىگىچە، 10×10 مېتىردىن تۆت تەكشۈرۈپ — قېزىش نوقتىسى ئېچىلىپ بەش قەبرە قېزىلدى.



胜金店墓地发掘探方和墓葬分布图　比例 0 10米

www.uyghurkitap.com



2_ قىتىملىق




图一 胜金店墓地地理位置示意图

قې

زىشتا جەمى 31 قەبرە قېزىلىپ (2_رەسىم) بىرتۈركۈم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى. قەبرىلەرنىڭ قىسقىچە بايانى:

قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبى يالقۇنتاغ، شىمالى ئۆزۈۋېتىلگەن كونا 312- نومۇرلۇق دۆلەت تاش يولى،

قەبرىستانلىقنىڭ غەربىدە جىلغا ، شەرق تەرەپىدە دېھقانلارنىڭ ئۈزۈم قۇرتۇدىغان چۈنجىسى بار . بىر قانچە يىللاردىن بۇيان كەلكۈن سۈيىنىڭ ئېقىتىشى سەۋەبىدىن قەبرە ئۈستىگە لاي_لاتقىلار تىنىپ قەبرىستانلىق لاي_لاتقىلارنىڭ ئاستىدا قالغان ، قەبرە يۈزىدە ھېچقانداق بەلگە قالمىغان. ئازگال قېزىپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق 50_80 سانتىمېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقتا يەر يۈزى قاتلىمىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قەبرە ئېغىزى بايقالدى. يەر يۈزى يانتۇ بولغانلىقتىن، يامغۇر سۈيى سىڭىپ كېتىشكە ئۇلگۇرمەيلا ئېقىپ كېتىپ، ھەرقېتىملىق يامغۇر سۈيى يېڭى قوغداش قاتلىمى شەكىللەندۈرگەچكە بەزى قەبرىلەر ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ساقلىنىپ قالغان قەبرىلەر ئېللىپىس شەكلىدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىغى 42 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى23 مېتىر. قەبرىلەرنىڭ تارقىلىشى تەكشى، تەرتىپلىك، ئارلىقى 3 مېتىردىن 8 مېتىرغىچە، بىر_ بىرىنى بۇزۇۋەتكەن، بىر_ بىرىگە قاتلانغان ئەھۋاللار يوق، بەزى چوڭلار قەبرىسىنىڭ يېنىغا باللارنى قويغان.

سىڭگىم قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ شەكلى ئۈچ خىل بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى قەبرىلەرنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىر خىلى ئۇزۇن چاسا شەكىللىك تىك قۇدۇقلۇق ئىككى قات پەلەمپەيلىك قەبرە (A تىپ). ئىككى قات پەلەمپەي ئىككى ئۇزۇن چاسا تەرەپكە لاھىيلەنگەن. قەبرە ئاغزى بىلەن بولغان چوڭقۇرلىغى 0.6_0.8 مېتىر كېلىدۇ. ئىككى قات پەلەمپەي ئۈستىگە توم ياغاچلار ۋە قېلىن پەنلەر قويۇلغان، قەبرە ئېغىزىنى ئىمكان بار ھەم ئېتىپ توغرا ياغاچ ئۈستىگە كىگىز ياكى توقۇلغان بورا قاتارلىق سېلىنچىلارنى ياپقان، يەنە ئۈستىگە قۇمۇچ ، ئۇسۇملۇك ئوت_چۆپلەرنى ياپقان. ئىشلەتكەن ئۇسۇملۇكلەر ئومومىيۈزلۈك ئالقات، قۇمۇش، تېرىق ، يېكەن، بۇغداي پاخلى بولۇپ، ئۈستىنى يەنە بىر قەۋەت تۇپا بىلەن چىڭداپ كۆمگەن. ئىككىنچى خىلىنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇزۇن چاسا شەكىللىك تىك ئورەكلىك تۇپا قەبرە (B تىپ). تېمى تۈز، قەبرە ئېغىزى بىلەن قەبرە ئاستى ئۇزۇن، كەڭلىكمۇ ئوخشاش، ئالدىنقىسىغا ئوخشىمايدىغىنى ياپقان ئوت _ چۆپلەر بىۋاستە قەبرە ئېغىزىنىڭ ئۈستىگىلا يېپىلغان. 3_ خىلى تىك ئورەكلىك يان لەھەتلىك قەبرە (C تىپ)، بۇ چاغدىكى تىك ئورەك قەبرە يولى ، تىك ئورەكنىڭ ئۈستى ئېغىز تەرەپى تار ئۇزۇن ،ئورەك ئاستى قىسمىنىڭ ئۇزۇن تەرپىنى بويلاپ پەلەمپەي چىقىرىلغان بولۇپ ، ئۇدۇل تەرەپىنى ئويۇپ لەھەت چىقارغان .توغرا كەسمە يۈزى ئۇتۇكسىمان شەكلىدە. قەبرە ئېغىزىدىن پەلەمپەينىڭ ئاستىغىچە يانتۇ ھالەتتە ياغاچ لىملارنى رەتلىك ھالدا تىزىپ يان لەھەتنىڭ ئېغىزىنى توسۇغان ھەم ئۈستىگە كىگىز ۋە بورىنى يېپىپ، يەنە ئۈستىگە ئۇسۇملۇك شاخ _ شۇمبۇلىرىنى قويۇپ تۇپا بىلەن تىندۇرغان. كۆپ ساندىكى C تىپتىكى قەبرىلەر يۇقىرىدىكى ئۇسۇلغا ئوخشاش شەكىلدە تەكرار مەشىق ئۇسولىنى قۇللانغان. قەبرە ئەسلىھەلىرى ئاساسلىق تىك تۆت تەرەپلىك تۆت پۇتلۇق ياغاچتىن ياسالغان جەسەت كارۋىتى. ئۇزۇن چاسا شەكىللىك رامكىنىڭ ئوتتۇرسىدا ئىككى تال ياغاچ توغرىسىغا قويۇلغان ، تۆت بۇلۇڭىدا قىسقا تۆت پۇتى بار. ئۆتكۈر بىسلىق

ئەسۋاپ بىلەن تۇشۇك ئۇيۇپ ئۆز-ئارا چېتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. لىم ياغاچ ئۇستىگە ئىنچىكە ياغاچ تاللىرىنى رەتلىك تىزىپ ، تېرىدىن ئىشلەنگەن ئىنچىكە تاسما بىلەن ئۆز-ئارا چىڭ باغلىغان. يەنە بەزى كارۋاتلارنىڭ ئۇستىگە كارۋات بىلەن تەڭ چوڭلۇقتا ئەگمە شەكىلدە ياپقۇچ قويۇلغان. كارۋات ياپقۇچ تال چىۋىقلىرىنى ئەگىپ ئەگمە شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئىنچىكە خۇرۇم تاسما بىلەن ئۆز-ئارا باغلاپ چىگىتىپ ياسىغان ياپقۇچ ئۇستىگە كىگىز يېپىلغان. مۇشۇ خىل كارۋات قويۇلغان قەبرىلەر ئازراق بولۇپ، كۆپ ساندىكى قەبرىلەرنىڭ تېگىگە يۇمشاق قۇم يېيىتىلغان ياكى ئۇسۇملۇك پاخلى سېلىنغان. قەبرىستانلىقتىكى بۇ قەبرىلەر يالغۇز كىشىلىك، قوش كىشىلىك قەبرىلەر بولۇپ، ئاز ساندىكىسى 3 ئادەمدىن يۇقىرى قوشۇپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردۇر. قوشۇپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئەر-ئايال بىرگە دەپنە قىلىنغان، قەبرىلەر ئاز ساندا يەنە ئوخشاش جىنىستىكىلەر بىللە دەپنە قىلىنغانلىرىمۇ بار. قەبرىلەر ئىچىدە ئىلگىرى ئوغرىلانغان قالايمىقان قىلىنغانلىرىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم قەبرىلەردىكى جەسەتلەرمۇ قالايماقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن . يەنە بەزى قەبرىلەر ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتكەنلىكتىن ئىچىدىكى جەسەت ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ ئورنى يۆتكىلىپ قالايماقان بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تېرە كىيىملەرنىڭ ئىچىگە ئوراپ قويغان سۆڭەكلەرمۇ بايقالدى. بۇ خىل ئەھۋال ئېھتىمال ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن .قالايمىقان بولۇپ كەتكەن قەبرىلەردە قاتلاپ قويۇلغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇ قەبرىنى كۆپ قېتىم ئېچىپ جەسەت دەپنە قىلىنغانلىقتىن شەكىللەنگەن هادىسە. دەپنە ئۇسۇلى ئاساسلىق بەدەن تۈپتۈز هالەتتە، بەدەن تۈز پۇتى پۈكلەنگەن هالەتتە بولۇپ ، بەدىنى يانچە پۇتى پۈكلەنگەن هالەت ناهايىتى ئاز . بەدىنى تۈز پۇتى پۈكلەنگەن دەپنە قىلىش ئالاهىدە بولۇپ ، بەدەنىنىڭ ئۇستۈنكى يېرىمى سەل ئىچىگە ئېگىلگەن، ئىككى قول قورساق قىسمىغا قويۇلغان، بەلنىڭ ئاستى ئۇستىگە ئېگىلىپ، ئىككى تىزنىڭ ئىككى يېنىغا قوپال قومۇچ تاياقچە تىرەپ قويغان . هەممەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ساپال قاچىلار ۋە ياغاچتىن ياسالغان ساقلاش بۇيۇملىرى كۆپىنچە جەسەتنىڭ باش قىسمىغا ، سەل ئۇزۇنراق بۇيۇملاردىن مەسىلەن، ئوقيا قاتارلىقلار جەسەتنىڭ ئوڭ يان تەرەپىگە قويۇلغان. ئايرىم ئوقيا قېپى قەبرە ئېغىزىنى ياپقان ياغاچ لىمغا ئېسىپ قويۇلغان . قالغان كۆپ قىسىم قاچا-قۇچىلار، قەبرە ئىگىسى هايات ۋاقتىدا ئېلىپ يۈرگەن ، كىيىپ يۈرگەن ، هەم ئېسىپ يۈرگەن هالىتىدىكى ئورنىغا قويۇلغان.

2. قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار. قەبرە جايلاشقان يالقۇن تاغ بەلۋىقى قۇمساڭغۇ تۇپراق بولۇپ، قۇرغاق ،يامغۇرى ئاز كىلىمات بولغانلىقتىن هەممە قەبرە ئېغىزى هەم ئىتىلگەنلىكتىن ساقلاش تەس بولغان ياغاچ بۇيۇملار يۈك توقۇلما ، تېرە بۇيۇملار ياخشى ساقلىنىپ قالغان. قەبرىلەردىن ناهايىتى كۆپ ياغاچ، سۆڭەك، تېرە، يەنە ساپال ، مىس، تۆمۈر، تاش، هېقىق، ئەينەك شارچە مارجان قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى. ياغاچ بۇيۇملار تۈرلىرىدىن چىنە، قەدەھ، تاۋاق، هجىر،ۋازا، چىلەك، غىلاپ، چاچ قىسقۇچ، بىگىز، تۈگمە، قوزۇق، ئورچۇق، ئوقيا، ئورغاق ساپىغى، هاسسا، تاج بۆك، يالغان پۇت قاتارلىقلار بار. تېرە بۇيۇملاردىن ئاساسلىق: ئۆتۈك، تۈگمە، ئۇيماق، ئاسىرغۇچ قاپ، غىلاپ، ئوقيا قېپى ئوقدان، رەسىم سىزىلغان قوي تېرىسى پارچىسى قاتارلىقلار بار . ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپەرەكى ئۆز رەڭگىدە بولۇپ ، بەزىلىرىنىڭ سىرتى قىزىل رەڭدە، سىلىق هەم پاقىراق بولۇپ بۇيۇملارنىڭ شەكلىمۇ ئۆلچەملىك. موهىملىرىدىن: قەدەھ، چىنە، هجىر، چۆگۈن، تەڭنە، قوش قۇلاقلىق كومزەك قاتارلىقلار بار. مىتال بۇيۇملاردىن تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ئىلمەك، مىس پىچاق، مىس هالقا، هايۋاناتلار سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن زىننەت بۇيۇمى قاتارلىقلار بار. يەنە قەبرە بىلەن قەبرە ئېغىزىنى ياپقان ئوت-چۆپلەر ئىچىدە بۇغداي، ئارپا، ئالقات، قومۇش، يىكەن، يانتاق، كۆرمەك ئوت، تۈلكە قۇيرۇق ئوت قاتارلىق ئۇسۇملۇكلەر بار.

ياغاچ تاج(بۆك) ئاجايىپ غەيرى ئۇنىڭ ئۇستىگە، شەكلى هەرخىل. ئىچىدىكى بىر خىلى گەۋدىسى يۇقۇقا ياغاچ تاختايدىن چاپلاپ ياسىغان بولۇپ، هەممە تەرىپى چاسا سېلىندىرسىمان شەكىلدە، ئوتتۇرسى بوش. ئاستى ئېغىزى چاسا شەكىلگە ئوخشاپ كېتىدۇ، چوڭكى تۆت تەرەپىنىڭ ئىچىدە بىر تەرىپىلا تۈز، قالغان ئۈچ تەرىپى سەل يايسىمان شەكىلدە بولۇپ، سىرتقا كۆپۈپ چىققاندىن، كېيىن پەيدىن-پەي ئىچىگە تارتىلىپ، ئۆچلۇقسىمان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. ئوتتۇرسى سەل تۆمارراق، تۈز تەرىپى بىلەن ئۇدۇل بولغان يانتۇ تەرىپىنىڭ ئۇستىگە ئۈچ بۇرجەكلىك پالاقچە يەنى قانات ئورنىتىلغان، كېمىنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاستىنقى ئۇچىدا كىچىك قوش تۆشۈكچە بولۇپ، سىلىندىرسىمان ياغاچنىڭ ئىچىگە ياغاچ تاياقچىنى كىرگۈزۈپ ، ياغاچ مىخنى مىخلاپ چىڭىتىدۇ. ياغاچ تاياقچە – ئۇزۇن چاسا گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇستىدە تاياقسىمان تۆشۈكچە بار، چاچنى ئوراپ تاجنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ باشقا مۇقىملاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ياغاچ زىننەت تاج (بۆك) نى ياش ئەرلەر كۆپرەك كىيىدۇ. ياش ئاياللار كىيىدىغان ياغاچ زىننەت تاج(بۆك) ئىككى خىل . بىر خىلى يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش شەكىلدىكى زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، بىر پارچە خام كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن، هەجمى كىچىكرەك، ياغاچ تاجغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ يىنىك مىخ، پالاقچىلىرى تولۇق. بۇ خىل خۇرۇم تاجنىڭ كەينىگە ئىككى تال كۆتۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇش رولىغا ئىگە يۇلغۇن تاياقچىسىنى ئورناتقان ، تېگى تەرەپىدىن تاكى ئۇستىگىچە بىتىپ بارىدۇ. كۇنىسسىمان كالا تېرىسى ئارقا تەرپىدىن تىكىلگەن ، ئىككىدەن بىر قىسمىدا ئازاراق ئاجراش ئەهۋالى بولۇپ، قۇيرۇق بىلەن يۇلغۇن تاياقچىسغا چىڭ يېپىشتۇرۇۋېتىلگەن . بايقالغان ۋاقتىدا جەسەتنىڭ باش قىسمىغا كىيگۈزۈلگەن ، ئىچىدە چاچ ۋە قارا رەڭلىك چاچ تور پارچىسى ساقلىنىپ قالغان. يەنە بىر خىل تاج (بۆك) بولۇپ، تۆۋەن قىسمى يۇمۇلاق سىلىندىر شەكىلدە يۇقۇقا ياغاچ تاختاينى ئەگىپ يېپىشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىغان. ياپقۇچ بىلەن يۇمۇلاق كاناي بىرلەشتۇرۇلۇپ قۇراشتۇرۇلغان، ئېغىزى سەل يېيىلاڭغۇ، گىرۋىگىدە ئىككى ئۈچى كۆپۈپ چىققان، يۇقۇقا گىرۋەكلىك بولۇپ، ئۇددى دۇم كۆمتۈرۈپ قويغان ياغاچ چىلەككە ئوخشايدۇ. ياپقۇچنىڭ ئوتتۇرسىدا يېرىم يۇمۇلاق ۋە چاسا شەكىلدە ئىككى دانە تۆشۈك بار ، چاچ قوش تۆشۈكچىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ چىگىلىپ چىلەككە ئوخشاش تاج باشتا مۇقىم تۇرغۇزۇلىدۇ. چىلەكنىڭ ئۇستى تەرىپىنىڭ ئىككى يېنىغا ئايرىم – ئايرىم هالدا بىر تالدىن سەل ئەگرى يۇمۇلاق تاياقچە بېكىتىلگەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەلگىلىك بۇلۇڭ ھالەتتە ئىككى يانغا ئايرىلىپ تۇرۇدۇ. ياغاچ تاج ياسالغاندىن كېيىن گەۋدىسىنىڭ سىرتىنى قوي تېرىسىدە ئوراپ قارا رەڭگە بوياپ، ھايۋاناتلارنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بوخىل تاج بۆكنى ياساپ چىققان. يۇقىرىدا بايان قىلغان تاج- بۆكلەر كۆپەرەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكلى ، ئىشلىتىلىشى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلى ئاساسەن ئوخشاش.

قېزىش جەريانىدا ئارىلاشما ماتېرىياللاردىن ياسالغان يالغان پۇت بايقالدى. بۇ ناھايىتى كاتتا بايقىلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ پۇت قېزىۋېلىنغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ شەكلىنى كۆرگەندىن كېيىن مەيداندىكى خادىملار ھەيران قېلىشتۇق. ئۇنىڭ قانداق بۇيۇم ، نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى، نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىسكىلىتىنىڭ يېشى، جىنىس ئايرىمىسىنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش جەريانىدا قەبرە ئىگىسىنىڭ سول پۇتىنىڭ سۆڭىگىدە كېسەللىك ئەھۋالى بارلىقى بايقالدى، چۈنكى جەسەتنىڭ يوتا سۆڭىكىنىڭ رەڭگى ئوخشاش ئەمەس، ئەڭ ئېغىر بولغىنى بۇ ئەر جەسەتنىڭ سول يوتا سۆڭىكى، پاقالچاق سۆڭىكى، يان پاقالچاق سۆڭىكى، لىپەك سۆڭەكلىرى سۆڭەك ماددىسى ئۆسۈپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۆز-ئارا تۇتۇشۇپ ئۆسۈپ مۇستەكەم تار بۇلۇڭ شەكىللەنگەن . يوتا سۆڭەك بىلەن پاقالچاق سۆڭەك 70 گرادۇسلۇق تار بۇلۇڭ ھالەتنى شەكىللەندۇرگەن . بىرسى تاساددىپى يالغان پۇت دېگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك ھەممىسى ھاڭۋېقىپلا قالدى.

يۇرۇشلەشكەن يا، ئوقيا ۋە ئوقيا قېپى (قەدىمدە غىلاپ ، تور دەپ ئاتىلدۇ. ئادەتتە ئاتىلىشى ئوق-يا قېپى)، يۇرۇشلۇك ئوقيا قېپى قېزىۋېلىنغان ۋاقىتتا قەبرە ئېغىزىنى ياپقان ياغاچ لىمغا ئېسىپ قويۇلغان ئىكەن . ئوق-يا قېپى ھەشەمەتلىك كاتتا بولۇپ تاسما بىلەن تىككەن كەمەرنىڭ بېشى ئۇستىگە كالا مۈڭگۈزىدىن نەپىس ياسالغان تۈگمە تۇتۇلۇپ كەڭ كەمەر بىلەن باغلانغان، شۇڭا مورۇگە ئېسىۋالغىلى ياكى بەلگە باغلىۋالغىلى بولىدۇ. يا قېپى كىيىك تېرىسىدىن تىكىلگەن، تراپېتسىيە شەكلىدە ئۇستى كەڭ، ئاستى تار . ئوقدان ئەمەلىيەتتە ئىككى دانە يۇمۇلاق تۇربا شەكلىدە بولۇپ، كىيىك تېرىسىدىن تىكىلگەن بىرى ئۇزۇن يەنە بىرى قىسقا، ئۇزۇنىنىڭ ياپقۇچى بار، قىسقىسىنىڭ ئېغىزى يېپىلاڭغۇ، ئىشلىتىش زۆرۈر بولمىغان ۋاقىتتا، ئوقيانى ياپقۇچلۇق ئوقدان قېپىغا سېلىپ ساقلاشقا بولىدۇ. ئىشلىتىدىغان ۋاقىتتا، ياپقۇچى يوق قىسقا ئوقدان قېپىغا سېلىپ قويۇشقا بولىدۇ. ئېلىپ ئىشلىتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئوقيانىڭ قويرۇق تەرەپى سىرتقا چىقىرىپ قويۇلىدۇ. يا بولسا تەتۈرسىگە قايرىلىپ بىرىكتۈرۈلۈپ ياسالغان . بۇ خىل يا ھەجىم جەھەتتىن چوڭ ھەم كۈچلۈك بولۇپ قالماستىن بەلكى پىشقلاپ ئىشلەش سەنئىتى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. ئوقيا قوشۇمچە ئۆۋچىلىق قورالى بولۇپ قالماستىن ئۇرۇش قورالى، چېنىقىش قورالى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىدارلىق بولۇشتەك ئالاھىدە ئەھمىيەتچانلىققا ئىگە .

يا ياسىغۇچى يانى ياسىغاندا، ئىشتىن ئىلگىرى چوقۇم 6 خىل ماتېرىيالنى يەنى تاياقچە، مۈڭگۈز، يىلىم، پەي، سىر، يىپ قاتارلىقلارنى تاللىۋالدۇ، ئەمما تۇرپان ئويمانلىقىدا كېيىنكى ئىككى خىل ماتېرىيال كەم بولغاچقا بوغا تېرىسى يىلىمى ۋە قوي ئۈچەيىنى ئىشلىتىدۇ. دەستىسى يىراقنى قارىغا ئېلىشتا ، مۈڭگۈزى تېز قارىغا ئېلىشتا، پەي ئېنىق قارىغا ئېلىشتا ، يىلىم ھەر-خىل ماتېرىياللارنى بىرلەشتۇرۇپ يا دەستىسىنى ياساشتا ، ئۈچەي يا دەستىسىنىڭ چىڭ بولۇشقا ئىشلىتىدۇ. يانى ياساشنىڭ تەرتىۋى ئالدى بىلەن يا دەستىسى ياسىلىدۇ . ياسىلىدىغان ماتېرىياللار ئىچىدە يا دەستىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ئېلاستىكلىقى يۇقىرى تۆۋلغا ياغىچىنى ئوتتا قاقلاپ ئەگرى-بوگرى شەكىلگە كەلتۈرىدۇ.كالا مۈڭگۈزى يا دەستىسىنى ترەپ تۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ ئالدى بىلەن مۈڭگۈزنى پارچىلاپ، ئوتتا قاقلاپ ياپىلاقلاپ ،ئەگرى –بوگرى شەكىلگە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىككى تەرىپىگە سىزىقچە ئويۇپ، يىلىمنى سۇرۇپ يا دەستىنىڭ ئىچى تەرىپىگە چاپلايدۇ. پەي بولسا مۇستەھكەملىك دەرىجىسىنى ئاشۇرىدىغان بولغاچقا ئۈچ يول يا دەستىنىڭ سىرتىغا ياتقۇزۇلىدۇ. كىرىچ ياغا تەتۈر ئىلىنىپ يا دەستىسى قىزدۇرۇلۇپ ئوقيا شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئومۇميۈزلۈك قايتا – قايتا پەي، ئۈچەي ئورۇلۇپ يىلىم سۇرۇلىدۇ. يا كىرىچى كالا پېيىدىن ياسىلىدۇ. ئىككى ئۈچىغا ھالقا بېكىتىلىپ، ھالقىغا تاسمىنى ئورايدۇ، كىرىچنىڭ ئوتتۇرسىغىمۇ تاسما ئوراپ كىرىچنىڭ بالدۇر ئۈپۈراپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇ.

2. 3- نۇمۇرلۇق قەبرىنىڭ قېزىلىشى 2- نومۇرلۇق قەبرە (رەت نۇمۇرى:2007 TSM2) M7 – نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئوتتۇرسىنىڭ سەل شەرقىغە جايلاشقان، شەرقىي شىمالى M1 قەبرە بىلەن، غەربىي جەنوبى M3 قەبرە بىلەن قوشنا بولۇپ ، جەنوپتىن شىمالغا يۆلۈنۈش بويىچە رەتلىك قويۇلغان ، يۆلۈنۈشى 300°. 1. قېزىش جەريانى يەر يۈزى لاي-لاتقا قاتلىمى بولۇپ 54 سانتىمېتر قېلىنلىقتىكى تۇپراق قاتلىمىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ، قومۇش، بوغداي، ئالقات قاتارلىق ئوت-چۆپلەر بىلەن ياپقان قەبرە ئېغىزى بايقالدى، قەبرە ئېغىزى يېپىلغان بۇيۇملار تازىلىنىپ ، قەبرە ئېغىزى ئېچىلىپ تىك ئۆرەك ئىچىدىكى تىندۇرۇلغان قۇم ۋە ئوت-چۆپ پاخاللىرى تازىلىنىپ 82 سانتىمېتىرغا يەتكەندىلا ياغاچ لىم بايقالدى ، يان لەھەت ئېغىزى ۋە ئورەك ئاستىدىكى جەسەت سۆڭەكلىرى كۆرۈلدى. يان لەھەت ئىچىمۇ قۇم بىلەن توشۇپ كەتكەن، ئاۋال شىمالى تەرەپىدىن يەنى جەسەتنىڭ باش تەرەپىدىن باشلاپ تازىلاندى . تازىلاش جەريانىدا ئاۋال قوش قۇلاقلىق ساپال كومزەك ئۇچۇردى، يەنە داۋاملىق تازىلاش جەريانىدا تاق قۇلاقلىق قەدەھ، قۇراشتۇرۇپ ياسىغان يالغان پۇت قاتارلىقلار ، جەسەت ۋە دەپنە بۇيۇملار ئاشكارلاندى. قەبرە قۇرۇلمىسى بۇ خىل تىك ئۆرەكلىك يان لەھەتلىك قەبرىلەردە ئادەتتە قەبرە ئېغىزى يانتۇ شەكىلدە ياغاچ ۋە شاخ- شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان بولىدۇ . يەتكەندىلا ياغاچ لىم بايقالدى ، يان لەھەت ئېغىزى ۋە ئورەك ئاستىدىكى جەسەت سۆڭەكلىرى كۆرۈلدى.




**图三　2007TSM2平、剖面图**

1. 陶单耳罐　2. 陶单耳杯　3. 陶单耳杯　4. 木盘
5. 复合弓　6. 复合弓　7. 木橛　8. 假肢

يان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەھەت ئېچمۇ قۇم بىلەن توشۇپ كەتكەن، ئاۋال شىمالى تەرەپىدىن يەنى جەسەتنىڭ باش تەرەپىدىن باشلاپ تازىلاندى . تازىلاش جەريانىدا ئاۋال قوش قۇلاقلىق ساپال كومزەك ئۇچرىدى، يەنە داۋاملىق تازىلاش جەريانىدا تاق قۇلاقلىق قەدەھ، قۇراشتۇرۇپ ياسىغان يالغان پۇت قاتارلىقلار ، جەسەت ۋە دەپنە بۇيۇملار ئاشكارلاندى. قەبرە قۇرۇلمىسى بۇ خىل تىك ئۆرەكلىك ياكى لەھەتلىك قەبرىلەردە ئادەتتە قەبرە ئېغىزى يانتۇ شەكىلدە ياغاچ ۋە شاخ- شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان بولىدۇ .1. . ئەمما بۇ لەھەتنىڭ تىك قۇدۇقنىڭ ئاستىغا يەنە بىر ئادەم قويۇلغانلىقتىن، قەبرە ئېغىزىنى ياپقان ئەسلىدىكى قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن. تىك ئۆرەكلىك قەبرە يولىنىڭ ئۈستى ئېغىزىنى قارا بۇيا ياغاچ، ئوت-چۆپلەر بىلەن ياپقان . كۆلىمى قەبرە ئېغىزىدىن سەل چوڭراق ، ئۈستىنكى ئېغىزى سوزۇنچاق بولۇپ ئۇزۇنلىغى cm168،كەڭلىگى cm 76 .تېمى تۈز بولۇپ چوڭقۇرلىقى cm 110 . ئۇزۇن تەرەپىنى بويلاپ يان لەھەتنى ئويغان، ئۇتتۇرىسىدىن ئېچكىرىلەپ ئويۇلغان بولۇپ ،cm 43 ئېچكىرىلىكتە ،ئېگىزلىكى 42 cm .قەبرە تىگى تەكشى ئۇزۇن تەرەپى ياي شەكىلدە ، قىسقا تەرەپى سوزۇنچاق. ئەمما بۇ لەھەتنىڭ تىك قۇدۇقنىڭ ئاستىغا يەنە بىر ئادەم قويۇلغانلىقتىن، قەبرە ئېغىزىنى ياپقان ئەسلىدىكى قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن. تىك ئۆرەكلىك قەبرە يولىنىڭ ئۈستى ئېغىزىنى قارا بۇيا ياغاچ، ئوت-چۆپلەر بىلەن ياپقان . كۆلىمى قەبرە ئېغىزىدىن سەل چوڭراق ، ئۈستىنكى ئېغىزى سوزۇنچاق بولۇپ ئۇزۇنلىغى 168 cm ،كەڭلىگى 76cm .تېمى تۈز بولۇپ چوڭقۇرلىقى 110cm . ئۇزۇن تەرەپىنى بويلاپ يان لەھەتنى ئويغان، ئۇتتۇرىسىدىن ئېچكىرىلەپ ئويۇلغان بولۇپ ،43cm ئېچكىرىلىكتە ،ئېگىزلىكى 42 cm .قەبرە تىگى تەكشى ئۇزۇن تەرەپى ياي شەكىلدە ، قىسقا تەرەپى سوزۇنچاق شەكىلدە ئۇزۇنلىقى 168cm ،كەڭلىگى 119 cm كېلىدۇ ئۇزۇنسىغا كەسمە يۈزى ئۇتتۇك شەكىلدە .(3-رەسىم).

1. جەسەت

جەمى ئىككى ئادەم دەپنە قىلىنغان ، ئورەك ئېچىدىكى جەسەتنىڭ بەلىنىڭ ئاستى قىسمى يان لەھەت ئېچىدىكى جەسەتنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، ئەھۋالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى ئۆرەك ئېچىگە قويۇلغىنى سەل كېيىنرەك A ئۆرەك ئاستىغا قويۇلغان ، بېشى غەربى شىمالغا، يۈزى شەرىققە قارىتىلغان، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ پۇت قىسمى پۈكلەنگەن، باش سۆڭىكى ۋە پۇت-قوللىرى سىرتقا چىقىپ قالغان، قالغان سۆڭەكلىرى كىگىزگە ئورالغان . B جەسەت يان لەھەت ئېچىدە بولۇپ بېشى غەربى شىمالغا، يۈزى ئۈستىگە قارىتىلغان ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ پۇتى پۈكلەكلىك ھالەتتە، ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئەر. باش سۆڭىكى پارچىلىنىپ كەتكەن، سول پۇتىدا كېسەللىك ئالامىتى بار بولۇپ، يوتا سۆڭىكى، پاقالچاق سۆڭىكى، يانپاقالچاق سۆڭىكى،لىپەك سۆڭىكى سۆڭەك ئۆسۈپ قېلىش سەۋەبىدىن ھەرىكەت قىلىش قولايسىز بولغان، 70° بۇلۇڭ ھالىتىدە تۇتۇشۇپ كەتكەن . ھەرىكەت قىلالمايدۇ .

2. دەپنە بۇيۇملار

جەمى 8 تال بولۇپ، 2 — نومۇرلۇق تاق قۇلاقلىق قەدەھ A جەسەتنىڭ باش قىسمىنىڭ ئالدى تەرەپىگە قويۇلغاندىن باشقا، يەنە بىر دانە تاق قۇلاقلىق ساپال قەدەھ ، بىر دانە قوش قۇلاقلىق كۆمزەك ، بىر دانە ياغاچ تاۋاق B جەسەتنىڭ ئوڭ تەرەپىگە، بىر تال ياغاچ قوزۇق پۇتنىڭ ئاستىغا قويۇلغان. ساپال بۇيۇملار ھەممىسى قوم ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان قىزىل رەڭلىك ساپالار. M2:1 . قوش قۇلاقلىق ساپال كۆمزەك، تۈز كالپۇكلۇق، قورساقلىق، تۈز تەگلىك، قورساق قىسمىدا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل قوش قۇلىقى بار. ئېغىزىنىڭ دىئامېترى 10.8 cm، قورسىقىنىڭ ئايلانمىسى 17.5cm، ئىستىنىڭ دىئامېترى 9.5cm ، ئېگىزلىكى 20.5cm.(4-رەسىم 7)

M2:2.تاق قۇلاقلىق ساپال قەدەھ، ئېغىزى گىرۋەكلىك، يۇمۇلاق قورساقلىق ، تۈز تەگلىك، ئېغىزىنىڭ گىرۋىكىدە تاق قۇلقى بار. ئېغىزىنىڭ دىئامېترى 9.2 cm ، قورسىقىنىڭ ئايلانمىسى 9.5 cm ، ئاستىنىڭ دىئامېترى6.5 cm ، ئېگىزلىكى 8.2 cm . ( 4-رەسىم 7) M2:3. تاق قۇلاقلىق ساپال قەدەھ، ئېغىزى قورۇلغان، شارسىمان قورساقلىق، تۈز تەگلىك، قورساق قىسمىدا تاق قۇلقى بار بولۇپ، قىزىل رەڭلىك ، پاقىراق ھەم سىلىق. ئېغىزىنىڭ دىئامېترى 6.2 cm ، قورساق ئايلانمىسى 8.4cm ، ئاستىنىڭ ئايلانمىسى6.4 cm، ئېگىزلىكى 7.2cm (4-رەسىم 4)

M2:4. ياغاچ تاۋاق، ئېغىزى ئېللىپس شەكىللىك، قۇرسقى تېيىز، قېلىن تاختايىنى قىرىپ ياسىغان. ئېغىز ئۇزۇنلۇق دىئامېتىرى 36.8 cm ،

قىسقا دىئامېتىرى 16.6cm،ئېگىزلىگى4.2 cm،(4_رەسىم5)

M2:5 . بىرىكتۈرمە ئوقيا، تەتۈرسىگە بەش ئەگمىلىك، ئوتتۇرسى بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى تۆۋلغا ياغىچىنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ ، ئۈستىخانى ياساپ، ئىچىگە كالا مۈڭگۈزى پارچىسىنى چاپلاپ سىرتىغا كالا سىڭىرىنى يېپىشتۇرۇپ، پەيدىن ياسالغان يىپنى ئورىغاندىن كېيىن يىلىم سۈركىگەن. ئوقيا ئۇچى ئۈچ بۇرجەكلىك، دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان ئېلمەككە ئوخشاش بولۇپ، كىرىچنى ئىلىشقا قولايلىق. تارتىلغان كىرىچ ياخشى

ساقلانمىغان، ئوقيانىڭ ئۇزۇنلىغى 112.8cm ،تومىلىقىنىڭ دىئامىترى 2.2 cm،(4 رەسىم 1 )

M2:6.بىرىكتۈرمە ئوقيا، ئۇزۇلۇپ كەتكەن. ئوتتۇرسىغا بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ياغاچنى تىرەك قىلغان، ئىچىگە كالا مۈڭگىزىنى چاپلىغان، سىرتىغا سىڭىرنى ئوراپ يىلىم سۈرگەن. ئوقيا ئۇچى ئۈچ بۇرجەكلىك بولۇپ ، دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان ئىلمەككە ئوخشايدۇ. ئوقيا پارچىسىنىڭ

ئۇزۇنلىغى39.6 cm،تومىلىقىنىڭ دىئامېتىرى 2.2cm،(4_رەسىم 2)

M2:7. ياغاچ قوزۇق، تەبىئى ياغاچنى قىرىپ ياسىغان. قوزۇقنىڭ ئۇچى كۆپ قىرلىق بىگىزسىمان شەكىلدە. ئۇزۇنلىقى 42.4cm، دىئامېتىرى 4.6 سانتىمىتىر.(4_رەسىم 3 )

M2:8.يالغان پۇت ، بىرىكمە ماتېرىيال بىلەن ياسىغان. ئاساسي گەۋدىسى بىر پارچە قېلىن قارىيغاچ تاختايىنى (ئېنىڭ ئەمەس ، ئېھتىمال قىيىن دەرىخى بولۇشى مۇمكىن) پىشقلاش ئارقىلىق ياسىغان، ئېگىزلىكى 90.2cm. ئۈستىنكى يېرىم قىسمى مۇقىم تاختاي بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 52cm ، بولۇپ، قەبرە ئىگىسىنىڭ پۇت ئۇزۇنلىقى بىلەن دەلمۇ_ دەل كېلىدۇ. تاختاينىڭ ئۈستىنكى قىسمىنىڭ كەڭلىكى8.8 cm، ئاستى قىسمىنىڭ

كەڭلىكى 7.2cm، ئوتتۇرسىدىكى ئەڭ توم جاينىڭ قېلىنلىقى 2.5 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىككى يېنى بارغانسېرى نېپىزلىتىلىپ بىر سانتىمېتىرغا

كەلتۈرۈلگەن. باش قىسمىنىڭ ئوتتۇرسىغا تىك قىلىپ ئىككى دانە يۇمىلاق تۆشۈكچە ئويۇلغان بولۇپ، تاسما ئارقىلىق پۇتنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا قارىتا ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا ياكى قول ئارقىلىق چېگىتىپ تۇرۇشقا قولايلىق. ئىككى يېنىدا ئايرىم_ئايرىم ھالدا 7 دانە تۆشۈكچە بار، تۆشۈكچىلەردە تاسما قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان ، يوتا قىسمىنى باغلاشقا ئىشلەتكەن. يالغان پۇتنىڭ ئوتتۇرسى يۇمىلاق شەكىلدىكى تۇتاشتۇرغۇچى دەستە بولۇپ، دىئامېتىرى 3.6. تۇتاشتۇرغۇچى دەستە بىلەن مۇقىم تاختاي ئوتتۇرسىدا پىشقلانغان تاسمىنى ئۈچ يۆگەم ئورىغان ھەم بوشاپ چۇشۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقا بىر تال تاسما بىلەن ئارقىمۇ_ئارقا ئۇلىغان. ئاستى قىسمى مۈڭگۈزنى پىشقلاش ئارقىلىق پۇتنىڭ تاپىنى شەكلىگە كەلتۈرگەن بولۇپ ، مۈڭگۈز پۇتنىڭ ئۇزۇنلىقى 18 سانتىمېتىر، ئاستى يېرىمى بىر قەدەر ئىنچىكە، ئۇچى شىناسىمان شەكىللىك بولۇپ ، يەرنى مورلاپ تېيىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق.(4_ رەسىم 8 )

www.uyghurkitap.com






**图四 2007TSM2随葬器物**

1. 复合弓（M2:5） 2. 复合弓（M2:6） 3. 木橛（M2:7） 4. 陶单耳杯（M2:3）
5. 木盘（M2:4） 6. 陶单耳杯（M2:2） 7. 陶双耳罐（M2:1） 8. 假肢（M2:8）

### *4.خۇلاسە*

بۇ قېتىمقى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئانالىز قىلىشىمىزچە، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىلگىرى بايقالغان سۇ بېشى مەدەنىيىتى بىلەن ناھايىتى كۈچلۈك ئورتاقلىقى بار. بۇ خىل مەدەنىيەت قالدۇقلىرى تۇرپان ئويمانلىقىدا كەڭ تارقالغان . مەسىلەن، تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل، يارغول غولىنىڭ شىمالى؛ توقسۇن ناھىيەسى قاغىچاق، ئالغۇي؛ پىچاندا ئۈچ كۆرۈك، سۇ بېشى ، ياڭخىي قاتارلىقلار بار. بۇ مەدىنىيەت قالدۇقلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى مىس قۇراللار دەۋرىدىن كېيىنرەكى غەربى خەن دەۋرىگىچە يىتىپ بارىدۇ. سىڭگىم قەبرىستانلىقىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق يىل دەۋرىنى بۇنىڭدىن2050 ـ 2200 يىللارغىچە دەپ بېكىتىلدى. غەربى خەن دەۋرىدە بۇ يەردە غۇزلار ياشىغان. قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قورامىغا يەتكەن ئەر - ئايال بىللە دەپنە قىلىنغان بۇلۇپ ، بۇ خىل ئەھۋال ئېتىمال بىر ئائىلىدىكى ئەر- ئايالنى دەپنە قىلغان بۇلۇشى مۇمكىن. قەبرىنىڭ كۆلىمى ، دەپنە بۇيۇملىرىنىڭ ئاز – كۆپلىكىدە چوڭ پەرىق بۇلۇپ ، بۇ غەربى خەن مەزگىلىدىكى غۇز دۆلىتىدىكى بىر جامە قەبرىستانلىقى بۇلۇشى مۇمكىن.




图五 假肢使用部位和方法复原图

دەپنە بۇيۇملىرىدىن ئاساسلىق ياغاچ، تىرە ، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار بولۇپ ، يەنە قوي، ئات، سۆڭەكلىرىمۇ كۆپ. ئوقيا ئوۋ ئوۋلاش ۋە مال-چارۋىلارنى قوغداشقا ئىشلىتىلگەن. ئەينى زاماندا يەنىلا چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساس بولغان. بۇغداينىڭ تېرىلىشى ، بىر بۆلەك كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقنى چۈشەندۈرۈدۈپ بېرىدۇ. تۆت چاسا ياي شەكىللىك ياغاچ كارۋات ياپقۇچ ، تال چىۋىقلىرىنى ئېگىپ مويىي بار تاسمىلار بىلەن باغلاپ ياسىغان بولۇپ ، ئۈستىگە كىگىز ياپقان. كارۋات ياپقۇسىنىڭ شەكلى ئېھتىمال قەبرە ئىگىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كىگىز ئۆينىڭ شەكلىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە، بىز دائىم شۇ تۆردىكى يۇمۇلاق ئىگىز ئەگمىنى ھازىرقى زاماندىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۇرالغۇسىغا ئوخشاتساق ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل كارۋات ياپقۇ ئېھتىمال جەسەت ساندۇغىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

سىڭگىم قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان ياغاچتىن، تىرىدىن ياسالغان ۋە تىكىلگەن تاج بۆكلەرنىڭ تۈرى تولۇق ، بىر قەدەر مۇكەممەل ساخلانغان ، شۇنداقلا قىزىتۇالغان ۋاقىتتىكى ئورنى باشنىڭ ئالدىدا بولۇپ، بۇ نۇختا ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىگىز ئۈچلۇق بۆك شەكلىدىكى تاج، ياڭخىي قەبرىستانلىقى، سۇ بېشى قەبرىستانلىقى ،ئالغۇي قەبرىستانلىقى، ئۈچ كۆۋرۈك قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىنمۇ بايقالغان. يۇقىرىدا بايان قىلغان ئورۇنلادا ئوخشاش بۇيۇملارنى كىيدىغان ئەر-ئايالىلارنىڭ، ئوخشاش بولمىغان ياشتىكى پاسۇنى بېكىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2- نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان يالغان پۇت ئۈستىلىق بىلەن ياسالغان ، ئۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلدىغانلىقنى ئاسان بېكىتكىلى بولمايدۇ. تاختاي ئۈستىدىكى ۋە يان تۆشۈكلەردىكى تاسمىلارنىڭ ئۇپىراش ئىزلىرىغا ئاساسەن، ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە ئىشلىتىش ئۇسولىنى توغرا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.(5- رەسىم).

قەبرىلەر جايلاشقان تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ياغاچ يۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش تارىخي ئۇزۇن بولۇپ، ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىڭگىم

ئېغىزىغا ئانچە يىراق بولمىغان ياغىچي ۋە سۇ بېشى قەبرىستانلىقى مىس قۇراللار دەۋرىدىن باشلاپ، دەسلەپكى تۆمۈر قۇراللار دەۋرىدىن تاكى خەن دەۋرىگىچە بولغان ۋاقىتتىكى قەبرىلەردىن قېزىلغان ياغاچ بۇيۇملار باشقا تۈردىكى بۇيۇملاردىن كۆپ ، بۇلۇپمۇ ئەڭ بۇرۇنقى قەبرىلەردىكى ، دەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ھەممىسى ياغاچ بۇلۇپ تۈرى مول. بۇ ماكاندا ياشىغان كىشىلەر ناھايىتى بۇرۇنلا كېسىش – قىرىش ، تۈشۈك ئېچىش، ئويمۇچىلىق، تۇخۇمسىمان تۈشۈك ئۇيۇش، سۇركەپ سىلىقلاش، ئۈلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئىگىلىگەن. ئىشلەپچىقىرىش، ياساش تېخنىكىسى كامالەتكە يەتكەن ، ياغاچ بۇيۇملارنىڭ تۈرى تولۇق، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش دىن، مۇزىكا قاتارلىق جەھەتلەردە كەم بولسا بولمايدىغان قۇرالغا ئايلانغان. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگىنىمىزدە، بىرىكمە ماتېرىيالدىن يالغان پۇت ياساشتا تېخنىكا جەھەتتە ھېچقانداق قىيىن مەسىلە يوق. لېكىن يەنىلا كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا بىر مېيىپ كىشىنىڭ كارامىتىگە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. ھازىرغا قەدەر، تۇرپان رايونىدا بايقالغان بىردىن بىر ـ 1 تال شۇ خىلدىكى بۇيۇمنىڭ بايقىلىشى ،ھەتتا دۇنيا ئارخېئولوگىيە بايقىشىدىمۇ ئوخشاشلا مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.



M2 قەبرە رەسىمى



M2:1 قوش قۇلاقلىق ساپال قەدەھ

M2:2 تاق قۇلاقلىق ساپال قەدەھ





**M2:3** تاق قۇلاقلىق ساپال قەدەھ



**M2:4** ياغاچ تاۋاق



**M2:5** ئوق



**M2:6** ئوقيا



**M2:7** ياغاچ قوزۇق

www.uyghurkitap.com

M2:8 يالغان پۇت(ئۇدۇل،ئارقا كۆرۈنۈشى)



M2 كىسەل پۇت



(تەييارلىغۇچى: زۇلپىيە مەمەت:تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)
تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# يەكەندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

دىلارا ئىسراپىل ئىسراپىل يۈسۈپ

يېقىندا، بىز مارالبېشى تەۋەسىدىكى توققۇزساراي خارابىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھېسابات دەپتىرىنىڭ ئىككى پارچە كەمتۈك ۋارىقى (چوڭ پارچىسىدا 41 قۇر، كىچىك پارچىسىدا 9 قۇر خەت بار ) ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزنى پۈتتۈرگەندۇق. گەرچە بىز ھازىرغىچە كۆرگەن مارالبېشى ۋە يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە تەۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ئوخشاشمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنى خاتىرىلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى شەكىل جەھەتتىن تامامەن دېگۈدەك ئوخشايدۇ (ئۇلاردىكى پەرق بەزىدە I(ل) ھەرپىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ شەكلى قاتارلىق كىچىك مەسىلىلەردە كۆرىلىدۇ). شۇڭا بىز توققۇزساراي قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھېسابات دەپتىرى كەمتۈك ۋاراقلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىمىزنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشتىن ئىلگىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنىي ۋەسىقىلەردىن ئوقۇرمەنلەرنى تولۇقراق خەۋەردار قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ بۇ ماقالىنى يازدۇق.

ئەنگلىيەلىك سانسكرىتشۇناس خوئېرنلې (**A.F.R.Hoernle**) 1898 ـ يىلى «ئەنگلىيە قولغا كەلتۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمىي بويۇملىرى ھەققىدە دوكلات»[1] دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر دوكلاتىدا، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرغان كونسۇلى ماكارتنېي (**Sir G. Macartney**) خوتەندىن يىغقۇالغان ئەرەب يېزىقىدىكى تۆت پارچە (بۇلاردىن ئۈچىنىڭ تىلى ئەرەبچە ، بىرىنىڭ تىلى پارسچە)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 24 پارچە ۋەسىقىنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، يىلى خاتىرىلەنگەن پارس تىلىدىكى ۋەسىقىنىڭ ھجرىيە 401 ـ يىلى(1010 ـ 1011 ـ يىللىرى) يېزىلغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە ۋەسىقىدىكى تانۇق (شاھىد ـ گۇۋاھچى)لارنىڭ ئىسمى ۋە ئەمەل ناملىرىنىڭ قەدىمكى تۈركچە ئىسىملار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. 1903 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئىرانشۇناس مارگولىئوس (**D.S.Margoliouth**) 《پادىشا جەمەتى ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى》 دا ماقالە ئېلان قىلىپ، پارس تىلىدىكى ھۆججەتنىڭ ھجرىيە 501 ـ يىلى(1107 ـ يىلى) پۈتۈلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام ھۆججەتلىرىدە قوللىنىدىغان شەكىلدە يېزىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[2]. مانا بۇ، شىنجاڭدىن تېپىلغان قاراخانىيلارغا تەۋە قوليازمىلار توغرىسىدىكى تۇنجى مەلۇمات ۋە تەتقىقات ئۇچۇرى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋەسىقىلەر توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر بېرىلمىدى.

1914 ـ يىلى، فرانسىيەلىك خۇئارت (**C.Huart**) 《 ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە يەكەن ۋەسىقىسى》[3] دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، بۇ ئۈچ پارچە ۋەسىقىنى پېللىئوت (**P.Pelliot**) ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مەزگىلدە (1906 ـ 1908 ـ يىللاردا) يىغقۇالغانلىقىنى، ئۇلارغا پۈتۈلگەن ھجرىيە يىللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ 1096 ـ، 1112 ـ ۋە 1114 ـ يىلى، يەنى قاراخانىيلار يەكەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە يېزىلغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. بۇنى يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە تەۋە ۋەسىقىلەر توغرىسىدىكى تۇنجى ئىلمىي ماقالە دېيىشكە بولىدۇ.

مارسېل ئېردال (**Marcel Erdal**) 1984 ـ يىلى ئېلان قىلغان 《قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى يەكەن ۋەسىقىلىرى》[4] ناملىق ئىلمىي ماقالىنىڭ كىرىش سۆزىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەنگلىيەلىك ئې.د.روس (**E. Denison Ross**) ئاشكارىلىغان خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1911 ـ يىلى يەكەن تەۋەسىدىكى بىر گۈللۈك باغدىكى دەرەخ تۈۋىدىن 15 پارچە ۋەسىقە تېپىلغان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي كونسۇل ماكارتنېيغا

---

[1] A.F.R. Hoernle, A Report the British Collection of Antiquities from Central Asia', JASB LXX-1, Extra No.1, 1898, pp.26-30.

[2] D.S.Margoliouth, JRAS, pp.761-770.

[3] C.Huart, Trios actes motaries arabes de Yarkend', JA, IV, XIe Serie, 1914, , pp.607-27.

[4] Marcel Erdal, 'The Turkish Yarkand Documents' BSOAS, XLVII, 2, 1984, pp.260-301.

تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، ئاندىن ماكارتنىي ئۇلارنى ئەينى چاغدىكى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل باش دىرېكتورىنىڭ ساقلىشىغا بەرگەن. ئې.د.روس ئۇ ۋەسىقىلەرنى رەسىمگە تارتتۇۋالغان بولۇپ، بۇ 15 پارچە يەكەن ۋەسىقىسىنىڭ 7 پارچىسى ئەرەب يېزىقى ھەم تىلىدىكى، 5 پارچىسى ئەرەب يېزىقىدا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى(يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى)، 3 پارچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقە ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بىكىتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەسىقىلەر ئۈستىدىكى كونكرېت تەتقىقاتلار ئې.د. روس تارتقان فوتو سۈرەتكە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان.

1923-يىلى، رۇسىيەلىك ئالىم ۋ.بارتولد (**W.Bartold**) 《قۇتادغۇبىلىگ» تىكى بۇغراخان》[5] ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇ. ئۇ بۇ ماقالىسىدە، ئې.د.روس ئۆزىگە بەرگەن بىر پارچە يەكەن ئەرەبچە ۋەسىقىسى (فوتو سۈرىتى) نىڭ 4-5- قۇرلىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ ئوغلى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان، يەنى [ملك المشرق و الصين تفغاج بغرا قراخاقان ابى على الحسن بن سليمن ارسلان قراخاقان][6] (شەرق ۋە چىننىڭ ھۆكۈمرانى تافغاچ بۇغرا قارا خاقان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمان ئارسلان قاراخاقان) نىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ كاتتا ئەسىرى 《قۇتادغۇبىلىگ》نى تەقدىم قىلغان بۇغراخان ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

1942—يىلى،ئەنگلىيەلىك ئىرانشۇناس ۋ. مىنورسكى(**W.Minorsky**) 《بەزى بالدۇرقى مەزگىل پارس تىلى ھۆججەتلىرىگە ئىنقىلما》[7] دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇ. ئۇ بۇ ماقالىسىدە، ئې.د.روس ئۆزىگە قالدۇرغان ئەرەب يېزىقىدا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى بىر پارچە يەكەن ۋەسىقىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بىلەن خوتەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقى پارس تىلىدىكى 1107-يىلى پۈتۈلگەن ۋەسىقىنى بىللە ئېلان قىلدۇ ۋە قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقە بىلەن پارس تىلىدىكى ۋەسىقىنىڭ بايان قىلىش شەكلىنىڭ بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

1968-يىلى ، س.گ. كلاۋسون(**Sir Gerard Clauson**) يەكەندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر بىلەن ئۈچ پارچە ئەرەبچە ھۆججەتنىڭ فوتو سۈرىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلارغا 10 بەتچە ئىزاھ يازىدۇ. بىراق، ئۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، 1974-يىلى 1-مايدا پانىي ئالەم بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

1975-يىلى شىناسى تېكىن (**Şinasi Tekin**) يەكەندىن تېپىلغان ئۈچ پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئېلان قىلدۇ[8]؛ 1979-يىلى، ئۇ يەنە، يەكەندىن تېپىلغان بىر پارچە ئەرەبچە ھۆججەتنى ئېلان قىلدۇ[9].

يەكەندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى، ئاخىرىدا، يەنى 1984-يىلى تولۇق ئېلان قىلغان ئالىم مارسېل ئېردال بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 《قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى يەكەن ۋەسىقىلىرى》 ناملىق ماقالىسىدە،بەش پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە[10] بىلەن بىر پارچە ئەرەب يېزىقى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىنى[11] (شىناسى تېكىن ئېلان قىلغان ئۈچ پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە بىلەن ۋ.مىنورسكى ئېلان قىلغان بىر پارچە ئەرەب يېزىقى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئېلان قىلدى.

بىز بۇ ماقالىمىزدە، مارسېل ئېردال ئېلان قىلغان يەكەندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەش پارچە ۋەسىقىنى تەتقىق قىلغاچ تونۇشتۇرىمىز. بۇ بەش پارچە ۋەسىقىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئوڭدىن سولغا ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۆنىلىشى بويىچە يېزىلغان. يېزىقتا،

[5] W.Bartold, 'The Bughra Khan mentioned the Qutatqu Bilik' BSOS, III,1:151-8.

[6] Monika Gronke, 'The Arabic Yarkand Documents', BSOAS, XLIX, 3, 1986, pp.454-507. (مونىكا گرونكېنىڭ مۇشۇ ماقالىسىنىڭ 479 - بېتىگە قاراڭ )

[7] V.Minorsky, 'Some early documents in Persian (1)', JRAS, 1942, 181-94.

[8] Ş. Tekin, 'Bilinen en eski Islami Türkçe metinler : Uygur harfleriyle yazılmış Karahanlılar devrine ait tarla satış senetleri', Selçuklu Araştırmalar Dergisi', IV, 1975, 157-86.

[9] Ş. Tekin, 'A Qarahanıd document of A.D.1121(A.H.501) FROM Yarkand' in Eucharisterion: essays presented to Omeljan.(Harvard Ukrainian Studies, III-IV, 1979-80, 2:868-83.)

[10] م.ئېردال ئەپەندى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەسلىدە ئۈچ پارچە دەپ ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە تۆت پارچە ۋەسىقە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئې.د.روسنىڭ خاتا بىرىكتۈرىشى بىلەن ئۈچ پارچە دەپ ھېسابلىنىپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە خاتا ھالدا ئەرەب يېزىقى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقە دەپ ئايرىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىنىمۇ ئېنىقلاپ چىققان .

[11] دىلارا ئىسراپىل مەزكۇر ۋەسىقىنى ‹‹تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ›› (ئۇيغۇرچە) نىڭ 2002 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلغان ‹‹ئۈچ خىل ۋەسىقە ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ›› دېگەن ماقالىسىدە تونۇشتۇرغان. بۇ ۋەسىقە ۋ.مىنورسكىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، يەنى ئۇ 1942 - يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئىشلەتكەن ئەرەب يېزىقى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى يەكەن ۋەسىقىسىنىڭ دەل ئۆزى شۇ.

بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى ä (ئە) ھەرپى a ( ئا) دىن پەرقلەنمەيدۇ؛ o (ئو)، u(ئۇ)، ö (ئۆ)، ü (ئۈ) لەرمۇ پەرقلەنمەيدۇ ھەمدە بەزىدە ئەرەبچىدىكى w (ۋ) ھەرپىنى ئىپادىلەيدۇ؛ p،b ھەرپلىرى پەرقلەنمەيدۇ ھەمدە ئەرەب يېزىقى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىگە قارىغاندا، بەزىدە f نى ئىپادىلەيدۇ؛t ھەرپى d ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلگەن ؛ č (چ) ھەرپى بىلەن ئەرەبچىدىكىc (ج) ھەرپىنىڭ پەرقى يوق؛ r (ر)ھەرپىنىڭ ئۈستىگە ئىككى چېكىت، z (ز) ھەرپىنىڭ ئاستىغا ئىككى چېكىت،ž(ژ) ھەرپىنىڭ ئاستىغا ئۈچ چېكىت، s(س)ھەرپىنىڭ ئاستىغا ئۈچ چېكىت، n(ن) ھەرپىنىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلغان؛q (ق)ھەرپىنىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇش ئارقىلىق ğ (غ)، h(خ) لاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن؛ ئەرەبچىدىكى بەزى ھەرپلەر مۇنداق ئىپادىلەنگەن: قەدىمكى ئۇيغۇرچە ğ ياكى h ھەرپىنىڭ ئاستىغا كىچىكلىتىلگەن’ح‘ غا يېقىن بەلگە قويۇپ ḥ(ح) ھەرپى، ğ ياكىh ھەرپىنىڭ ئۈستىگە ە بەلگىسىنى قويۇپ ḣ (ھ) ھەرپى، ğ ياكىh ھەرپىنىڭ ئاستىغا كىچىكلىتىلگەن ’ع‘بەلگىسىنى قويۇپ( ‘) (ع) ھەرپى ئىپادىلەنگەن؛ ’ث‘ ھەرپى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى t ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەن (ئېھتىمال t ھەرپىنىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلغان بولسا كېرەك،بىراق ۋەسىقىلەرنىڭ سۈرىتىدە چېكىت كۆرۈنمەيدۇ.گېزى كەلگەندە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى ،يەكەن ۋەسىقىلىرىدە،يۇقىرىدا دېيىلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە قوشۇمچە بەلگىلەرنى قويۇش ئىزچىللىقتا ياكى تازا ئومۇملۇققا ئىگە ئەمەس ). ۋەسىقىدە يەنە بەزى ئەرەبچە ئادەم ئىسىملىرىنىڭ يېزىلىشىمۇ تازا ئۆلچەملىك ئەمەس. مەسىلەن، ئەرەبچە ئىسىم ’علي‘(ئەلى) ’Äli‘ ياكى Äliدەپ ،’ عثمان‘(ئوسمان) بولسا، ’Utman‘ ياكى Utman دەپ ئىككى خىل يېزىلغان.

تۆۋەندىكى ۋەسىقىلەر تېكىستىنىڭ ئوقۇلغۇسىدا ( ترانسكرىپسىيەسىدە)، [ ] بەلگىسى ۋەسىقىنىڭ يىرتىلغان پارچىسى بىلەن يوقالغان ھەرپلەر ياكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ بەلگىنىڭ ئىچىگە يېزىلغان سۆزلەر ئىلمىي ئاساستا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ( ) بەلگىسى ئىچىدىكى ھەرپلەر ئەسلى تېكىستتە چۈشۈپ قالغان ياكى يېزىلمىغان بولسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئوقۇغىلى بولىدىغان تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ؛ (؟) بەلگىسى مۇشۇ بەلگىنىڭ ئالدىدىكى سۆزنىڭ ئوقۇلغۇسىنىڭ بەك ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ḍ ھەرپى بەلگىسى ئەسلى تېكىستتە t ھەرپى بىلەن يېزىلغان d نى كۆرسىتىدۇ ؛ ۋەسىقىلەردە تۈركى تىلىدىكى d تاۋۇشى سوغدى تىلىدىكى $^{\delta}$ تاۋۇشى ھەرپى(تۈركى تىلىدىكى d غا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ) بىلەن يېزىلغان،بىز ئۇنى ئوقۇلغۇدا d بىلەن ئىپادىلەۋەردۇق. ئىزاھتا،ئىزاھ بېرىلىدىغان سۆز ۋەسىقىنىڭ نەچچىنچى قۇرىدا بولسا،شۇ قۇرنومۇرى ئىزاھلىنىدىغان سۆزنىڭ ئالدىغا يېزىلدى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا داۋاملىق ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەبچە، پارسچە سۆز ياكى ياكى ئادەم ئىسىملىرىغا ئىزاھ بېرىلمىدى.تەرجىمىدە جۈملىنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن، بەزى قۇرلاردىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى.

ۋەسىقىلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى (ترانسكرىپسىيەسى)

## 1. ئەلى سۇباشى بىلەن ئەخمەت ئارسلاننىڭ يەر سېتىش ھۆججىتى

( I.‘ Turki 4 + 5 ’ )

o1. [anıng(?) ta]nuq tanuq-l[a]r atı hät

lar saq-02. adaqınta yad qılıldı tanuq

03. [ta]nuq-luq berür-lär män Bäktüzün

04. Sübašı oğlı tapuğluğ Äli Sübaš

05. [män] Bäktüzün sübašı oğlı Äḥmäḍ

06. Arslan biz ikägü ök adıǧ ig-si

07. toǧa-siz tänḍ(u)rust ärkän öz

08. äqlimiz öz ornimız-ḍa ärkän ıqrar

09. [q]ılur-miz män Äli Sübašı män Äḥmäḍ

10. Arslan Isḥaq čäl(l)ab-qa bir käsäk

yarmaq- 11. Rabul-da yer sattımız säkiz yüz

12. qa bu yarmaq yarımı bolur tört yüz yarmaq

13. bu yer-ni tört ḥaḍ-lär birlä Isḥaq

14. čäl(l)ab-‹qa› sat(t)ımız bizindä ken kedin

15. oğlumız-qa ya qızımız kišimiz-kä

16. qadaš-larımız-qa kim -ärsär –kä

17. dastan yoq kim ḍä'wa qılsa qanmasa

18. batıl tanuq yalǧan bu yer-ni(n)g äw(w)ä[l ḥäḍ(ḍ)i]

19. Buǧra bäg-ni(n)g satmıš yer iki[n]č [ḥäd(ḍ)]i

20. tägirmän üzäki üčü(n)č ḥäḍ(ḍ)i

21. Bärkäč(?) tudun yeri törtünč häḍ(ḍ)i

22. Buǧra ögä [yeri bu tört ičintäki yerni]

23.[s] attımız yıl tört yüz yetmiš üč-tä

24. sıčǧan yılı räbiäl ahir ayında bu

25. hät qılıldı bu hät ičindäki-kä

26. män Uzun Häsän čäl(l)ab tanuq män män

www.uyghurkitap.com



27. [Ä]li Muḥ(ä)m(m)äḍ-či oğlı Musa tanuq män män Yusu[f]

28. [Tä]knäči oğlı Yaqub tanuq män Elig Mun[ši](?)

29. oğlı Ḥäsän tanuq män män Yäḥuda Yalu oğlı

30. [‘Ä]li tanuq män ḥäl(l)ač ‘Äli čäl(l)ab inisi ‘Äli

31. [ta]nuq män ‘Äli čäl(l)ab inisi Muḥ(ä)m(m)äḍ tanuq mä[n]

32. m[ä]n Äḥmäḍ //// /// ‘Äli Tažik tanuq män

33. ////// /////// si tanuq män /////////

34. /////// ////// oğli u//// ///// män //////

35. ///// i ///m// tanuq /// ////// /// /////// ///

36. ///// ///uq män //// mä/// /// ////// /////// ]

يەشمە :

.01 ta]nuq [anıng(?)]: م.ئېردال بۇ ۋەسىقىنىڭ 01 .قۇرىنىڭ بېشىنى ' ]nuq [ ' دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىدا، 'anıng(?)' نىڭ ئورنىدا 'بىلىك 'كە ئوخشاپ كېتىدىغان سۆز بولۇپ ، ئۇ م.ئېردال دېگەندەك ' انينك ' (anıng ) نىڭ خاتا كۆچۈرۈلۈپ قېلىشى بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى 'بىلىك 'نىڭ بۇ يەردە كۆرۈلۈشى مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ ۋەسىقىنىڭ سۈرىتىگە ئاساسەن، ' ]nuq 'نى ' ta]nuq ' دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ .

.02 adaqınta : م.ئېردال بۇسۆزنى asdında دەپ خاتا ترانسكرىپسىيە قىلغان.

.04 tapuğluğ : بۇ سۆز tapuğ (= tapığ : ' مۇلازىمەت ،خىزمەت ' دېگەن مەنىدە ) قا ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە -luğ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ ، 'مۇلازىمەتتىكى، خىزمەتتىكى ' دېگەن مەنىدە.

.04 Sübašı : ' قوماندان ، لەشكەر بېشى ' دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىز تەرجىمىدە ئۆز پېتىچە ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق .

17 . dastan yoq : dastan پارسچە (داستان،دستان) سۆز بولۇپ ،ئەسلى مەنىسى ' ھكايە،رىۋايەت ' .

dastan yoq نىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى ' شىكايەت قىلىشقا بولمايدۇ' .

.17 ḍä‘wa :ئەسلىدە ئەرەبچە' اول' (äwwäl) بىلەن ' دعوى' (ḍä‘wa) دېگەن سۆزدىكى 'و' ئوخشاش بولىسمۇ،ۋەسىقىدە ḍä‘wa دىكى w قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى w ھەرپىنىڭ تۆۋەنگە قىيپاش يېزىلىدىغان سىزىقچىسى يۇقىرىغا قىيپاش كۆتىرىلگەن

شەكلىدە يېزىلغان؛ äwwäl دىكى w قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى o ھەرپى شەكلىدە يېزىلغان .ترانسكرىپسىيەدە w ھەرپى بىلەن بىلەنلا ئىپادىلەندى.

18.batıl : ئەرەبچە ’ باطل ‘ دىن كەلگەن بولۇپ، ’ئىناۋەتسىز، بوش،بىكار‘ دېگەن مەنىدە.

18. ḥäḍ(ḍ) : ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ ’چەك،پاسىل‘ دېگەن مەنىدە.

21. Bärkäč(?) : م.ئېردال بۇ ئادەم ئىسمىنى Bäkäč(?) دەپ ئالغان .بىز ئارىدا يەنە بىر ھەرپ بارلىقىنى بايقاپ ، Bärkäč(?) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق .

21. tudun : ’ يېزا ئاقساقىلى ؛كۆكبېشى‘ دېگەن مەنىدە( DLT I.p.520 ) .

22. [yeri bu tört ičintäki yerni] : بىز يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىدىكى جۈملە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن بۇ سۆزلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق .

23. [s]attımız : بىز بۇ سۆزنىڭ بېشىدىكى s ھەرپىنى يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىدىكى جۈملە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈردۇق .

24 ،. 23 .بۇ ئىككى قۇردىكى ’(ھىجرىيە) تۆت يۈز يەتمىش ئۈچىنچى يىل چاشقان يىلى رەبىئولئاخىر ئېيى ‘ بولسا،مىلادى 1080 – يىلى 8-ئاينىڭ 20 – كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 19-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

26. čäl(l)ab : ئەرەبچىدىن كىرگەن بۇ سۆز ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا ’ جاللاپ ‘ دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.ئەرەب تىلىدا سودىگەرنى ، ئۇيغۇر تىلىدا تېرە-تەسەك ۋە يۇڭ ئېلىپ ساتقۇچىنى بىلدۈرىدۇ.

27. Muḥ(ä)m(m)äḍ-či : Muḥ(ä)m(m)äḍ دېگەن ئادەم ئىسمىنىڭ كەينىگە či- قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى نورمال ئەھۋال ئەمەس . ئىلگىرى ئادەم ئىسمىغا بۇ قوشۇمچە قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەچكە،ئۇنىڭ باشقا ئالاھىدە مەنىسى بارلىقمۇ ئېنىق ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن تەرجىمىدە بۇ قوشۇمچە چىقىرىۋېتىلدى .

28. [Tä]knäči : مەنىسى ’ تەڭنىچى ياكى تەڭنە ياسىغۇچى ‘ بولۇپ ،بۇ يەردە يۇسۇپنىڭ ھۈنىرى ياكى لەقىمىنى كۆرسەتسە كېرەك . 2

8. Mun[ši](?) : ئەرەبچە’ منشى ‘(’كاتىب ، خەت كۆچۈرگۈچى ‘دېگەن مەنىدە) . م.ئېردال بۇ سۆزنى Mura[d](?) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان؛ بىز ئۇنى Mun[ši](?) ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. .29

Yähuda : يەھۇدى،خرىستىيان دىنى دەستۇرلىرى قىسسەسلىرىدىكى يەھۇدىلارنىڭ ئون ئىككى ئەجدادىدىن بىرىنىڭ نامى.م.ئېردال بۇ ئىسمنى Yähudi(?) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.بىراق ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەرپى i ئەمەس،بەلكى a يېزىلغان .

30. ḥal(l)ač : ئەرەبچىدىن كىرگەن بۇ سۆز ’چىگىت ئايرىغۇچى ‘ نى كۆرسىتىدۇ. 3

1.،30 . Säli : بۇ قۇردىكى ئادەم ئىسمى Säli بىلەن31.قۇردىكى ۋە باشقا قۇرلاردىكى ئادەم ئىسمى Äli‘ نىڭ يېزىلىش شەكلى تامامە

ن ئوخشايدۇ.م.ئېردال 30..31.قۇرلاردىكىنى Säli دەپ ترانسكرىپسيە قىلغان .” Äli‘ جەللابنىڭ ئىنىسى Äli‘ بولۇپ قالمىسۇن دەپ ، بىز مۇ 30.قۇردىكىنى Säli دەپ ئالدۇق .بىراق Säli دېگەن ئىسىم يەكەندىن تېپىلغان باشقا ۋەسىقىلەردە ئۇچرىمايدۇ ، Äli‘ دېگەن ئىسىم كۆپ ئۇچرايدۇ.شۇ ۋەجىدىن بىز 31.قۇردىكى ئىسمىنى Äli‘ دەپ ترانسكرىپسيە قىلدۇق .

32. Tä

žik : بۇ نام خەنزۇچە تارىخنامىلەردە 大食 دېيىلىدۇ ھەمدە تاڭ،سۇڭ دەۋرلىرىدە ئەرەبلەرنىڭ مەخسۇس ئاتىلىشى بىلەن ئىران تىللىرىنى قوللىنىدىغان رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ.

تەرجىمىسى :

1. (بۇنىڭ) شاھىد-گۇۋاھچىلىرىنىڭ ئىتى ۋەسىقە
2. ئايىقىدا ياد ئېتىلدى . گۇۋاھچىلار ساق
3. گۇۋاھلىق بېرىدۇ . مەن بەكتۇزۇن
4. سۇباشىنىڭ ئوغلى خىزمەتتىكى ئەلى سۇباشى (ۋە)
5. مەن بەكتۇزۇن سۇباشىنىڭ ئوغلى ئەھمەد
6. ئارسلان ،(يەنى) بىز ئىككەيلەن يامان ئاغرىق —
7. سىلاقسىز، تەندۇرۇس ئەھۋالدا (ۋە)
8. ئەقلىمىز ئۆز جايىدىكى چاغدا، (شۇنى) ئىقرار
9. قىلىمىزكى، مەن ئەلى سۇباشى (بىلەن) مەن ئەھمەد
10. ئارسلان (ئىككىمىز) ئىسھاق جاللاپقا رابۇلدىكى
11. بىر پارچە يەرنى سەككىز يۈز يارماققا ساتتۇق.
12. .بۇ يارماقنىڭ يېرىمى تۆتيۈز يارماق بولىدۇ.
13. بۇ يەرنى تۆت پاسلى بىلەن ئىسھاق
14. جاللابقا ساتتۇق.بىزدىن كېيىن،
15. ئوغلىمىز ياكى قىزىمىز،ئايالىمىز (ۋە)
16. قېرىنداشلىرىمىزدىن كىم بولسۇن دەۋا-
17. دەستۇر قىلىشقا بولمايدۇ. كىمكى دەۋا قىلسا(ۋە)نارازى بولسا،دەۋاسى
18. ئىناۋەتسىز،گۇۋاھچىلىرى يالغان بولسۇن.بۇ يەرنىڭ بىرىنچى پاسلى
19. بۇغرا بەگنىڭ ساتقان يېرى،ئىككىنچى
20. پاسلى تۇگمەن يۇقايىنى،ئۇچىنچى پاسلى
21. بەركەچ تۇدۇننىڭ يېرى،تۆتىنچى پاسلى
22. بۇغرا ئۆگەنىڭ يېرى.بۇ تۆت (پاسىل) ئىچىدىكى يەرنى
23. ساتتۇق. (ھىجرىيە) تۆت يۈز يەتمىش ئۈچىنچى يىلى،
24. (يەنى) چاشقان يىلى رەبىئۇلئاخىر ئېيىدا، بۇ
25. ۋەسىقە پۈتۈلدى.بۇ ۋەسىقە مەزمۇنىغا
26. مەن ئۆزۈن ھەسەن جاللاپ شاھىدمەن، مەن
27. ئەلى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى مۇسا شاھىدمەن، مەن يۇسۇپ
28. تەڭىنچىنىڭ ئوغلى ياقۇپ شاھىدمەن، ئېلىگ كاتىپنىڭ
29. ئوغلى ھەسەن شاھىدمەن، مەن يەھۇدا يالۇنىڭ ئوغلى
30. ئەلى شاھىدمەن، چىگىت ئايرىغۇچى سەلى جاللاپنىڭ ئىنىسى ئەلى
31. شاھىدمەن، ئەلى جاللاپنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد شاھىدمەن ،
32. مەن ئەھمەد ....... ئەلى تەژىك شاھىدمەن،
33. ............... شاھىد ......... .........

.34 ............ ئوغلى ......... مەن ......

.35 ............ شاھىد ....................

.36 . ..... ( شاھىد )مەن ....................

## .2 ئىسھاق جاللاپنىڭ يەر سېتىۋېلىش ۋەسىقىسى

( II. ' Turki No.6 ')

a

.1 bu ol hät turur kim tanuq boldı-

.2 hät ičintä lar tanuqlar atı bu

.3 [y]ad [qılıl]d[ı ]

c

.1 ḥaḍ(ḍ)i uluğ bütünlük üčün

.2 bu hät ////// m /// Buğra ögä

.3 Ishaq čäl(l)ab – qa bir käsäk yerimni

.4 sattım

.5 Yusuf Täknäči čiti muntunı bir häḍ(ḍ)i

.6 bahanı tükäl buldum

.7 //// yeri b[i]r ḥ[ä]ḍ(ḍ)i [ ]k-l[ ]

.8 yeri bir ḥäḍ(ḍ)i Yusuf Täknäči yeri bir

b

.1 [ ]berdim taqağu yılı

.2 räbi'äl äw(w)äl ayında

.3 män Mäkail Arslan

.4 sübašı tanuq män

ئىزاھات :

c .2 Buğra ögä:بۇ ئىسمنى ۋەسىقە سۈرىتىدىكى خەت ئىزىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

.5 muntunı : بۇ سۆز muntun (=

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



**mundın= muntın**)غا ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىسى ı نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ يەردە' مۇشۇ ، مۇشۇ يەردىكى '

دېگەندەك مەنىگە ئىگە.

**b**

**.1** **berdim** : بۇ سۆزنى م.ئېردال

**budim** دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.

2.،1. بۇ ئىككى قۇردىكى ' توخۇ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيى ' دېگەن ۋەسىقە پۈتۈلگەن ۋاقىتقا كەلسەك، ' توخۇ يىلى ' نى پالانى يىل دەپ كېسىپ ئېيتماق تەس . يەكەندىن تېپىلغان بەش پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىدىن ئىككىسىنىڭ پۈتۈلگەن يىلى ئېنىق بولۇپ،بىرىنىڭ ھجرىيە 473-يىلى(1080-يىلى)، يەنە بىرىنىڭ ھجرىيە 483-يىلى(1090-يىلى). ئەگەر بىز مەزكۇر ۋەسىقىدىكى توخۇ يىلىنى 11-ئەسىرنىڭ 80- ياكى 90-يىللاردىكى توخۇ يىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىساق، جۇڭگو دېھقانلار كالىندارىغا ئاساسلانغاندا،11-ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا،بىر توخۇ يىلى (1081-يىلى)، 90- يىللىرىدا بىر توخۇ يىلى (1093-يىلى) بولسىمۇ، جۇڭگو دېھقانلار كالىندارىدا ئاي، كۈنلەرنى ھېسابلاش بىلەن ھجرىيە كالىندارىدا ئاي، كۈنلەرنى ھېسابلاش ئوخشىمىغاچقا، بۇ ۋەسىقىدىكى توخۇ يىلى 1081-ياكى 1093-يىلىنى كۆرسىتىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتىشىمۇ قىيىن. ' رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيى ' ھجرىيەنىڭ 3- ئېيىنى كۆرسىتىدۇ. يىل ئېنىق بولمىغاچقا، مىلادىيە ئېيىنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ .

ئەسكەرتىش : ئې د روس بۇ ۋەسىقىنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى رەتلەپ، مۇشۇ سۈرەتتىكى تەرتىپ بويىچە تارتقان. م.ئېردال بۇ ئۈچ پارچە ۋەسىقە قالدۇقىنى ئۇلاردىكى خەتلەر ئىپادىلىگەن مەنە تەرتىپى بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلغان.

تەرجىمىسى:

**a**

.1 بۇ گۇۋاھچىلىرى بار ۋەسىقەدۇر

.2 گۇۋاھچىلارنىڭ ئېتى بۇ ۋەسىقە ئىچىدە

.3 ياد ئېتىلدى. .................

**c**

.1 پاسلى چوڭ يول. پۈتۈنلۈك ئۈچۈن

.2 بۇ ۋەسىقە ...............

.3 ئىسھاق جاللاپقا بىر پارچە يېرىمنى ساتتىم.

.5 يۇسۇپ تەڭنىچىنىڭ مۇشۇ چىتى بىر پاسلى.

.6 باھاسىنى(پۇلىنى) تۈگەل ئالدىم.

.7 ....يېرى، بىر پاسلى .........

.8 يېرى، بىر پاسلى يۇسۇپ تەڭنىچىنىڭ يېرى، بىر

**b**

.1 ......... ....... بەردىم . توخۇ يىلى

.2 رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا.

.3 مەن مىكائىل ئارسلان

.4 سۇباشى شاھىدمەن

### 3....نىڭ يەر سېتىش ۋەسىقىسى

III. ‘ Turki No. 7 ’

aq Qars-ḥKänčäk tanuq män män Is .1

ḍ - čı)ä(m)ä(čı tanuq män män Äli Muḥ .2

tanuq män män Utman Känčäk tanuq män .3

män Bäbäk tudun tanuq män män .4

Yusuf ḥäl(l)ač tanuq män .5

يەشمە :

Känčäk .1 : مەھمۇد كاشغەرى تىلغا ئالغان ’ كەنچەك ‘ لەرنى ، يەنى سۆز بېشىدىكى ’ ا- ئېلىف ‘ نى ’ ھ ‘ غا ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان ، تۈرك ھېسابلانمايدىغان خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ (1-توم 44 —بەتكە قاراڭ ) .

. 2،.1

Qars-čı : بۇ ئىسمنى م.ئېردال Narsı-či دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان .بىز ئۇنى Qars-čı دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق. Qars نى مەھمۇد كاشغەرى ’ يۇڭ چەكمەن چاپان ،تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىيىم ‘ (1 توم 453 — بەت ) دەپ كۆرسەتكەن . دېمەك،Qars-čı ئىسھاقنىڭ كەسپىنى ياكى ھۈنىرىنى كۆرسەتسە كېرەك .

تەرجىمىسى:

1. كەنچەك شاھىدمەن، مەن ئىسھاق قارس-
2. چى شاھىدمەن، مەن ئەلى مۇھەممەد
3. شاھىدمەن، مەن ئوسمان كەنچەك شاھىدمەن،
4. مەن بەبەك تۇدۇن شاھىدمەن، مەن
5. يۈسۈپ چىگىت ئايرىغۇچى شاھىدمەن.

### 4.ئوسماننىڭ يەر (كۆچەتلىك) سېتىش ۋەسىقىسى

( IV. ‘ Turki No.3 ’ )

bu ol hät turur ‹ kim › tanuq boldı-lar tanuq-lar atı bu hät .1

ahi(r)inta bitilmiš turur män Bäk-tüzün Sübašı .2

adıǧ igsiz oǧlı ‘Äli Sübašı inisi Utman ök .3

botı- toǧasız tändurust ärkän Rabul-ḍa Sökmän bäg .4

Isḥaq qınḍa bir käsäk yer sat(t)ım Ḥus(ä)yn oǧlı .5

www.uyghurkitap.com



6. **čäl(l)ab-qa tört häḍ(ḍ)i birlä sat(t)ım bir yaš bürkin**

7. **bu bürk bäḣası yüz äl(l)ik yarmaq bäḣanı tükäl buldum**

8. **yer uspar-ladım milk Isḥaq čäl(l)b-ni (n)g turur bu yer**

9. **ni(n)g äw(w)äl ḥäḍ(ḍ)i Yusuf ınal yeri üč ḥäḍ(ḍ)i Isḥaq čäl(l)ab**

10. **yer kim ḍä'wa qılsar ḍä'wası batıl turur**

11. **yıl tört yüz säkẓon üč-tä bu hät bitilḍi**

12. **qutluğ räčäb ayın**

13. **Adağ tanuq män** **män Käčmiš tanuq män**

14. **män Davuḍ tanuq män män Yusuf täknäči tanuq män**

15. **män Täknäči oğlı Ya'qub tanuq män män 'Äli Tažik**

16. **tanuq män**

ئىزاھ:

2. **ahi(r)inta** : ئەسلى تېكستتە بۇ سۆزدىكى **r** ھەرپى چۈشۈپ قالغان.

4-5 . **butı-qınḍa** بۇ سۆز بۇ يەردە جاي نامىنى بىلدۈرىدۇ . **butıq** نىڭ ئەسلى مەنىسى ' پۇتاق ' ( دەرەخ پۇتىقى ) بولغا چقا، بىز ئۇنى تەرجىمىدە 'دەرەخلىكتە ' دەپ ئالدۇق.

5. **Ḥus(ä)yn** : م.ئېردال بۇ ئىسمنى **Ḥusän** دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان .

6. **yaš bürkin** : **yaš** نىڭ م ەنسى ' ياش،يېڭى ' ، **bürkin** نى م.ئېردال **börkkä** دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. **bürk** قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا ئۇچر ايدىغان **bärk** (' دەرەخلىك ' كە يېقىن مەنىدە كۆرۈلىدۇ.**Shogayto,2003**) نىڭ يەنە بىر خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. **bür** **kin** دىكى **in**- بولسا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى.تەرجىمىدە **yaš bürkin** نى ' كۆچەتلىك ' دەپ ئالدۇق.

8. **uspar-ladım** : گ .كلاۋسون بۇ پېئىلنىڭ ئۆزىكى **uspar**- نى ئوتتۇرا قەدىمىي پارس تىلى **avispar**- › **ospar**- دىن قەدد مكى تۈرك تىلىغا كىرگەن دەپ كۆرسىتىدۇ . **Sir Gerard·Clauson** نىڭ بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى ‹پايدىلانغان باشقا ماتېرىياللار›د ا كۆرسىتىلگەن لۇغىتىنىڭ 241-بېتىگە قاراڭ.

8. **milk**:ئەرەبچە ' ملك' تىن كەلگەن ، مەنىسى ' مۈلۈك ، مال ' . .

9.**lnal** : بۇ نامنى مەھمۇد كاشغەرى ’ ئانىسى ئېسلزادە، ئاتىسى ئاددى خەلقتىن بولغان ياشلار مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ ‘ دەپ كۆرسىتىدۇ(1-توم

166 —بەت ) .

11.،12 . قۇرلاردىكى ’ (ھىجرىيە ) تۆتيۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى رەجەب ئاي ‘ بولسا ،مىلادى 1090-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن

8-ئاينىڭ30-كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

تەرجىمىسى:

1. بۇ گۇۋاھچىلىرى بار ۋەسىقىدۇر. گۇۋاھچىلارنىڭ ئېتى بۇ ۋەسىقە
2. ئاخىرىدا پۈتۈلدى. مەن بەكتۈزۈن سۇباشىنىڭ
3. ئوغلى ئەلى سۇباشىنىڭ ئىنىسى ئوسمان يامان ئاغرىق-
4. سىلاقسىز، تەندۇرۇس ئەھۋالدا،رابۇلدىكى ئوسمان بەگ دەرەخ-
5. لىكىدىكى بىر پارچە يەرنى ساتتىم. ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئىسھاق
6. جاللاپقا تۆت پاسلى بىلەن بىر كۆچەتلىكنى ساتتىم.
7. بۇ كۆچەتلىكنىڭ باھاسى يۈز ئەللىك يارماقنى تۈگەل ئالدىم،
8. يەرنى ئۆتكۈزۈپ بەردىم. (ئەمدى بۇ) مۈلۈك (يەر) ئىسھاق جاللاپنىڭدۇر. بۇ يەر-
9. نىڭ بىرىنچى پاسلى يۈسۈپ ئىنالنىڭ يېرى، (قالغان) ئۈچ پاسلى ئىسھاق جاللاپنىڭ
10. يېرى. كىم دەۋا قىلسا، دەۋاسى ئىناۋەتسىزدۇر.
11. (ھىجرىيە) تۆتيۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى قۇتلۇق رەجەپ ئېيىدا
12. بۇ ۋەسىقە پۈتۈلدى.
13. مەن كەچمىش شاھىدمەن، مەن ئادىغ شاھىدمەن،
14. مەن داۋۇد شاھىدمەن، مەن يۈسۈپ تەڭىنچى شاھىدمەن،
15. مەن تەڭىنچى ئوغلى يەئقۇپ شاھىدمەن،مەن ئەلى تەژىك
16. شاھىدمەن.

**5. ... نىڭ يەر(؟) سېتىش ۋەسىقىسى**

**)( V. ‘ Turki No.1 continued ’**

**a**

**män Sul(a)yman otağ bašı tanuq män** .1

**Nuri oğlı ‘Uṫman tanuq män** .2

**män Isma‘il oğlı Ḥäsän čal(l)ab hätči** .3

**tanuq män** .4

**män Bubäkir siliḥḍar tanuq mänš** .5

**b**

**män Q(a)ra Sar otağ bašı oğlı** .1

**‘Uṫman tanuq män** .2

www.uyghurkitap.com



3. **män Isḥaq hätči oğlı**

4. **'Äli tanuq män**

5. **män Yusuf ḥal(l)ač tanuq män**

6. **män Ḥäsän tamğačı tanuq män**

7. **män Käčmiš Teksin tanuq män**

8. **män Sarığ Muḥ(ä)m(m)äḍ čäl(l)ab ta[nuq män ]**

9. **Kürläg Muḥ(ä)m(m)äḍ inisi Bubäkir**

10. **tanuq män**

11. **män Yusuf otağ bašı tanuq [män]**

12. **män Babanayil otağ bašı tanuq [män]**

يەشمە:

1. **Sul(a)yman** : بۇئىسمنى م.ئېردال **Sulman** دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان . ئىسمى ئەبۇبەكرنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى .هازىر ئۇيغۇرچىدە ئابابەكرى دېيىلىدۇ.

5. **Bubäkir** : بۇئەرەبچە ئادەم

5 . **siliḥḍar** : بۇ سۆز ئەرەبچە siliḥ(=silah : قورال،ياراغ) بىلەن پارسچە **dar** (سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچە) نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ ، ' قوراللىق ، مۇهاپىزەتچى' دېگەن مەنىدە .

تەرجىمىسى:

**a**

1. مەن سۇلايمان ئوتاغ(چېدىر) بېشى شاھىدمەن،
2. نۇرى ئوغلى ئوسمان شاھىدمەن،
3. مەن ئىسمائىل ئوغلى ھەسەن جاللاپ پۇتۇكچى
4. شاھىدمەن،
5. مەن ئەبۇبەكىر مۇهاپىزەتچى شاھىدمەن

**b**

1. مەن قارا سار ئوتاق بېشى ئوغلى
2. ئوسمان شاھىدمەن،
3. مەن ئىسهاق پۈتۈكچى ئوغلى
4. ئەلى شاھىدمەن،
5. مەن يۇسۇپ چىگىت ئايرىغۇچى شاھىدمەن،
6. مەن ھەسەن تامغىچى شاھىدمەن،
7. مەن كەچمىش تەكسىن شاھىدمەن،
8. مەن سارىغ مۇھەممەد جاللاپ شاھىدمەن،

9. كۇرلەگ مۇھەممەدنىڭ ئىنىسى ئەبۇبەكرى

10. شاھىدمەن،

11. مەن يۇسۇپ ئوتاق بېشى شاھىدمەن،

12. مەن باباناىل ئوتاق بېشى شاھىدمەن.

## ئىزاھ :

قىسقارتىلما سۆزلەر:

**BSOAS:Bulletinof the School of Oriental and African Studies, London**

**JA： Journal Asiatique, Paris**

**IRAS: Journal of the Royal Asiatic Society, London**

**JASB: Journal of the Asiatic Society of Bengal, Calcutta**

**SPAW: Sitzungsbrichte der Preussischen Akademie der Wissenschaft, Berlin**

**ZDMG: Zeitschrift der Deutschen Morgenlandischen Gesellschaft, Wien**

**Shgayto,2003;Masahiro Shogayto, Uighur Manuscripts in St.Petersburg Chinese texts in Uighur script and Buddhist Uighur texts, Graduate School of Letters Kyoto University, p.290 ,**

233 ......bärk yigi arığın

## پايدىلانغان باشقا ماتېرىياللار:


1. Mähmud Kašğäri:《Divanu Luğätit Türk》(Uyğurčä näšri), Xinjang Hälq Näšriyati,Urümči,1981-yili(I tom), 1983-yili(II tom),1984-yili(III tom).

2. 北京大学东方语言系阿拉伯语教研室编《阿拉伯语汉语词典》，商务印书馆，1978 年，北京。

3.北京大学东方语言文学系波斯语教研室编《波词语汉语词典》，商务印书馆，1981 年，北京。

4.Sir Gerard Clauson：' An Etymological Dictionary of Pre-Thirteenth-Century Turkish ', 0xf ord ,1972.

5.XUAR Millätlär Til-Yeziq Hizmiti Komiteti Luğät Bölümi tüzgän：《Uyğur Tilining Izahliq Luğiti》(Qisqartilmisi),Xinjang HälqNäšriyati, ,1999.

.1 , Leningrad , 196' 6. J.Orbeli ： ' Senhronistiqeskiy Tadtre i Evropeiskogo Lvrosqisieniya




1. ۋەسىقىنىڭ سۈرىتى




1. ۋەسقىنىڭ سۈرىتى (داۋامى)




2. ۋەسقىنىڭ سۈرىتى




3. ۋەسقىنىڭ سۈرىتى

www.uyghurkitap.com






4. ۋەسىقىنىڭ سۈرىتى




.5 ۋەسىقىنىڭ سۈرىتى

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردا تامغا(مۆھۈر)مەدەنىيىتى

**ياسىنجان كەنجى**

قىسقىچە مەزمۇن: «تامغا» ـ «بەلگە»، «نىشان» دېگەنلىك. تامغا قەدىمدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تامغا دەسلەپكى مەزگىللەردە بىر قەبىلىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولسا كېيىنچە يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئاساس سالغان. تامغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان مۇھىم مەدەنىيەت ئامىلى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز تامغا ئارقىلىق دۆلەتنى، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن. كەڭ ئاۋام خەلقمۇ تامغىنىڭ رولى ، ئەھمىيىتى، مەنىسى ۋە مۇقەددەسلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ، تامغىنىڭ قانۇنىي كۈچى ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان مۇھىم يۆلەنچۈكى قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە تامغىدىن ئىبارەت بۇ ئىسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم ئېڭىنى، مۇكەممەل دۆلەت باشقۇرۇش شەكلىنى ۋە يۈكسەك قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى چۈشۈنىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قائىدە-يوسۇن، قوشىندارچىلىق، سودا- سېتىق ئادىتى، ئىدئولوگىيىسى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىدە، خۇددى باشقا ئەل خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس مۇكەممەل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان مول مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى ياراتقان. ھەممە بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ۋە قىممەتلىك قوليازما بۇيۇملىرىنى تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرغان. بۇ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئىچىدە تامغا، تاش ئويما، تام رەسىم خاتىرىلىرى، تارىشا پۈتۈكلەردىكى سوغدى، كارۇشتى ۋە ھەر خىل يېزىقلاردىكى تامغا(مۆھۈر) لەر. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب، پارس، كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي، دىنىي ۋەسىقىلەر ۋە باشقا يازما ھۆججەتلەرگە بېسىلغان تامغا(مۆھۈر)لەر ئالاھىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ تامغا(مۆھۈر)لەر قەدىمكى دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇكەممەل كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئېڭى ۋە قانۇن ئېڭىنى چۈشۈنىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ مۇكەممەل تامغا(مۆھۈر) مەدەنىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ھازىرغىچە يىغىپ ساقلىنىۋاتقان تامغا(مۆھۈر) لەر ۋە تامغا(مۆھۈر)لەرگە ئۆرۈلۈپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن تۈرلۈك ھۆججەت، ۋەسىقىلەر بۇنىڭ تىپىك دەلىلى.

***ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي تامغا( مۆھۈر) ئۇقۇمى***

ئۇيغۇرلارنىڭ تامغا(مۆھۈر) مەدەنىيىتى ھەققىدە سۆز باشلىماقچى بولغىنىمىزدا، بىز ئاۋال تامغا(مۆھۈر) ئۇقۇمى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچىگە ئىگە بولىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز تىلىمىزدا دائىم ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تامغا سۆزىنى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار «ئەن»، «نىشان» دەپمۇ ئاتايدىغان بولۇپ، ماھىيەتتە تامغا دېگەن مەنالاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھاتلىق لۇغىتىدە: «تامغا- (1) نەرسە ۋە ھەر خىل مەھسۇلات قاتارلىقلارنىڭ كىمگە ۋە قايسى ئورۇنغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش، تۈرگە ئايرىش ئۈچۈن خەت ياكى بەلگە ئويۇلغان قۇرال. (2) نەرسە ، ئالاقە ۋە ھەر خىل مەھسۇلات قاتارلىقلارنى ئاجرىتىش ياكى ئۇلارنىڭ كىمگە قايسى ئورۇنغا تېگىشلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئويۇلغان بەلگە. (3) نىشان ، ئىز. (4) كىشلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا چىقىرىلغان بۇيرۇق»①. دېگەن شەكىللەردە ئىزاھلانغان. ئىزاھاتلىق لۇغەتتە يەنە : « مۆھۈر - ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا تامغا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ »②. دەپ ئىزاھلانغان. دېمەك، تامغا، نىشان ، ئىز، ئەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇقىم ئاتالغۇ بولسا مۆھۈر ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە تىلىمىزغا كىرگەن ئاتالغۇ.

تامغا(مۆھۈر)نىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىملىرىنى بىزگە نامايەن قىلىدۇ. دۇنيا ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار يېزىق ئىجاد قىلىشتىن ئىلگىرى تامغىنى ئىجاد قىلغان دەپ قارايدۇ. شۇ جۈملىدىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان، ئاددىي لېكىن مەلۇم مەنالارنى ئىپادىلەيدىغان تەسۋىرىي يېزىقسىمان شەكىللەر ئارقىلىق نەرسىلەرگە ئوخشىمىغان ئەن، ئىز سېلىپ مەلۇم نىشان، بەلگىلەرنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل بەلگە بارا- بارا ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دائىرە ئىچىدە ئۆز-ئارا ئېتىراپ قىلىنىشىپ كەڭ ئومۇملىشىشقا باشلىغان. ئومۇملىشىش ۋە ئېتىراپ قىلىنىش بارا-بارا ئىپتىدائىي ئورتاق بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ دەسلەپكى تامغىنى شەكىللەندۈرگەن. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىپادىلەش شەكلىنىڭ مۇئەييەنلىشىشىگە ئەگىشىپ، مەلۇم كوللىكتىپنىڭ بەلگە ھالىتىدىن پۈتۈن قەبىلىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان مەلۇم ئۇقۇم ۋە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىپتىدائىي يېزىق بولۇپ شەكىللەنگەن. خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك: «ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ»③ شۇ جۈملىدىن، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق يىللىق كۆچمەن چارۋىچىلىق تارىخىي تەرەققىيات ۋە ئەمىلىيەت جەريانىدا ئۆزلىرىگە خاس نەرسە كىرەكلىرىگە ئەن

سىلىش ئارقىلىق مەلۇم بەلگە، نىشان ئارقىلىق شەيئىلەرنى بىر بىرىدىن پەرىقلەندۈرىدىغان مۇكەممەل بولغان تامغا ئۇقۇمىنى ياراتقان.

ئەمەلىيەتتە، تامغا ، مۆھۈر ئۇقۇمى ئوخشاش بىر مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇرۇن« ئەن، نىشان» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ كەلگەن بولسا، كېيىنچە تامغا ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن «مۆھۈر» ئاتالغۇسىنى كۆپرەك ئىشلىتىپ كەلگەن. ھەم بۇ ئاتالغۇ تىلىمىزدا قېلىپلىشىپ قالغان. ئۇيغۇرلاردا «ياشلىقتا ئۆگەنگەن بىلىم، تاشقا مۆھۈر باسقاندەك مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ...»دىگەن گەپ بار. بۇ سۆز مۆھۈرنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ، ئۆچۈپ قالماي كۆچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قۇددىرىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا مەلۇم نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان داۋا-دەستۇرلاردا «...ئاتاڭ مۆھۈرلەپ بەرگەنمۇ؟» دېسە «...مۆھۈر خېتىم بار ئىدى» دېگەندەك سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك مۆھۈر بۇ يەردە دەلىل، ئىسپات سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار «مۆھۈر» ئاتالغۇسىنى «مۇرا»دەپ ئىستېمال قىلىپ كەلمەكتە، بۇ دەل مۆھۈر ئاتالغۇسىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. زامانىمىز بۈگۈنگە كەلگەندە، تىلىمىزدىكى تامغا(مۆھۈر) ئۇقۇمى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تامغىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى چىقارغان تۈرلۈك مۇھىم ھۆججەت، بۇيرۇق، گۇۋاھ– ئىسپاتلار ئۈچۈن مەخسۇس بېسىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

### تامغا(مۆھۈر)ھەققىدە يازما ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار

نۆۋەتتە، ھەر قايسى تارىخىي مەنبەلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قاچاندىن بىرى تامغا ئىشلەتكەنلىكىگە ئائىت بىر قەدەر ئېنىق تارىخىي ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم يازما ۋە ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى ئىلگىرىلا تامغا ئىشلەتكەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەشكە بولىدۇ. تامغا(مۆھۈر) ھەققىدە ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس، جاھان تۈركلىرىنىڭ پەخرىلىك ئوغلانى مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىيىن تۈرك»ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدە«تامغا-خاقان ۋە باشقىلارنىڭ تامغىسى»④ دەپ تامغىنىڭ ئاللابۇرۇن ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسا، ئوغۇز سۆزىگە تەبىر بەرگەندە « ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر، ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ»⑤ دېيىش ئارقىلىق خانلاردىن باشقا ھەر قايسى ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تامغا، نىشانلىرىنىڭ بارلىقىنى دەلىلەيدۇ. دىۋاننى يېزىش سەۋەبى ئۈستىدە توختالغاندا بولسا:«كىشىلەرنىڭ ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ

كۆرسەتتىم»⑥دەپ ھەر بىر ئۇرۇق-قەبىلىنىڭ تامغىلىرىنىڭ شۇ ئۇرۇققا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ۋە شۇ تامغىنىڭ شۇ ئۇرۇقنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىدىن ئېنىق مەلۇمات قالدۇرغان. بىز تۇرپان ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان ھەر خىل مەزمۇندىكى ۋەسىقە، ھۆججەتلەرگە بېسىلغان شەخس ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تامغىلىرىنى، بىر قىسىم كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان مىراس، ۋەخپە، يازما مەنبەلەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش مۆھۈرلەرنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل تامغا(مۆھۈر)لەر بىزگە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت ۋە باشقا ئىشلاردا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بىرى، ئېلىمىز ۋە چەتئەللىك ئارخېئولوگلار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بايقىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان تامغىلارنىڭ بايقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تامغا ئىشلىتىش تارىخىنىڭ خېلى قەدىمدىن بىرى داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچلۈك تارىخي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى. مەسىلەن،«نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3– ئەسىردىن مىلادىيە 4– ئەسىرگىچە كەڭ قوللىنىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان تامغا(مۆھۈر)لەر تېپىلغان»⑦. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خوتەننىڭ يوتقان شەھىرى خارابىسىدىن بايقالغان خېلى كۆپ كارۇشتى يېزىقىدىكى مۆھۈر. قەدىمي كۇسەن(بۈگۈنكى شايار ناھىيىسى) دىن بايقالغان يۈزىنىڭ دىئامېتىرى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان مىستىن ياسالغان تامغا(مۆھۈر) تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھېلىمۇ مۇزېيخانىلاردا ساقلانماقتا.

### *ئۇيغۇرلاردا تامغا(مۆھۈر)مۇقەددەسلىكى*

تامغا ئىجاد قىلىنىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەڭ ئومۇملاشقانغا قەدەر ئۇزاق يىللىق تارىخي تەرەققىيات كىشىلەرنىڭ تامغىغا بولغان تونۇش ۋە چۈشەنچىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئۇيغۇرلار تامغىنى قانۇن دەپ قارىغان. قەدىمكى كىشىلەر دەسلەپ تامغىنىڭ خاسلىقىنى بىلگەن بولسا كېيىن تامغىدىن ئىبارەت بۇ بەلگۈنىڭ رولىنى، مۇقەددەسلىكىنى ئاستا-ئاستا بىلىپ يېتىشكە باشلىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تامغا بەلگۈلىرىنى باشقىلارغا قانداق تەشۋىق قىلغان بولسا ئۆزلىرىمۇ باشقىلارنىڭ خاس بەلگە، تامغىلىرىنى شەكسىز ئېتىراپ قىلغان. بىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تامغا ھەققىدىكى بايانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق: ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن مەزگىللەردە چارۋىلار بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە، ياكى يوقىلىپ كەتسە ئوڭاي تونۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ماللىرىغا ئوخشاشمىغان بەلگە نىشانى قويۇش ئارقىلىق ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالايمىز. شۇ چاغنىڭ ئەھۋالى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل تامغىلار ئوتتا قىزىتىلىپ ماللارنىڭ مەلۇم يېرىگە بېسىلغان. بۇ خىل بەلگە- «ئەن» دەپمۇ ئاتالغان. قوي، ئۆچكە قاتارلىق ئۇششاق ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول قۇلىقى ئوخشاشمىغان شەكىلدە كېسىلىپ ياكى تىلىنىپ بەلگە قىلىنغان. شەخسلەرنىڭ ماللىرى يوقىلىپ كەتسە ياكى ئۆز-ئارا بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ئەنە شۇ ئەنگە قاراپ تونۇۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

1980-يىللاردا ئوسمان تۆمۈر ئەپەندى قومۇل شەھرى (شۇ چاغلاردا ناھىيە دىيىلەتتى) نىڭ تەڭرىتاغ گوڭشىسدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، چارۋىچىلىق بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەھمۇد كاشغەريي«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئالغان« ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ 22 ئۇرۇقىنىڭ ئىچىدىكى 7- ئۇرۇق بەكتىلىنىڭ، 21-ئۇرۇق چەبنىنىڭ، 20-ئۇرۇق چۇۋۇلدارنىڭ تامغا بەلگىسىنى ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان»⑧. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەسىھسۇلاتلىرىغا ئەنئەنىۋىي تامغا قويۇش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تارىخى ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق،«چىڭگىزخان نايمانلارنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا، نايمانلارنىڭ ئامان قالغان مۆھرداري تاش ئاتۇن نايمان خانلىقىنىڭ مۆھۈرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ، تاش ئاتۇن تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن مۆھۈرگە قىزىقىپ سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق مۆھۈرنىڭ پۇل ئېلىش، تارقىتىش، ئاشلىق تارقىتىش، مەنسەپكە تەيىنلەش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خاننىڭ تىلى ئىكەنلىكىنى ئۇققان»⑨دىن كېيىن، ئۆزى تامغا ئويدۇرۇپ پۇتكۇل موڭغۇل ئىمپىرىيىسىنى ئىدارە قىلغانلىقىنى بىلىمىز. تاش ئاتوننىڭ مۆھۈرنى ئېلىپ قېچىشى ئادەتتىكى ئىش بولماستىن بەلكى ئۇيغۇرلانىڭ ئۆز خانلىرىغا بولغان يۈكسەك ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقىنىڭ، ۋەتەنگە سادىق بولۇش، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي ئادا قىلىش روھىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى ئىكەنلىگىنى چۈشىنىمىز. تارىختا تامغا ھوقۇق ۋە تەختنىڭ سىمۋۇلى بولۇپ، تامغىنىڭ ماتېرىيالى، تامغىغا ئويۇلغان خەت مەزمۇنى، چوڭ-كىچىكلىكى، ئوخشاش بولمىغان. خان-پادىشاھلار ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىق قىممەتلىك بويۇملاردىن ئىشلىتىلگەن تامغا(مۆھۈر)لەرنى ئىشلەتسە، خانلار ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن يۇقىرى مەنسەپتىكى ئەمەلدارلار مەنسىپىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر قاتارلىق بۇيۇملاردىن ياسالغان تامغا(مۆھۈر)لەرنى ئىشلەتكەن. خان-پادىشاھلار خانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش- چۈشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تامغىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. شۇڭىدەك ئوتتۇرا قاتلام ئەمەلدارلارمۇ تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، تەيىنلەشتىمۇ ئوخشاشلا تامغا(مۆھۈر) ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تامغا- ھەرقايسى خان-بەگلىكلەر ئوتتۇرسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى خەت— چەكلەردە، جۈملىدىن خان ۋە بەگلەرنىڭ ئەمىر— پەرمانلىرىدا، شۇنداقلا ئاۋام خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يازما ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلىپ، دۆلەت تەشكىلاتلىرى ۋە جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ئوتتۇرسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتلەرنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلغان. كىشىلەرنىڭ تامغا(مۆھۈر) گە بولغان چۈشەنچىسى يۇقىرى كۆتۈرىلىشىگە ئەگىشىپ كېيىنچە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە ھۆكۈمران تەبىقىلەردە سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، تامغىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئومۇمىي ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىغان.

كېيىنچە، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەرەققىي قىلىپ، دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ جەمىيەتنى دىن ئارقىلىق باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەن مەزگىللەردە ھەر قايسى يۇرتلاردا مەھكىمە شەرئىي تەسىس قىلىنغان. ئىسلام قائىدىسى بويىچە، شەيخۇلئىسلام، قازىئاخۇنۇم، مۇپتىلار مەھكىمىدە ئالاھىدە ھوقۇق- ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۇ قانۇنغا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، مەخسۇس پادىشاھلار تەرىپىدىن بېرىلگەن كۈمۈش ۋە باشقا بۇيۇملاردىن ياسالغان تامغا-مۆھۈرلىرى مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم - پەتىۋالارغا بىسلاتتى ھەمدە قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىناتتى. كىشىلەر ئۆز-ئارا ئىلىم-سېتىم، مىراس ۋە تۈرلۈك داۋا دەستۇرلارنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قانۇني كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قازىلارغا مەخسۇس خەت يازدۇرۇپ مۆھۈرلىتەتتى ۋە«مۆھۈر ھەققى» تۆلەيتتى. كونا جەمئىيەتتە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا كىشىلەرنى جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلىدىغان جازا تۈرلىرى ۋە جازا قوراللىرى سۈپىتىدە كۆپىنچە «تۇزەلمەس» ئوغرىلارنىڭ پېشانىسىگە تۆمۈردىن ياسالغان تامغا قىزىتىلىپ بېسىلاتتى، باشقىلار ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تامغىغا قاراپ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە باھا بېرەتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ قائىدە-يوسۇنى بويىچە ھەر قانداق داۋا-تەلەپلەر، ماجىرالار، جىنايەت-جازالار، سودا-سېتىق، ئىئانە، جەرىمانە، قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىدىكى ھەر قانداق مەسىلىلەر ئىسلام شەرئىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلاتتى. ئىككى تەرەپ داۋالىشىپ قالغاندا، كىشىلەر ئۆز-ئارا سودا-سېتىق، ئىلىم-سېتىم قىلىشقاندا، ئۆز ئارا ھۆججەتلىشىپ، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسلام شەرئىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ قازىلارنىڭ مۆھۈرى بىسىلاتتى. يەنە بىر قىسىم خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەرلەر، ساخاۋەتچىلەر ئۆزلىرى بەرپا قىلغان مەكتەپ، مەسچىد، مەدرىسە، كۆۋرۈكلەرگە يېرىنى ۋەخپىگە بەرگەندىمۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئەرز-شىكايەت قىلىشلىرى ۋە باشقا ئويلىمىغان مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس كۆپچىلىكنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، گۇۋاھچىلارنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ، يەر-زېمىن سوۋغا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مۆھۈر خېتىنى ئېلىپ قالاتتى. بىز تۇرپان ۋەسىقىلىرى، ئىدىقۇت ھۆججەتلىرىدىكى ئېلىم—سېتىم، ئالماشتۇرۇش، ئىجارىگە ئېلىش، قەرز ئېلىش، بالا بېقىۋېلىش، ئادەمنى گۆرۈگە قويۇش، قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىش، ھەر خىل ۋەسىيەتنامە ، مىراس قالدۇرۇش ۋە تۈرلۈك مەزمۇندىكى توختام-ھۆججەت شەكلىدىكى قانۇنىي ۋەسىقىلەرگە قارايدىغان بولساق ھەممە ۋەسىقىلەردە «گۇۋاھچى، مەن...نىڭ تامغىسى»، «بۇ نىشان مەن...نىڭدۇر»، «بۇ تامغا...نىڭدۇر»، «بۇ نىشان مەن گۇۋاھچى...نىڭدۇر» دېگەندەك قۇرلارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

1.ئىت يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى مەن

2.قانتۇرمىش توغ(ر)ىل كەدىرەگە بەرگەن ئۆسۈملۈك

www.uyghurkitap.com



3.بەش س (ئا)تر كۆمۈشنىڭ ھەممىسىنى ئالدىم. ئۈنىڭ

4.بىتىگى يوقاپ كەتكەچكە، تولۇقلىما بىتىگ

5.بەردىم: كېيىن ئۈنىڭ ئاۋۋالقى بىتىگى

6.چىقىپ قالسا ئىناۋەتسىز بولسۇن.

7.گۇۋاھچى يەكە باش گۇۋاچى بۆرچۈي

8.بۇ ت(ئا)مغا مەن قانتۇرمىش توغ(ر)ىلىنىڭ

دېگەندەك مەلۇماتلارنى ئۇچراتساق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە يەنە:

1.(ئەجدىھا يىلى) سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى، مەن ئاتاي، (قۇل)پىنتۇڭ-

2.نىڭ باھاسى (بولغان)توققۇز ياستۇق چاۋ (پۇل)نى شىۋساي تايشىدىن

3.تولۇق ساناپ ئېلىپ بۇ ھۆججەتنى بەردىم. گۇۋاھچى باچاۋ توغرىل،

4.گۇۋاھچى ئىلاۋۇ. بۇ مۆھۈر-تامغا مەن ئاتاينىڭدۇر. مەن ئۆزۈم يازدىم.

دېگەندەك مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز. يەنە بىر قىسىم قەرىز ئېلىش ۋەسىقىلىرىگە قارايدىغان بولساق، مەسىلەن:

1.چوشقا يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى،

2.مەن ئۈنسەگە پاختا كىرەك بولۇپ، سائۇرىيا-

3.شىرىدىن تۆت تاڭ پاختىنى ئۆسۈمگە(ئۆسۈم تۆلەشكە)ئالدىم.

4.كۈزنىڭ باشلىرىدا يەتتە تاڭ پاختىنى تولۇق بىرىمەن.

5.بەرگۈچە يا ئۈنداق، يا مۇنداق بولۇپ قالسام، ئىنىم بۇدرۇق ئۆيدىكىلەر

6.بىلەن (تۆلەپ)بېرىدۇ. بەرمەستىن كېچىكتۇرسەم، ئەل قائىدىسى بويىچە

7.ئۆسۈمى بىلەن تۆلەپ بىرىمەن.

بۇ نىشان مەن گۇۋاھچى بۈيان قىيا(نىڭدۇر).

8.گۇۋاھچى ساسى قۇتلۇغ قىيا.

9.بۇ نىشان مەن ئۈسىنەنىڭدۇر.

10. مەن تۇغلۇق توگا سوراپ يازدىم

دېگەندەك توختاملاردىكى قۇرلاردىن بىز توختاملاردا ھۆججەتلەشكۈچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى، ئىسمى يېزىلغان. مۆھۈر تامغىلىرى بېسىلغان، گۇۋاھچى، كېلىشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان ۋە مۆھۈر تامغىلىرى

بېسىلغان ياكى بەلگە نىشانلىرى چۈشۈرۈلگەن، توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ قانداق جاۋاپكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكى ياكى جەرىمانە تۆلىشى ئېنىق ئەسكەرتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ خىل قۇرلاردىن بىز ھەر قانداق بىر ئېلىم-بېرىم توختاملارنىڭ ئىككى تەرەپ ھۆججەتلىشىپ، گۇۋاھچىلارنىڭ تامغا(مۆھۈر)ى باستۇرۇلغاندىن كېيىن چوقۇم قانۇني كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالايمىز. بۇ قەدىمكى زامان كىشىلىرىمىزنىڭ سودا ۋە ياكى ھەر قانداق ئىقتىسادىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلغاندا چوقۇم كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ گۇۋاھچىلارنى باشقا تۇرغۇزۇپ ھەر قانداق ئىشنى ئادىل، توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغان قانۇني ئېڭىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىز يەنە خوتەننىڭ نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى بىر تارىشا پۈتۈكنىڭ ئارقا يۈزىگە: «مەزكۇر پۈتۈكنى باجگىر لىپيا پېچەتلىگەن دېگەن» خەتلەر پۈتۈلگەن يادىكارلىققا قارايدىغان بولساق، بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇنقى مەزگىللەردە، خەت-چەك، ۋە باج ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئەمەلدارلارنىڭ تامغىسى بولىدىغانلىقىنى ھىس قىلىش بىلەن بىرگە، قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ تامغا ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى، ھەم دىيارىمىزدا خېلى زور دەرىجىدە ئومۇملاشقان تامغا مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەنلىكىدەك ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بىز مەھمۇد كاشغەرىي قالدۇرغان مەلۇماتلاردىن، دىيارىمىزدا بايقالغان تۈرلۈك تامغا مەزمۇنلىرىدىن، ھەر قايسى ۋەسىقىلەردىكى گۇۋاھچىلارنىڭ تامغىلىرىدىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالايمىزكى: قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تامغا ئېڭى يۇكسەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار تامغىنى قانۇن مۇقەددەسلىكى ئورنىدا چۈشىنىپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى، نەرسە كېرەكلىرىنى تامغا(مۆھۈر) ئارقىلىق پەرىقلەندۈرۈپ كەلگەن. ھەمدە تامغىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس شەيئىنى قوبۇل قىلغان، ئېتىراپ قىلغان ۋە شەكسىز بويسۇنغان. تامغىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قانۇني جەھەتتىن قوغداپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

### *ئۇيغۇرلاردا تامغا(مۆھۈر)دىكى سىمۋول*

تامغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان تامغا ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەت خاسلىق ۋە ئورتاقلىق بار ئىدى. دەسلەپتە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرلەردە شەيئىلەرنى پەرقلەندۈردىغان ئىپتىدائى ئۇقۇم مەناسىغا ئىگە تامغا، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ تويۇنۇپ، جەمئيەتتە كېلىپ چىققان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بۇيرۇق شەكلىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

جەمئيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ سىياسى كۈچىنى زورايتىش مەقسىدىدە ئېلىپ بارغان ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىدە «تامغا» كېينچە«مۆھۈر» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان ۋە گۇۋاھ-ئىسپات سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا، شەخسلەردە قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ خىل تامغىلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىق مېتاللاردىن

www.uyghurkitap.com



قاشتېشى، سۆڭەك ۋە ياغاچ قاتارلىق بۇيۇملاردىن ياسالغان. تامغا(مۆھۈر) ئۆز نۆۋىتىدە شۇ دەۋردە ياشىغان پادىشاھ-خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ھەر خىل خەت- چەك، ھۆججەتلەرنىڭ، ھوقۇق-ئىمتىيازىنىڭ بەلگىسى، سىمۋولى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا تامغا تۇتىدىغان مەخسۇس ئادەملەر بولۇپ، ئۇ «تامغىچى» ياكى «مۆھۈردار» دەپ ئاتالغان. تامغىنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان، پادىشاھلار ئالتۇن، قاشتىشى، قاتارلىق بۇيۇملاردىن ئىشلىتىلگەن مۆھۈر ئىشلەتكەن، ھەر قايسى يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلار ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، خىزمەت كۆرسەتكەن ھەر قايسى ئەمەلدارلارنىڭ نامىدا مەخسۇس تامغا ئويدۇرۇپ، تامغا ئىنئام قىلغان. بۇ ماھىيەتتە خاننىڭ يارلىقى، تىلى، بۇيرۇقى بولۇپ، خانلارنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

ئېلىمىز تارىخ ماتېرىياللىرىدا غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ۋە كېيىنكى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يەرلىك بەگلەرگە ۋە مەنسەپدارلارغا مەخسۇس تامغا ئويدۇرۇپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مەنبەلەر بار. خەنزۇچە مەنبەلەردە سىرىق ئۇيغۇرلارغا بۇيان تەمۈر قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان مەزگىللەردە مىڭ سۇلالىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى، 1375-، 1376- يىللىرى بۇيان تەمۈر قاتارلىقلار مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سوۋغا-سالام يوللىغاندا، مىڭ سۇلالىسى 1374-يىلى ئۇلارنىڭ تۆت قەبىلە باشلىقلىرىغا مىس مۆھۈر بەرگەنلىكى، 1375-يىلى بۇيان تەمۈر قاتارلىقلار سوۋغا- سالام ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئالتۇن مۆھۈر بەرگەنلىكىگە ئائىت مەلۇمات، خاتىرىلەر ساقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تورغۇتلار ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تورغۇتلارغا تارقىتىپ بەرگەن بىر دانە «قاشتېشى مۆھۈر»نى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىگە ئائىت مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارمۇ بار.

تارىخىي مەنبەلەردە يەنە، ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىللىرىدە رايونىمىزدا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن، سوپىزىم ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشىدا بەلگىلۈك تۆھپە قوشقان يۇقىرى تەبىقىدىكى خوجىلار، ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، تامغا(مۆھۈر) ئارقىلىق خەلقنى ئالداپ، قايمۇقتۇرۇپ، پاك ئىسلام ئەھكاملىرىنى دەپسەندە قىلىپ، بۇ مۇقەددەس دىنىي ئاياق ئاستى قىلىشتا ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. ئۇلار ئۆز ناملىرىدا مۇرتلىرىغا ئىرشاتنامە ۋە مۆھۈر ئويدۇرۇپ، ئۇلارغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق بىر قىسىم مۇرتلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تامغىنى قورال قىلىپ، تامغىنىڭ رولىدىن پايدىلانغانلىقىنىمۇ كۆرەلەيمىز.


خاجەلەر شاھىد.

تامغا ئۇرۇلغان بۇ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

www.uyghurkitap.com









### *ئۇيغۇرلاردا تامغا(مۆھۈر)سەنئىتى*

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بايقالغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ۋە قاشتېشى، سۆڭەك ۋە ياغاچ قاتارلىق بۇيۇملاردىن ياسالغان ئوخشىمىغان تامغا(مۆھۈر)لەر تۆت چاسا، يۇملاق ۋە ھەر خىل شەكىللەردە بولۇپ، ياسىلىش جەھەتتىن ئىنتايىن نەپىس ۋە كۆركەم بۇ تامغا(مۆھۈر)لەرگە چۈشۈرۈلگەن ھەر خىل گۈل نۇسخىلار ، خەتلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قول-ھۈنەرۋەنچىلىكى، گۈزەللىك قاراشلىرى، مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى، ئىستىتىكىسى، قانۇن چۈشەنچىسى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىدىئولوگىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى قوللانغان يېزىقلىرى، ھەر خىل خەت ھۆسنخەت، شەكىل-نۇسخىلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ياسالغان تامغا(مۆھۈر)لەر ئۆزگىچە خەتتاتلىق سەنئىتىنى يارىتىپ، نۇرغۇن ئاجايىپ چىرايلىق خەت شەكلى ۋە سەنئەت شەكلىنى قالدۇردى. بۇ تامغا(مۆھۈر)لەر، تۈرلۈك مۆھۈر خەت، قول يازما، ئابىدە يېزىقلىرىدا كۆزلەرگە تاشلىنىپ، ئۆزىنىڭ تارىخي جۇلاسىنى نامايەن قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ ساقلىنىپ قىلىشتا ئېنىق گەۋدىلەندى.

يېغىپ ئېيتقاندا، تامغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان مۇھىم مەدەنىيەت ئاملى. تامغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقدىسادىي ئەھۋالىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بىرىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال. تامغا ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىندى. جەمىيەت مۇقىم بولدى. كىشىلەر تامغىنىڭ رولى، ئەھمىيتى، مەنىسى ۋە مۇقەددەسلىكىنى

تولۇق چۈشىنىپ، تامغىنىڭ قانۇنىي كۈچى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوغداش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق ھىس قىلدى. كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇھىم يۆلەنچۈكى قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە تامغا(مۆھۈر)دىن ئىبارەت بۇ ئىسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى، كىشىلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈم ئېڭىنى ۋە مۇكەممەل دۆلەت باشقۇرۇش شەكلىنى چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.


ئىزاھ ۋە پايدىلانغان ماتېرىياللار

②①شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلىمى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھاتلىق لۇغىتى»، «مىللەتلەر نەشرىياتى»1990-يىلى

⑥⑤④③«مەھمۇد كاشغەرىي»،« تۈركىي تىللار دىۋانى» 1– توم، 38-77- 553- بەتلەر.

⑦ نامەلۇم ئاپتۇرنىڭ«قەدىمكى خوتەننىڭ تامغا مەدەنىيىتى»،«يۇرتىمىز تورى»

⑧ئوسمان تۆمۈر«تارىخىي چىنلىق بىلەن ۋارىسلىقنىڭ شاھىدى»،« شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەتلىرى.

⑨ئوسمانجان ئىبراھىم « تاش ئاتون ۋە موڭغۇل يېزىقى»(تاتاتوڭا)، « شىنجاڭ گېزىتى» 1985-يىل10-ئاينىڭ 3- كۈنى

⑩ئابدۇكرىم راھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، « شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» 1996-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 122-123- بەتلەر.

(11) لىن گەن، گاۋزىخۇ:«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 12 – ئاي نەشرى.

(12)ئابدۇقىيۇم خوجا«غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىلى 4- ئاي نەشرى.

(13) ياڭ شېڭمىن:«قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىلى 8- ئاي نەشرى.

(14)بەن گو« خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى 8- ئاي نەشرى.

(15)ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان مەركىزىي ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار«ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»،« شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى »2000-يىلى 3-ئاي.

(16)ئىسمايىل تۆمۈرى « ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»، « شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » 2000 -يىلى 10-ئاي.

(17)مۇھەممەترېھىم سايىت، ئىسراپىل يۇسۇپ « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، « شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » 2000 -يىلى 8-ئاي.


(ئاپتور: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كۆرگەزمىخانا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ئا.ۋون. گاباتى

# كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا بىر نەزەر

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇسۇپجان ياسىن

## *1. يايلاقتا ياشىغان كۆكتۈركلەر(642_742)*

مىلادىيە 552ـ يىلى تۈرك نامى تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندىن بېرى تۈرك ئۇرۇقلىرى بەزىدە كۆچمەنلىكتىن ئولتۇراق شەكىلدىكى تۇرمۇشقا قەدەم قويۇش ئارقىلىق بىزنى ھاياجانلىق بىر سەھنە بىلەن ئۇچراشتۇردى.ھەربىي جەھەتتىن دائىم ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەرنى كۆرسەتكەن تۈركلەر بۇ باسقۇچلار جەريانىدىمۇ ناھايىتى پارلاق دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتتى. مىسال قىلىپ سەلجۇقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، بۇلار كۆچمەن ھالەتتە ئانادولۇ(ئاناتولىيە)غا كېلىپ، قىسقا ۋاقىتتىلا مۇكەممەل شەھەر مەدەنىيىتىنى(كونيا قاتارلىق) ياراتتى.بۈگۈنكى كۈندە قازاقلارمۇ يايلاقتىن ئاستا — ئاستا ئايرىلىپ شەھەرلەرگە قاراپ يۈزلىنىش ئارقىلىق ئۆزبەكلەر بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە رىقابەتلىشىشكە باشلىماقتا .

قەدىمدىن بېرى شىمالىي موڭغۇلىيەدە ياشىغان تۈركلەرمۇ بۇ خىل تۇرمۇشنى ئۆزگەرتكەن. ئۇلار نىھايەت ئۆزىدىن بۇرۇن تارىم دەرياسى بويىدىكى شەھەرلەردە ياشىغان ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسىغا ئايلانغان. تۇرمۇش شەكلىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى زور پېداكارلىق كۆرسەتكەندە ۋە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەندىلا رۇياپقا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەركىن ھالدا ئۆزگەرمەيدىغانلىقى تارىخنىڭ تەبىئىي قانۇنىدۇر. بۇنىڭدىن بەلكىم ھېچقانداق بىر مىللەت ئۆز خائىشى بويىچە قېچىپ قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن.

ئىككى خىل ئارزۇ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركۈلۈش مۇسبەت بىر نەتىجىنى يارىتىدۇ. ئازاپ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن چىققان بۈيۈك ئىستەك ۋە مەقسەتلەرنى ئۇلغايتىپ، ئىنساننىڭ چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئازاپلار ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى كۈچەيتىدۇ. بەزىدە پىكىرنى ئەقلىمىز بىلەن چۈشىنەلمىگەندە ئۇنى قەلبتىن ئېتىلىپ چىققان تۇيغۇ بىلەن نامايان قىلالايمىز. ئەينى شەكىلدە ئازاپنىڭ ئىنساننىڭ روھىي قۇۋۋىتىگە بولغان تەسىرى بىلەن ئىنساننىڭ ھەرىكەت ۋە ئىنتىلىش كۈچى تېخىمۇ زورىيىدۇ. بۇ خىل ئاڭلىق قۇۋۋەت ئىنساننى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى تېخىمۇ بۈيۈك مەقسەتلەرگە يېتەكلەپ مۇۋاپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ .گەرچە خېلى كۆپ ئىنسانلار تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەھمىيەتلىك دەپ قارىمىسىمۇ، لېكىن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭغا سەۋەپ بولغان ۋەقەلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنىڭ قىممىتى، بولۇپمۇ ئاخىرىدا بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆرسەتكەن پايدىلىق ياكى پايدىسىز تەسىرى، يەنى ئۇنىڭ ھايات-ماتاتلىق شەكلىنى ئېلىش مەسىلىسى مۇشۇنداق ۋەقەلەرنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالىنىڭ مەۋجۇتلۇقى جەھەتتىن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. مەقسىتىم تۈرك ئوقۇرمەنلىرىگە بارلىق دەرس كىتاپلىرىدا مەۋجۇت بولغان قەدىمكى تۈرك تارىخىنى چۈشەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى مەن جاسارەت كۆرسىتىپ يازماقچى بولغان چۈشەنچىلەر تۈركلەرنىڭ كۆچمەنلىك ھاياتىدىن ئولتۇراق ھاياتقا كۆچۈش دەۋرىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسىنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىنى ئىزاھلاش، تۈرك تارىخىنىڭ بۇ مەسىلىسىنى يېشىشكە تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. مىلادىيە7ـ ئەسىردە شىمالىي موڭغۇلىيەدە ياشىغان بەزى تۈرك قەبىلىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي چېگرىسى ئەتراپىغا كېلىپ،تاڭ

www.uyghurkitap.com



سۇلالىسىغا قىسمەن بېقىندا ھالەتتە چېگرا قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسى ئەتراپلىرىغا يەرلەشكەن بۇ تۈركلەر تامامەن تەشكىلسىز ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا باش بولغان قوماندانلار .ئۈتتۈرا تۈزلەڭلىكلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلەر ئىدى. تۈركلەرمۇ ئۈتتۈرا تۈزلەڭلىكلەرگە بۇ ھوقۇقنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. مەسىلەن، بۇ قوماندانلاردىن بىرى جۇڭگونىڭ ھازىرقى شەنشى ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان ۋە بۇرۇندىن تارتىپ تۈرك قاغانىنىڭ ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ”قۇتلۇق“ دېگەن بىر شاد ئىدى. قۇتلۇق ئاخىرى چىداپ تۇرالماي مىلادىيە 681ـ يىلى قول ئاستىدىكى بىر قانچە كىشى بىلەن سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى يىنشەن تاغلىرىغا قاراپ كەتتى. بۇ مۇھىم ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاخىرلىشىشى دەپ قارالغانلىقتىن قۇتلۇقنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇنىڭ بۇ جەسۇرانە ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلغان بىر مۇنچە تۈرك ئۇرۇقىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئۇلاشتى.بۇ ئۇرۇقلار يىنشەن تاغلىرىنىڭ ۋادىلىرىدا تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى قوغداپ، كۈندىن كۈنگە زورايدى. تاڭ سۇلالىسىغا ناھايىتى ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان تۈرك قوماندانى، تەدبىرلىك بىلگە تونيۇقۇقمۇ قۇتلۇقنىڭ مىللىي غايىسىدىن ھاياجانلىنىپ،بۈيۈك بىر مىللىي تۇيغۇ ۋە تۈرك خانلىقىنى قايتىدىن قۇرۇش خۇشاللىقى بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلدى. تونيۇقۇق قۇتلۇق شادنى قاغانلىق ئورنىغا چىقىشقا تەۋسىيە قىلدى.ئەمدى، قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى دۆلەتنىڭ تۈرمۇش شەكلى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن- نىزاملىرىنى ئۈتتۈرا تۈزلەڭلىكتىن ئېلىش كېرەكمۇ -يوق؟ شەھەر قۇرۇش كېرەكمۇ-يوق؟ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دىنى(بۇددا دىنى-ئۇ.ئا)نى قوبۇل قىلىش كېرەكمۇ ياكى كۆچمەن ۋە يېرىم ئولتۇراق ھاياتنى ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىلەردىن ئىبارەت ئىدى.تونيۇقۇق ئىككىلەنمەيلا قارارنى چىقىرىپ، ‹‹تۈركلەر ئەجدادلىرىنىڭ تۈرمۇش ئۇسۇلى بويىچە ياشىشى كېرەك، تاڭ سۇلالىسى دىنى تۈركلەرگە ماس كەلمەيدۇ›› دېگەن پىكىردە بولدى. دەسلەپكى نىشان خەتەرلىك تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىدىن ئايرىلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يىنشەن تېغىدىن چۇغاي تاغلىرىغا(بۈگۈنكى شىمالىي موڭغۇلىيەدىكى خاڭگاي تاغلىرى) چېكىنىپ، ئۇ يەردىكى قاراقۇرۇمدا قارارگاھ قۇردى. دەسلەپتە بۇلارنىڭ ئەتراپى رەقىپلىرى بىلەن تولغانىدى. تونيۇقۇق ئەتراپىدىكى رەقىپلەرگە ئۇلار بىرلىشىۋېلىشتىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلىش تەرەپدارى بولغاچقا دەرھال ھەرىكەت باشلىدى. ئالدى بىلەن شىمالدىكى ئوغۇزلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. بۇ ئۇرۇش ئۆتۈكەن تاغلىرىدىكى يايلاقلاردا ناھايىتى قىيىن شارائىتلار ئىچىدە داۋام قىلدى. تۈركلەر تېز قارار چىقىرىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن سان جەھەتتە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ئوغۇزلارنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ غەلىبىنىڭ خەۋىرى تارقىلىشى بىلەن تەڭلا شەرتسىز ھالدا تۈركلەرگە قېتىلماقچى بولغان باشقا بىر مۇنچە تۈرك قەبىلىلىرىمۇ ئۆتۈكەنگە توپلاندى. چۈنكى ئۆتۈكەن يايلىقى تا قەدىمدىن بېرى تۈرك ئەنئەنىسىدە مۇقەددەس تۇپراق ھېساپلىناتتى. بۇ دۆلەت مۇشۇ يەردىن ئىدارە قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تونيۇقۇق ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرنى ئىگىلەش ئىستىكىدە بولغان. ئۆتۈكەن تاغلىرىدا يىلتىز تارتقان تۈرك دۆلەتچىلىك روھى ئۇنى بۇ غەلىبىگە ئېرىشتۈرەتتى، دۆلەتنى قوغداپ، ئۇنىڭ ئامانلىقى ۋە تەرەققىياتىغا كاپالەت قىلالىتتى .

ئاتلىق كۆچمەنلەر يايلاقتا ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىغان يايلاق بۇ مىللەتلەر قوشنىلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغان مەزگىللەردە بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلاتتى. ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ دۈشمەن كىرەلمەيدىغان ۋادىلىرىدا چارۋا- ماللارنى بېقىش ۋە قوغدىنىش ئىمكانىيىتى بولغاچقا، بۇ تاغلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇھىم بولۇپلا قالماي، يەنە ھاياتلىق مەسىلىسىگە پايدىلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ يەرلەردىكى ھاكىمىيەتنى قەتئىي قولدىن بېرىشكە بولمايتتى. .جەنۇپتىن خاڭگاي تېغى، شىمالدىن تاڭنۇ-ئولا بىلەن قورشالغان ئۆتۈكەن يايلىقى تەبىئىي شەكىللەنگەن ئېگىز بىر قەلئەگە ئوخشايتتى. يايلاقنىڭ بۇ ھالىتى مۇداپىئەنى ئاسانلاشتۇرغىنىدەك، ئاشۇ يەردە ھۆكۈمران بولغان كۈچنىڭ نوپۇزى ۋە تەسىرىنى ئەتراپقا كېڭەيتىشكىمۇ قولايلىق يارىتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تاغ باشقا بارلىق قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ دائىم مۇھىم بىر دۆلەت مەركىزى، يازدا ناھايىتى ياخشى يايلاق، خەتەرلىك ۋاقىتلاردا مۇكەممەل بىر قوغدىنىش ئىستىكامى ھېسابلىناتتى.ئۆتۈكەن تېغىنىڭ بۇ پەۋقۇلئاددە شارائىتى بۇ يەرنى تارىختا ناھايىتى

چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى ۋە تۈركلەردىمۇ بۇ تاغنى قۇت ئۇچىقى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ ماكانى دەيدىغان قاراشنى پەيدا قىلغان. پروفېسسور نىكولاي پوپپې «ئۆتۈكەن» سۆزىنىڭ موڭغۇلچىدا «يەر ئىلاھى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ تاغدىكى يايلاقلارنىڭ بىرىسىنىڭ قولىدىن يەنە بىرىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈشى پەقەت تۈيۈقسىز قوزغالغان بىر ھوجۇم بىلەن مۇمكىن بولاتتى. تونيۇقۇق بۇ تاغنى ئوغۇزلاردىن ئۇلارنىڭ كۈچى ھەققىدە توغرا مەلۇماتقا ئېرىشمەي تۇرۇپ پەقەت تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق تارتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ھۇجۇمنى دەل ۋاقتىدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ئۆتۈكەن تېغىنىڭ يايلاقلىرىدا ماكانلاشقان. بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇنۋانى «ئىلىگ» دەپ ئاتالغان. بۇ سۆز «ئىلىنىڭ، خەلقىنىڭ رەھبىرى» دېگەن مەنىدە ئىدى. ھۆكۈمدارنىڭ ئوردىسى يەنى قارارگاھى ئۆتۈكەننىڭ مەركىزىدىكى ئېگىز بىر يەرگە قۇرۇلغان. شۇڭا، بۇ ئوردىغا «ئۆرگۈن» دېگەن نام بېرىلگەن. ئورۇن جەھەتتىن مۇشۇنداق ئېگىز بىر يەر تېپىلمىغاندا، مەخسۇس ئېگىز جايدىن بىرنى ھازىرلاشقا توغرا كېلەتتى. ئۆرگۈننىڭ ئەتراپى چىت، يەنى رېشاتكا بىلەن قورشىلاتتى. ئۆرگۈننىڭ ئالدىغا بەلگە(بەلگۈ) سۈپىتىدە بىر تۇغ قادىلاتتى. ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق قارارى مۇشۇ ئورۇندىن يۈرگۈزۈلەتتى .

بۇ مۇقەددەس مەركەزدە ئۈچ روھقا چوقۇنۇش بار ئىدى. بۇ كۆك تەڭرىسى، يەر - سۇ تەڭرىسى ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئىدى. بۆرىنى مۇقەددەس بىر ھايۋان سۈپىتىدە تونۇيتتى. بۇ ھايۋانغا مۇقەددەسلىك بېغىشلانغاچقا، قورقۇش ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنى بۆرە دېيىشنىڭ ئورنىغا قۇرت(كىچىك بىر ھاشارەتنىڭ ئىسمى) دېگەن نام بىلەن ئاتىغان .يوغ،يەنى ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم، بەلكىم ئۆتۈكەن تېغىدىكى يايلاقلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆلۈكنى يەر ئاستىغا تاشتىن مۇنتىزىم بىر شەكىلدە ياسىغان گۆرگە دەپنە قىلاتتى، گۆرنىڭ ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ ئېگىزلىكى بىر قانچە مېتىر(تۆت —بەش مېتىر) كېلىدىغان بىر قەبرە ياسىلاتتى. بۈيۈك قەھرىمانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىغا «بالبال» دەپ ئاتالغان ئىنسان ھەيكىلى تۇرغۇزىلاتتى. بالباللار مەغلۇپ بولغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن (قەتل قىلىنغان)دۈشمەننىڭ ھەيكىلى ئىدى( ئۇ قەتلىتاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ ). بۇنىڭ مەنىسى بۇ دۇنيادا مەغلۇپ قىلىنغان بىر دۈشمەن ئۇ دۇنيادىمۇ غالىپ كەلگۈچىگە خىزمەت قىلىشى كېرەك، دېگەنلىك بولاتتى. بەزى بالباللار ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن دوستلارغىمۇ ھەدىيە قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇ غەلىبىگە ئىشتىراك قىلمىغان بولسىمۇ،ئۇ دۇنيادا مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ خىزمىتىدىن پايدىلىنىدۇ دەپ قارىلاتتى. كېيىنچە قەبرە ياسىغاندا ئۆتتۈرا تۈزلەڭلىكلەرنى تەقلىد قىلىدىغان بولدى، ھەتتا ئۇلاردىن سەنئەتكارلار كەلتۈرۈلدى. قىشلىق قارارگاھلاردىمۇ دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى تۈزۈلەتتى. قاراقۇرۇم مەشھۇر قىشلىق قارارگاھلاردىن بىرى ئىدى .تۈركلەر ناھايىتى سوغۇق قىشلاردىمۇ چېدىرلاردا ياشايتتى. پەقەت 730_731_ يىللاردا «ماكان قورغان» دېگەن بىر قەلئەدە قىشنى ئۆتكۈزگەن. بۇ ئەھۋالمۇ قىشنى قەلئەلەردە ئۆتكۈزۈشكە كۆنگەن تۈركلەر تەرىپىدىن ئادەتتە چەكلەنگەن بىر ھەرىكەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، ئاپەت باسقان ۋە چېدىردىن ئايرىلىشنىڭ جازاسىنى تارتقان يىل دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن .

ئۇرۇشلار ئومۇمەن يازدا ئېلىپ بېرىلاتتى.رەسمىي ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا بەزىدە ھىيلە ئىشلىتىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئايال ۋە بالا- چاقىلىرىنى، چېدىر ۋە مال- چارۋىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشتەك بۇلاڭچىلىققا مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. بۇنىڭدا مۇۋەپپىقىيەت قازانسا، دۈشمەنگە مەغلۇپ بولۇش ۋە غالىپلارغا باش ئېگىشتىن باشقا چارە قالمايتتى. يايلاقتا بولغان ئۇرۇشلار كۆپ تىلغا ئېلىنمايدۇ. كۆپىنچە ئۇرۇشلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان تاغلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئاياللار ۋە باللار تۇرىدىغان چېدىرلار( يەنى «ئەب»لەر) قارارگاھنىڭ مەركىزىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بىراز يىراقتا قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. ھۆكۈمدارلارنىڭ ئاياللىرى بەلكىم ئايرىم ۋە مۇستەقىل بىر ئۆي باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئاياللار ئومۇمەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، خېلىلا مۇستەقىل ھايات كەچۈرەتتى. بايلىقنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنى چارۋا پادىلىرى تەشكىل قىلاتتى. بۇنىڭغا ئۇرۇش ئولجىلىرىنىمۇ قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇ. يات شەھەرلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش تەنتەربىيە ياكى ئويۇن ئورنىدىكى

www.uyghurkitap.com



كۆكتۈللۈك بىر ھەرىكەت ئىدى. بۇگۈنكى مانجۇرىيەدىن تۆلەم تۆلتىش ياكى قىسمەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش يولى بىلەن ئالتۇن-كۈمۈش كەلتۈرۈلەتتى. تاڭ سۇلالىسىدىن يىپەك ۋە ئاشلىق ئالاتتى. يىراقتىكى غەرپتىن(سەمەرقەند ئەتراپلىرىدىن) سورتلۇق ئاتلار كەلتۈرەتتى. ئېسىل تېرىلەرنىمۇ شىمال ۋە غەربىي شىمالدىكى قەبىلىلەر تەمىنلەيتتى . ئۇرۇش قەھرىمانلىرى بىلەن ئاتلار ئوتتۇرىسىدا بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر ياخشى مۇناسىۋەت بار ئىدى. بۇ دەۋردىكى دىققەتنى تارتىدىغان بىر نوقتا شۇكى بىز قاغان ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئايال ئىسىملىرىدىن بەكرەك ئات ئىسىملىرىنى بىلىمىز. قۇتلۇق قاغان كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، كۆچمەنلەر قەھرىمانى بولۇپ، ‹‹ئىل تېرىش›› دېگەن ئىسمىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆتۈكەن يايلاقلىرىدىن مىللەتنى بىر يەرگە يىغىپ، مىلادىيە 692- يىلىغا قەدەر ئون يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولسا ئىنىسى قاپاغان ئىدى. ھەر تۈرلۈك ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن تولغان تاڭ سۇلالىسى سارىيىدا بۇ تۈرك قاغانىنىڭ قەتئىي ۋە تەسىرلىك بىر رولى بار ئىدى. بەزىدە ئۇ تاڭ سۇلالىسى سارىيىدا ھامى سۈپىتىدە بۇيرۇق بەرگۈچى بىر شەخستەك چۈشىنىلەتتى. تاڭ سۇلالىسى سارىيىغا قارىتا ياخشى نىيەتلىك بىر دوستەك كۆرۈنسىمۇ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي چېگرا شەھەرلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىنى قەتئىي توسمىغان. چۈنكى، بۇلار شەھەر ھاياتىنى ھەر قانچە ياخشى كۆرمىسىمۇ، شەھەرنىڭ مەھسۇلات ۋە بۇيۇملىرىغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا بۇلاڭ- تالاڭدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. قاپاغاننىڭ سىياستىنىڭ ئاساسىي نىشانى شەھەر ئەمەس بەلكى يايلاق ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بۇمىن قاغان دەۋرىدىكىگە ئوخشاش شىمالىي ۋە غەربىي تۈركلەرنى بىر ھاكىمىيەت ئاستىغا توپلاپ بىرلەشتۈرۈش ئىدى. بۇ سىياسىي چۈشەنچىسى ئۇنىڭ تۈرك تارىخىدىكى ئورنىنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ ناھايىتى توغرا ۋە قاتتىق تەدبىرلەر ئارقىلىق بۇ بۈيۈك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، بۇ مۇۋاپپىقىيەت ئۇنىڭغا پەقەت قىسقا ۋاقىتلا نىسىپ بولدى. قاپاغان قاغان بۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا غەيرى بىر تۈركنىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن مىلادىيە 716- يىلى ئۆلتۈرۈلدى .

قاپاغاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ جىيەنى، يەنى قۇتلۇقنىڭ ئوغلى بىلگە تەختكە چىقتى. بىلگە قاغان قاپاغاننىڭ قاتتىق قوللىقىدىن ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتمەكچى بولغان تۈرك ئۇرۇقلىرىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئالدى بىلەن ئوغۇزلار ۋە تاتارلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆتۈكەن تېغىنى غەلىبىلىك ھالدا قوغدىدى. قوشنىسى تاڭ سۇلالىسىغا تۇتقان سىياسەت ئۆزگەرگەنلىكى، يەنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىش ئاخىرلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈرك تۇرمۇشىغا ‹‹شەھەر مەدەنىيىتى›› يەنىمۇ كۈچلۈك تۈردە كىرىشكە باشلىدى. مىلادىيە 734- يىلى بىلگە قاغان ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە قاغان ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ھاكىمىيەت ماجىراسى، قاتىللىق ۋە ئىسيان ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن مىلادىيە 744- يىلى قاغان ئائىلەسى تاڭ سۇلالىسى سارىيىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يايلاق ھاياتى ئاخىرلىشىپ شەھەر ھاياتى باشلاندى .

موڭغۇلىيەدە ياشىغان تۈركلەرنىڭ ئۈستىگە ئالغان ۋە ئورۇندىغان تارىخى ۋەزىپىسى مۇنداق : ئوتتۇرا ئاسىياغا تالاي ئەسىرلەردىن بېرى بىر مۇنچە مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن 6- ئەسىردە بۇمىن قاغان بۇ كەڭ رايوننى پۈتۈنلەي تۈرك ھاكىمىيىتىگە تەۋە قىلدى. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى يايلاقتا قۇرۇلغان بولسىمۇ، تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن تۈركلەرگە تەۋە قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئولتۇراق ھايات كەچۈرىدىغان يەرلەرنىمۇ ئېلىكىدە تۇتقاچقا، بۇ يەردە دۆلەتچىلىك، ھاكىمىيەت روھى ۋە مىللى خاسلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. تۈرك بولمىغان مىللەتلەرمۇ ئۇلارنى بۇ يەرنىڭ ‹‹ھەقىقىي ئىگىسى›› دەيدىغان چۈشەنچىگە كېلىپ، بۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى توغرا دەپ قارىدى. قاپاغان قاغان تۈركلەرگە بۇ بۈيۈك تۈركچىلىك روھىنى سىڭدۈرۈپ، تېخى ئۆزىنىڭ تەسىرى ئاستىغا كىرمىگەن بارلىق تۈرك قەبىلىلىرىنى بىر يەرگە، بىر ھاكىمىيەت ئاستىغا توپلاشقا تىرىشتى. ئۇ بۇ سىياستىدە مۇۋاپپىقىيەت قازىنالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ مەركەزلەشتۈرۈش تەشەببۇسى تارقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان تۈرك ئۇرۇقلىرىغا

پۈتۈنلەي تەسىر قىلمىغان ئەمەس. ئۇنىڭ دەۋرىدىن ئېتىبارەن ھەر قايسى تۈرك قەبىلىلىرىدە بىرلىك تۇيغۇسى ۋە بىر مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاڭ ئويغاندى. بۇ ئاڭنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە يايلاقتا ۋە مۇقەددەس ئۆتۈكەندە تۈرك خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى خېلىلا كۈچەيدى. بۇ خىل خاراكتېرنىڭ ساپلىشىشى بىلەن تۈركلەر كېيىنكى دەۋردىكى شەھەرلىشىش ھاياتىدا، باشقا مىللەتلەرگە قارشى مەيداندا زەئىپ بىر ئامىل سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئۆزىنى تونۇپ يەتكەن كۈچلۈك بىر مىللەت ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، يات مىللەتلەر ئارىسىدا يوقىلىپ كېتىشتىن ئۆزىنى قوغدىيالىدى. ھەتتا ھەر خىل مىللەتلەر بىلەن تولغان شەھەرلەردىكى مەۋجۇت مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى تۈركلەشتۈردى ۋە ‹‹تۈرك مەدەنىيىتى›› ئۈستۈنلۈكىنى ياراتتى .يايلاق ۋە ئۆتۈكەن تاغلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن تۈركلەرنىڭ ۋارىسى ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىن ئېتىبارەن يايلاق ۋە شەھەر ھاياتىغا پۈتۈنلەي باشقا بىر تەرەپتىن يۈزلەندى ۋە ئۇنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ دۆلىتى خېلىلا ئۆزگىچە بىر خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلدى .

## *2. ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاق ۋە شەھەر ھاياتى*

تۈركلەر ئىچكى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا ئۇيغۇرلار قارلۇق ۋە باسمىللار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى يوقاتتى. تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇرلار(ياكى مەڭگۈ تاشلاردا تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار) نوپۇس جەھەتتىن كۆپ، تەشەببۇسكار، مەدەنىيەتكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە تىرىشچان ئىنسانلار ئىدى. بۇلار شەرقتە سېلېنگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، غەرپتە قوبدۇ بىلەن قورشالغان مۇھىم يەرلەردە ياشايتتى. باسمىللار بەشبالىق ئەتراپىدا، قارلۇقلار بولسا بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ياشايتتى. مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغى، يەنى مۇقەددەس دۆلەت مەركىزى بۇ يەرگە يېقىن بولغانلىقتىن ئۇيغۇرلار بۇ جاينى تېزلا ئىشغال قىلىپ، ئىتتىپاقدىشى باسمىل ۋە قارلۇقلارغا نىسبەتەن ئېتىبارى ۋە نوپۇزىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ناھايىتى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىندى. باسمىللارنىڭ ئاقساقلى ‹‹ئىدىقۇت›› دەپ ئاتىلاتتى. بۇ باسمىللار مىلادىيە 744ـ يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە كۈچى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئېلى، يەنى بەشبالىق ئەتراپلىرى پەقەت ئاشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىشغال قىلىندى. ئاخىرىدا قارلۇقلارمۇ مۇقەددەس مەركەزدە يۈز بەرگەن شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن باسمىللارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچ كەلدى. ئۇلار غەرپ تەرەپتە باشقا بىر ئەلنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئاستا- ئاستا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تەسىس قىلدى. ئۇيغۇرلار مىلادىيە 743ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ پايتەختىنى ‹‹دەريا ۋە تاغلار ئاتىسى››غا، يەنى مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغى يايلىقىنىڭ تەبىئىي قەلئەسىگە يۆتكىدى. دەسلەپتە ئۇلار پەقەت غەرپتە ئالتايغىچە، شەرقىي شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان ئەللەردە ھۆكۈم سۈردى. ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى كۆل بىلگە ئەمدى بۇرۇنقى ئۇنۋانى بولغان ‹‹ئەل تەبىر›› بىلەن كۇپايە قىلماي، ئۆزىنى ‹‹قاغان›› دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىغىمۇ تونۇتتى.ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ بارلىق ئۇنۋانلىرى تارىخقا ناھايىتى باغلىنىشلىق ئىدى. ف.ۋ.ك. مۇللېر 1920ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدا **oje**) ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى ئۇنۋانلىرىنىڭ قەدىمكى ھۇن دۆلەت ئەنئەنىسىگە ئائىلىق ھالدا باغلانغانلىقىنى (314 .**Z** .**Ostas** ئىسپاتلىغان. تەڭرىقۇت دەپ ئاتالغان بىر ھۆكۈمدارى ئۆزىنى ‹‹كۆك ۋە يەردىن يارىتىلغان، كۈن ۋە ئاي تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان›› دەپ كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ‹‹كۆك تەڭرىسىدىن، ئاي تەڭرىسىدىن ياكى كۈن ۋە ئاي تەڭرىسىدىن قۇت تاپقان›› ، يەنى ‹‹كۈن ۋە ئاي تەڭرىسىنىڭ ئىنايىتى بىلەن قاغانلىق تەختىگە ئېرىشكەن›› دېگەنگە ئوخشاش ئۇنۋانلىرىمۇ ھۇن ئۇنۋانلىرىغا ئەينەن ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ ھەر خىل سۆزلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئېنىقلاشتا بىراز قىيىنچىلىق پەيدا قىلماقتا. ئەسلىدە ئۇيغۇرلاردا بىر ھۆكۈمدار تەختكە چىققاندىن كېيىن ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ شەخسىي ئىسمى كۆپىنچە تىلغا ئېلىنمايتتى .بۇ دەۋردە ‹‹قاغان›› ئۇنۋانى بۈيۈك ئىمپېراتورلۇق ئۇنۋانى بولۇشتىن قالدى. ئۇيغۇر قاغانى باشقا بىر تۈرك ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمدارىغا

www.uyghurkitap.com



‹‹قاغان›› ئۇنۋانىنى بېرەتتى. بۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر قاغانى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانىنىمۇ قوللىناتتى. بۇ، ئۇنۋانى قوبۇل قىلىنغان ھۆكۈمدارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى كۆل بىلگەنىڭ تەخت ۋارىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنجى قاغانى مەغلۇپ قىلىنغان باسمىل ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇنۋانى ‹‹ئىدىقۇت›› دېگەن نامنى قوبۇل قىلغانىدى. يەنە ئۇ غەرپ تەرەپتىكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىت سالغان قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ‹‹قارلۇق قاغانى›› دېگەن ئۇنۋانىنىمۇ قوبۇل قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، قارلۇقلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يىراق غەرپكە چېكىنىپ ئۇ يەردە خېلىلا چوڭ بىر خانلىق قۇرۇشىنى توسۇپ قالالمىغان.

ئۇيغۇرلار كېيىنكى تۈرك خانلىقىدىن ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈم ۋە ئۇنۋانلارنى، ۋەزىرلىك ئاپپاراتى ۋە ھازىرچە ۋەزىيىسى تازا ئېنىق يورىتىلمىغان بەزى ئەمەل —مەنسەپ قاتارلىق بىر مۇنچە دۆلەت مۇئەسسەسەسىنى ۋە ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىنىمۇ ئەينەن قوبۇل قىلدى. ھەتتا تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق دۈشمەنلىرىنىمۇ بەزى جەھەتتىن دۈشمەن دەپ قارىدى. مەسىلەن، مەركەزدە ھۆكۈمەت ئالماشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارمۇ تۈركلەرگە ئوخشاش ئېغىر تۇرمۇش شارائىتى ئۆزگەرمىگەن قىرغىزلارغا قارشى ئۇرۇشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ ئەكسىچە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكىنىڭ دەل ئەكسىچە باشتىنلا ياخشى باشلاندى. ئەمەلىيەتتە بۇ دوستلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا بولغان دۈشمەنلىكى سەۋەبى بىلەن بىر ئەنئەنە شەكلىنى ئالغان. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دوستلۇققا مايىللىقى بار ئىدى. چۈنكى، بۇلاردا جەنۇپتىكى قوشنىلىرىنىڭ شەھەر ھاياتىغا قارىتا ئۆتمۈشتىكى قاراشلىرى قالمىغان ئىدى .

مىلادىيە 746ـيىلى كۆل بىلگەنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى بىلگە قاغان تەختكە چىقتى. بىلگە ئاۋۋال دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەۋرىدە دۆلەت خېلىلا يۈكسەلدى. تۈركلەر ئۈچۈن تەقدىر مەسىلىسى بولغان ‹‹يايلاقتا ياشاش كېرەكمۇ ياكى شەھەردىمۇ؟›› دېگەن سوئالغا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ناھايىتى ئېنىق ھالدا ھەم يايلاقتا ھەم شەھەردە ياشاش كېرەك دېگەن شەكىلدە جاۋاپ بېرىلدى. ئۇيغۇر ئېلسىزادىلىرىنىڭ ئەۋلادلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن تاڭ سۇلالىسى ئاياللىرىغا ئۆيلىنىش ئەنئەنىسى شىمالنىڭ چېدىردە ياشايدىغان ئاھالىسىنى شەھەر ھاياتىغا ئادەتلەندۈرۈپ، بۇنى ئومۇمەن مودىغا ئايلاندۇردى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بۇرۇنقىدەكلا شەھەر ھاياتىنىڭ تەسىرىدىن قورقمىغىدەك دەرىجىدە كۈچلۈك دەپ قاراپ خاتىرجەم بولغان ئىدى. شۇڭا، شەھەر ھاياتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە پائالىيەت مەسىلىسىنى جىددىي تەدبىقلاشقا باشلىدى. سودا-تىجارەتمۇ شەھەر ھاياتىنى قوبۇل قىلىشنى شەرت قىلاتتى. يات ئەللەرنىڭ ھەتتا ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ يېنىدا ۋەكىللىرى بار ئىدى. ھەر تەرەپتىن كەلگەن ماللارنى، مەسىلەن شىمالىي ئەللەردىن تۆلەم(خراج) سۈپىتىدە ئېلىنغان قىممەتلىك ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ياردىمى ئۈچۈن ئۇلارنى خوش قىلىش مەقسىتىدە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ‹‹ھەدىيە›› دېگەن نام بىلەن ئەۋەتكەن ئېسىل تاۋارلىرىغا ئوخشاش بەزى قىممەتلىك ۋە سورتلۇق ماللارنى ئۆزىنىڭ قولىغا توپلىغان باي ئۇيغۇرلارمۇ ئەمدىلىكتە تىجارەت قىلىشنى ئۆگەندى .

ئۇيغۇرلار يىلقىچىلىق ئىگىلىكىنى ناھايىتى كېڭەيتىش ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىنى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرگەن. يات مىللەت ئاياللىرى بىلەن توي قىلىش شەھەر ھاياتىنى شەرت قىلغىنىدەك، تىجارەتمۇ ئومۇمەن شەھەر قۇرۇشنى مەجبۇرىي بىر ھالغا كەلتۈردى. چۈنكى، زور مىقداردا توپلانغان قىممەتلىك تىجارەت بۇيۇملىرىنى چېدىرلاردا ساقلاش ئىمكانسىز ئىدى. گ. رامستېدت نەشر قىلدۇرغان مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن خەنزۇ ۋە سوغدى بىناكارلىرىنىڭ مىلادىيە 758ـ يىلى بىلگە تەرىپىدىن باي بالىق شەھرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلىنغانلىقى مەلۇم. بۇ شەھەر نامىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ‹‹فۇ گۈيچېڭ (富贵城)›› دەپ ئاتالغان. ‹‹چېڭ›› توپاغا مۇناسىۋەتلىك بىر خەت بولۇپ، ‹‹بالىق››تىكى ‹‹بال›› سۆزىنىڭمۇ ‹‹بالچىق›› سۆزىنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، بۇ يەردە خام خىشتىن

سېلىنغان ئۆيلەر ياكى ھېچبولمىغاندا خام خىشلىق سېپىل بىلەن قورشالغان بىر شەھەر سۆز تېمىسى بولسا كېرەك. بۇ ئەتراپلارنى كۆپ كەزگەن ئىككى موڭغۇلشۇناس گ.رامستېدت بىلەن ن.پوپپې باي بالىق شەھرىنى سېلىنگا دەرياسىنىڭ بويىدا، ئورقۇن دەرياسىنىڭ سېلىنگا دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان يېرىنىڭ شىمالىدا، بۈگۈنكى رۇسىيە چېگرىسىغا يېقىن بىر يەردە قۇرۇلغان دەپ قارايدۇ. چۈنكى، شۇ ئورۇندا ھازىر قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ خارابىلىرىدىن چىققان ماتېرىياللاردىن ‹‹باي بالىغىن سۈمە›› دەپ ئاتالغان بىر ئىبادەتخانا قۇرۇلغان. بۇ ئىبادەتخانا بەلكىم قەدىمكى باي بالىق شەھرىنىڭ ئورنىدا بولۇشى مۇمكىن.ئەجبا بۇ شەھەر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئومۇمەن موڭغۇلىيەدە ياشىغان تۈركلەرنىڭ قۇرغان تۇنجى شەھرىمۇ؟ ‹‹ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى››دە توغلا دەرياسى(بۈگۈنكى كۈندە تۇغلا دەرياسى ئورقۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قول تارماقلىرىدىن بىرى) بويىدا ‹‹توغۇ بالىق›› دېگەن بىر شەھەر تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ شەھەر كىملەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە ئاھالىسىنى كىملەر تەشكىل قىلغان؟ بۇ خۇسۇستا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ماۋرەئۈننەھرىدىكى ‹‹خاتۇن بالىق›› شەھرى توغرۇلۇق بۇ يەردە سۆز ئېچىلمايدۇ. چۈنكى، غەرپتىكى ۋەقەلەر بۇ يەردە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتمايدۇ. شەھەر قۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەھمىيىتى بولسا ئۇلارنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدۇر. مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار بارغانسېرى شەھەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا باشلاپ، باشقا شەھەرلەرنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن باشقا مىللەتلەرگە مەنسۇپ تۈركىستان شەھەرلىرىنىڭ ئېشەنچ ۋە ساداقىتىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ بۇ ئەھۋال شۇنىڭدىن كېيىن تەختتە چىققان ھۆكۈمدارلار دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتى .

مىلادىيە 755_763_يىللاردا تاڭ سۇلالىسى سارىيىدا ناھايىتى چوڭ ماجرالار يۈز بەردى. سارايدىن قوغلانغان تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمدارى ئۆز مەملىكىتىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە ئايلىنىپ يۈردى. تاڭ سۇلالىسى خانى قەدىمدىن بېرى ‹‹ياۋايى›› دەپ بىلگەن ئۇيغۇرلاردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولغاچقا، بىر ئۇيغۇر خانى مىلادىيە 762_ يىلى 11_ ئاينىڭ 20_ كۈنى چاڭئەننى ئىشغال قىلىپ، بۇ شەھەرنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى .ئۇيغۇرلار ھەربىي ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىنمۇ يايلاققا قايتىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى پايتەختىنىڭ ئەتراپىغا قارارگاھلىرىنى قۇرۇپ، تىنچ ۋاقىتلاردا بۇ يەردە يەرلەشكەن يۇرتداشلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، شەھەردىن ئېرىشىش مۇمكىن بولغان پۈتۈن پايدىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مالىمانچىلىق ئىچىدە بىر مۇنچە ياتلار غالىپلارنىڭ ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىش ئۈمىدى بىلەن ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى. بۇ ۋەقەلەر نەتىجىسىدە ئاتالمىش يېرىمى خۇسۇسىي، يېرىمى سىياسى ۋە ھەربىي ماھىيەتتىكى دۈشمەنلىك ھالىتى ئوتتۇرىغا چىقتى. نىھايەت ياردەمگە كەلگەن بارلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى، سودىگەرلەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمى كۆپ ۋە قىممەتلىك سوغاتلارنى ئېلىش بەدىلىگە پايتەختتىن چىرايلىقچە ئايرىلدى. ئۇيغۇرلاردىن ئېرىشكەن ھەربىي ياردەم ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى تەشەككۈر بۈرچى سۈپىتىدە قاغانغا بىر خەنزۇ مەلىكىسىنى ياتلىق قىلىشقا ۋە ھەر يىلى يىگىرمە مىڭ توپ يىپەك رەخت ئەۋەتىشكە قوشۇلدى(بىر توپ يىپەك رەخت نورمال ئۆلچەمدە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پۇلنىڭ رولىنى ئوينىغان.(

شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئات سودىسى خېلىلا مەجبۇرى بىر شەكىلنى ئالدى. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بۆيرىتمىغان ئەھۋالدىمۇ ئۇلارغا ھەر يىلى 100 مىڭ ئات ئەۋەتىپ، بۇنىڭ بەدىلىگە بىر مىليون توپ يىپەك رەخت تەلەپ قىلاتتى. ئۆزىنىڭ بارماي ئاتنىڭ باھاسىنى ئون توپ يىپەك رەختتىن 40 توپ يىپەك رەختكە چىقاردى. باھانىڭ ئۈستۈنلۈكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىكايەت قىلىشىغا سەۋەپ بولدى. ئۇلار ئىقتىسادىي دوكلاتلىرىدا ئات سۈپىتىنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى .بۇ جەرياندا، يىراققا يۈرگۈچى قوشۇنىنىڭ تەركىبىدىكى ئۇيغۇرلار چاڭئەندە بەزى مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچراپ، يېڭى قىممەت ئۆلچەملىرىنى قوبۇل قىلدى. بۆگۈ قاغان ئۇ يەردە مانى دىنىنى يېقىندىن چۈشەندى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىدىن مانى دىنى راھىپلىرىنى ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى. بۇ راھىپلار مىلادىيە 762_ يىلى ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلدى ۋە شۇ يىلى قاغان مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىندى. شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۇيغۇرلار بۇددىزم، نېستورى خرىستىيانلىقى ۋە زەردۇشت دىنى قاتارلىق يات دىنلار ھەققىدە يۈزەكى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، بۇ دىنلارغا قارىتا

www.uyghurkitap.com



ئېپتىدائىي مايىللىقىنى بىلدۈرگەنىدى.شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مانى دىنىنىڭ رەسمىي قوبۇل قىلىنىشى بەزى قارشىلىقلارغا دۇچ كەلدى. مانى دىنىغا ناھايىتى ھاياجان بىلەن باغلانغان بۆگۈ قاغان ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش شەكلىدىكى يات مەملىكەتلەردىمۇ بۇ دىنىنىڭ ھامىسى بولدى. بۆگۈ قاغانىنىڭ سايىسىدە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياڭزىجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا قەدەر بولغان ھەر قايسى جايلاردا مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا رۇخسەت قىلدى. يىراقتىكى ماۋرەئۇننەھرىگە قەدەر ھەر يەردە مانى دىنى مۇرتلىرى بۆگۈ قاغانىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى .بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار دەبدەبە ۋە ھەشەمەتچىلىكنى ياخشى كۆرەتتى. بۆگۈ قاغان مۇراسىم ۋاقتىدا ئالتۇن تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى تۈرك ئەسكەرلىرىدە كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش پۇلات ياپراقچىلاردىن ياسالغان ساۋۇت كىيەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ساۋۇتى ناھايىتى زىننەتلىك ئىدى. پۇلات ياپراقچىلارنىڭ بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان يېرىنىڭ قىرلىرى ئالتۇن بىلەن بېزەلگەنىدى. قولىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان پەدازلانغان بىر بۇيۇمنى ئېلىپ يۈرەتتى. بۇ بىر قوغدىنىش قورالى بولۇشتىن بەكرەك زىننەت تەسىرىنى بېرەتتى. قاغانىنىڭ باشقا تاقايدىغان زىننەت بۇيۇمى تاج ئىدى. باشقا ۋاقىتلاردا بېشىنى دوبۇلغىنىڭ ئېچىگە كىيدۈرۈلىدىغان ياغلىق بىلەن يۆگەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن دوبۇلغا كىيەتتى. خېلىلا ئېگىز بولغان دوبۇلغىنىڭ چوققىسى توپقا ئوخشاش يومىلاق ئىدى. ساۋۇتنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك بىر يەلما ئارتىپ، ئۇنى ئىككى تەرەپتىن باغلايدىغان بوققۇچ بىلەن بويۇنغا چىگىۋالاتتى. مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار ئەدەبىيات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلاپ، بوستانلىقلاردىكى يەرلەشكەن تۈركلەر بىلەن رىقابەتلىشىشكە قەدەم قويدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ قىممىزدىن باشقا تېرىقتىن ياسالغان بىر خىل ئېچىملىكمۇ بار ئىدى .

مىلادىيە 790_795_ يىللاردا، يەنى قۇتلۇق بىلگە دەۋرىدە بەشبالىق ئەتراپىدىكى قارلۇقلار بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلدى. شۇ ۋاقىتتا تىبەتلەرمۇ شەرقتىكى كەڭسۇ(گەنسۇ) ۋىلايىتىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قوچودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەھمىيەتسىز ھالغا چۈشۈرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىسىنى ئۆزىنىڭ قولىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى. نەتىجىدە تىبەتلەر بىلەن قانلىق ئۇرۇشلار بولدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ھەر قايسى جايلاردا، شەھەرلەردە تارقاق ھالدا ئولتۇراقلاشقانىدى. لېكىن، قوچودا يەنىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر قەلئە بېگى بار ئىدى. چىنانكەنت دەپ ئاتالغان بۇگۈنكى قومۇلدا خاندان ئائىلىسى بولغان ياغلاقار ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بىر بەگ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. مىلادىيە 800_ يىلى ئۇيغۇرلار ‹‹تۆت توخرى››نى، يەنى قوچو، قاراشەھەر، بەشبالىق ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئۆزىنى شەھەر ھاياتىغا بەك ئاتىغاچقا، شەھەرنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار ئەمدى بۇرۇنقىدەك شەھەرنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە مۇۋەققەت بولاڭچىلىرى ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئولتۇراق ھاياتتىكى بوستانلىقلارنى ھەقلىق ھالدا ئۆزىنىڭ تەسىرى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ مەدەنىيىتىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق شەھەرنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولدى .

شىمال تەرەپتىن قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بارغانسېرى قىيىنلاشتى. مەركەزنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تاغلىق يۇرتىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. لېكىن، ئۇيغۇر سارىيىدا قاتتىق مالىمانچىلىق يۈز بەردى. ئۇنى مۇقەددەس ئۆتۈكەنىنىڭ روھى بىلەنمۇ بېسىقتۇرغىلى بولمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ يات دىن قوبۇل قىلىنغاندىن بېرى ئۆتۈكەنىنىڭ مۇقەددەسلىكىمۇ ئېتىبارىنى يوقاتقانىدى. قەدىمكى شامانىزم چۈشەنچىلىرى ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ، رەڭگىنى يوقاتتى. بۇرۇن ‹‹ئۆلمەك›› سۆزىنىڭ ئورنىغا قوللىنىلغان ‹‹ئۇچماق››(دوزاق) دېگەن ناممۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ مۈلكى بولغان تاغ يايلاقلىرىدىن بەكرەك شەھەرلەر دىققىتىنى تارتاتتى. ھەقىقەتەن، جىددىي تەھدىتكە ئۇچرىمىغان يايلاقتىكى ھاكىمىيەتتىن باشقا، غەربىي جەنۇبتىكى شەھەرلەر ۋە ئۇ يەرلەردىكى بايلىقلارغا ئىگە بولغان تۇرۇغلۇق قىرغىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقنى تەھدىتكە ئۇچرىتىش كېرەكمىدى؟ ئېگىز قەلئە(ئۆتۈكەن)نى مۇداپىئە قىلىش ئەمدىلىكتە مۇھىم ئېھتىياج بولۇشتىن قالدى. شۇڭا، ئۇ ئانچە ئەھمىيەتلىك ھېساپلانمايتتى. مىلادىيە 840_ يىلى 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز ئاتلىق قوشۇنى ئوردا بالىققا قەدەر

بېسىپ كەلدى. ئۇيغۇر قاغانى قۇربان بولدى. ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى ئۇمىدسىزلىكتە چۇشۇپ ئوچۇق يايلاقتىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆزىنى قوغداشقا تىرىشتى. ئۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئالتايغا چېكىنگەندە ئۇمۇ ئۆلدى .مەغلۇپ بولغان ئۇيغۇر خەلقى ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇلار تاغ قەلئەسىگە ئەمەس، شەھەرلەرگە چېكىندى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردە ئۆزلىرىنى بارماي ئىستىقلالىنى، ئۇندىن كېيىن مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. بىر قىسمى غەرپتىكى قارلۇقلاردىن پاناھلىق تىلىدى. كۆپ قىسمى تارىم-تۇرپان ۋادىسىغا كېلىپ ئايرىم بىر دۆلەت قۇرۇشقا كىرىشمەي، ئۇ يەردە باشقا تۈرك ئۇرۇقلىرى بىلەن بىرلىكتە ياشاشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ كېلىشى ئاساسەن بۇرۇندىنلا مەۋجۇت بولغان ۋە شالاڭ ھالدا ئولتۇراقلاشقان تۈرك نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە، خەنزۇلار، ئىرانلىقلار ۋە ھىندىلارغا نىسبەتەن تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولدى .

سەنئەت تارىخى ئالىملىرى تۇرپان بوستانلىقىدا قەدىمكى توخارلار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈرك ئۇسلۇبىنىڭ يىلتىز تارتىشىنىڭ بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىشىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋردىن كېيىن توخار سەنئىتى كۆرۈلمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈرك سەنئىتى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت بىلەن رىقابەتلەشكەن دەۋرى ئارقىلىق موڭغۇل ئىستىلاسىغا قەدەر داۋاملاشقان تىنچلىق ۋە خاتىرىجەملىك دەۋرىنىڭ سەنئەت ئۇستازلىرى ۋە مەدەنىيەت قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلاندى . بىر نەرسە ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك يوقالدى. 9- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىرغىز خانلىقى خىتانلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. خىتانلار قوچو ئۇيغۇرلىرىغا قەدىمكى يۇرتىنى ۋە شىمالىي يايلاقلارنى ئىشغال قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇيغۇرلار بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. ئۇلار بۇ چاغدا تامامەن ئولتۇراقلىشىپ، شەھەر- يېزا ئاھالىلىرىگە ۋە سودىگەرلەرگە ئايلانغانىدى. كۆچلۈك يايلاق شارائىتى بىلەن ئۇچرىشىشقا غەيرەت قىلالمايتى، چۈنكى، بۇ تۈركلەر تامامەن ئۇيغۇرلىشىپ شەھەرلىشىپ بولغانىدى.

(تەرجىمان: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كارىز ۋە چىگە توقۇمىچىلىقى

پەرھات كازىمى

ئىلىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرى قەدىمكى دەۋرلەردىلا تەرەققىي قىلغان. توقۇمىچىلىقنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ئاساسەن يۇڭ، پاختا، يىپەك، چىگە( كەندىر قاسرىقى) بولۇپ كەلگەن. چۈنكى ئىنسانلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مەزگىللەردە ھايۋانلارنىڭ يۇڭلىرىدىن يىپ ئىشىپ ھەر خىل توقۇلما بويۇملارنى ئىشلەتكەن. تەدرىجى  پاختا، مەشۈت، چىگىلەردىن پايدىلانغان. كېۋەزنىڭ «قوياش پەرزەنتى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. ئۇنىڭ ھەر خىل سورتلىرى ھەر خىل پاختا ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ئاساسى. مەشۈت ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ئاساسى ماتېرىيالى جۇجەم (ئۈجمە)، پىلە ۋە چىگىنىڭ كەندىردۇر. ئەڭ دەسلەپكى توقۇمىچىلىق تالاسى دەپ قارىلىدىغان كەندىر «ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى تېرىپ ئۆستۈرىدىغان زىرائەتلىرىنىڭ بىرى. ئەجداتلىرىمىز ئاز دېگەندە 3000 نەچچە يىللار ئىلگىرىلا كەندىر تالاسىدىن ‹ئارلاشما كاناپ›لارنى توقۇغان.»①

كەندىر تۇرپان  ۋادىسىنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۆسۈشكە باپ كېلىدىغان زىرائەت. «كەندىر ئۈجمە ئائىلىسگە كىرىدىغان بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنىڭ تۈۋى قىسمى يۇمىلاق، ئوتتۇرا ۋە ئۈچى قىسمى چاسا شەكىللىك بولىدۇ. گۈلى بىر جىنسلىق بولۇپ، ئاتىلىق ۋە ئانىلىق گۈللىرى ئايرىم تۈپلەردە ئۆسىدۇ. ئاتىلىق گۈل رېتى كونۇس شەكلىدە، ئانىلىق گۈل رېتى شارسىمان ياكى قىسقا باشاقسىمان بولىدۇ. مېۋىسى ئورۇق مېۋە بولۇپ، توخۇم شەكىللىك ھەم قىرلىق، ئۇرۇقى توق يېشىل رەڭدە بولىدۇ. ئاتىلىق تۈپ ئىنچىكە ئۇزۇن، تالاسى كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، بالدۇر پىشىدۇ. 2-ئەسىرلەردىلا شەرقىي خەن دەۋرىدىكى سۈي شى: كەندىرنىڭ ئاتىلىق تۈپ ۋە ئانىلىق تۈپ ئايرىمىسى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە ئاتىلىق تۈپىنى «ئەركەك كەندىر»، ئانىلىق تۈپىنى «چىشى كەندىر» دەپ ئاتىغان. كەندىرنىڭ غول قىسمىدىكى تالالار ئۇزۇن ھەم ئەۋرىشىم بولۇپ كاناپ توقۇشقا، برېزېنت توقۇشقا، ئارغامچا ئېشىشكە ۋە تور توقۇشقا بولىدۇ.»② دېمەك، كەندىرنى قەدىمكى زامانلاردىلا ئەجداتلىرىمىز چۈشەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان.

تۇرپان رايۇنىدا كەندىرنىڭ ئۆستۈرۈلىشى ۋە كەندىر توقۇمىچىلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق كەندىرنىڭ ئەينى زاماندا تۇرپان ۋادىسىدىكى خەلق تۇرمۇشىدا ھەم مايلىق دان ھەم تالالىق زىرائەت دەپ ئۆستۈرگەنلىكىنى بىلىمىز. «دانلىق زىرائەتلەر ۋە ھەر خىل پۇرچاق تۈرلىرىدىن باشقا، بېدە، كەندىر، كۈنجۈت، كېۋەز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرمۇ تېرىلغان. بېدە مال بېقىش ئۈچۈن تېرىلغان، كېۋەز، گۈنجۈت، كەندىرلەردىن يىپ ۋە ياغ چىقىرىلغان. لۈكچۈن بوستانلىقىدا كەندىر(亚麻) مۇ تېرىلاتتى. بىر قانچە ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە لۈكچۈندە كەندىردىن توقۇلغان سۈپەتلىك رەختلەر ئۈستىدە سۆزلىنىدۇ.» ③ئەينى زاماندا لۈكچۈن يېزا ئىگىلىكىدە كەندىرنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كەندىر تېرىقچىلىقىنىڭ كۆلەملىشىشى بىلەن كەندىر مەھسۇلاتلىرىنى پىشقلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىمۇ راۋاجلانغان. «... قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھەر قايسى ساھەلەردە مەخسۇس كەسىپلەشكەن. مەسىلەن، لۈكچۈن ۋادىسىدا كەندىردىن ناھايىتى داڭلىق سۈپەتلىك، قوش يىپلىق رەخت توقۇلاتتى. بۇ رەختلەر ئادەتتىكى بۆز رەختلەرگە  قارىغاندا ناھايىتى قىممەت سېتىلاتتى. دېمەك، شۇ چاغلاردا لۈكچۈن ۋادىسى ئالىي سۈپەتلىك كەندىر چىگىسى رەخت ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەركەزىي رايۇن بولغان ۋە لۈكچۈننىڭ بۇ رەختلىرىگە ئالاھىدە بەلگىلەر قويۇلغانىدى. لۈكچۈن رەختلىرى باشقا ۋادىلارنىڭ چوڭ-چوڭ بازارلىرىدا سېتىلاتتى ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىلاتتى. » ④

چىگە تالالىرى يەنى چىگىنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ھەتتا ئەينى زاماندا قەغەزچىلىكتىمۇ كەندىر

چىگىسىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغانلىقى مەلۇم. «... يەنە شۇ دەۋرگە تەئەللۇق دەپ ھېسابلانغان (مىلادىيە 220_420 يىللىرى) تېپىندىلاردىن تۇرپان رايونىدىكى قەبرىلەردىن قەغەز كەش ۋە قەغەز ئادەم چىققان. شائىخەي شەھەرلىك قەغەز تەتقىقات ئورنىنىڭ خىمىيىۋى ئانالىز قىلىشىچە، بۇ قەغەزلەرنىڭ بىر قىسمى پاختىدىن؛ كۆپ قىسمى كەندىردىن ئىشلەنگەن ۋە كەندىر تېپىدىكى تالالاردىن ھەم بىراك توقۇلمىلاردىن پايدىلانغان.»⑤دەپ ھۆكۈم چىقارغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەغەزچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلىنىشنى كەندىر ۋە چىگە ئىشلەپ چىقىرىشتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ .

لۈكچۈننىڭ تېرىقچىلىقى ئاساسەن ئىككى خىل سۇغۇرىش بىلەن بولىدۇ. بىرى ئۆرتەڭ غولىدىن ئېقىپ كەلگەن تاغ سۇلىرىغا قوشۇلغان لەمجىن غولىدىكى بولاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن كېلىدىغان تاغ سۈيى. يەنە بىرى لۈكچۈن كارىزلىرىدۇر. لۈكچۈن كارىزلىرى دېگەن ئاتالغۇ قەدىمكى ئاتالغۇ. لۈكچۈن كارىزلىرى ھازىرقى دالانكارىز يېزىسىدىكى، دىغار يېزىلىرىدىكى كارىزلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەينى زامانلاردا لۈكچۈن ۋە لۈكچۈن ئەتراپىدىكى يەرلەرنى تاغ سۈيى (لۈكچۈندە چوڭ سۇ دەپ ئاتايدۇ) بىلەن سۇغۇرۇش ئومۇملىشىپ لۈكچۈن شەھەر ۋە شەھەرنىڭ يوقىرىسىدا بىرمۇ كارىز يوق ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ لۈكچۈن بازىرىدا بىرمۇ كارىز يوق. (لۈكچۈن كارىزلىرى ئاساسەن تاغ ئۈستىدە يەنى لەمجىندە بولۇپ كارىزلارنى قېزىپ تاغ سۈيىگە قوشۇپ سۇنى ئۇلۇغلىتىش مەقسىتىدە چاپقان) دېمەك، لۈكچۈننىڭ مەيلى يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، مەيلى قول سانائەتچىلىكى بولسۇن كارىزلار مول خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئامبىرى بولغان. چۈنكى لۈكچۈن كارىزلىرىنىڭ ئەتراپىدا بىپايان بوز يەر بار بولۇپ، قانچىلىك سۈيى بولسا شۇنچىلىك بوز يەر ئاچقىلى بولاتتى. ئەينى زامانلاردىن تارتىپ يېقىنقى زامانلارغىچە لۈكچۈندە كارىز چاپقانلارغا باج، سىلىق، ئالۋاڭدىن مەلۇم ئۇلۇش كەچۈرۈم قىلىش، كارىز قۇدۇقلىرىغا خانلىق يەر بولسۇن، باينىڭ يېرى بولسۇن ئورۇن بېرىلىشى كېرەك دەپ كارىز قۇدۇقلىرىغا كىشلەر ھويلىسىغا ئۇدۇل كېلىپ قالسا ھويلىسىدىن ئورۇن بېرىپ كەلگەن. دېمەك، لۈكچۈن شەھرىدە سۇنىڭ قەدرىنى جۈملىدىن كارىزنىڭ قەدرىنى قىلىش قەدىم زاماندىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئادەت. چۈنكى كارىزلار لۈكچۈن شەھرىنىڭ ئاشلىق، مايلىق دان، توقۇمىچىلىق خام ئەشيالىرىدىن پاختا، چىگە بىلەن تەمىنلەيدىغان بازا ئىدى .

ئىزاھاتلار :


①② «جۇڭگو ئۆسمۇرلەر قامۇسى -- تەبىئەت . مۇھىت» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2006_يىلى 10_ئاي 1_نەشرى، 743_بەت.

③د. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000_يىلى 12_ئاي 1_نەشرى، 87_،88 _بەتلەر.

④د. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000_يىلى 12_ئاي 1_نەشرى، 107_بەت .

⑤ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000_يىلى 3_ئاي 1_نەشرى، 264_بەت.


تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



سوڭ شيەن

# قەدىمكى شىنجاڭ ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى

تەرجىمان : ئىمىن تاجى تۇرگۇن

ئەرەبلەر شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم تاڭ دەۋر(618 _907) دە كەلگەن، شىنجاڭ ھەققىدىكى خاتىرىلىرى بولسا بەش دەۋر مەزگىلىدىلا باشلانغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. بۇ ماقالىدە تارىخ جۇغراپىيە نوقتىسىدىن ئەرەبچە قەدىمكى ئەسەرلەردە كۆرۈلىدىغان شىنجاڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق كىشلەرگە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش، توقۇنۇش ۋە سىڭىشىشتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشنى گەۋدىلەندۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## 1.ئەرەب يېزىقى ۋەسىقىلىرىدىكى«سۇلي» (قەشقەر) ھەققىدىكى خاتىرىلەر

مىلادىيە 932_يىلى ۋاپات بولغان باغداتلىق يازغۇچى قۇدامى يازغان «باج رىسالىسى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى» (قىسقارتىلىپ « باج رىسالىسى » نامىلىق كىتابتا ئالېكساندىر جۇڭگوغا يېتىپ بېرىپ يەنە شىمالغا يۈرۈپ، جۇڭگو پادىشاھى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇدۇللا سۇلي ئېلىگە (بەگلىكىگە) يېتىپ بېرىپ ئۇ يەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇ يەردە سۇلي ۋە خامدان (Kham dan) نامىلىق ئىككى شەھەرنى بەرپا قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە جۇڭگو پادىشاھىغا قوشۇنلىرىنى خامدان (Kham dan) شەھرىدە تۇرغۇزۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن چۆل_جەزىرىلەردىكى تۈركلەرگە يۈرۈش قىلىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرغانلىقلىرىنى يازغان ( بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1991_يىلى نەشر قىلغان «يوللار ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» نامىلىق كىتابقا قاراڭ).

يۇقىرىقى تېكستتىكى ئالېكساندىر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 356_يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 323_يىللاردىكى ئالېكساندىر ماكېدونسكىي ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركلەر ئەمەس بەلكى ھۇنلار(يۇچۈن تۈركلەر) بار ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىدا دېيىلگەن ئالېكساندىر بېسىپ ئۆتكەن رايونلار، ھەتتا قۇدامى ياشىغان دەۋردىن بۇرۇنقى تاڭ دەۋرى، بەش دەۋر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى جۇڭگو جۇغراپىيەسىگە دائىر بىلىملەر ئىدى. كەمىنە بۇ يەردە شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا تەخمىنەن تاڭ دەۋرى ۋە بەش دەۋر مەزگىللىرىدىكى ئەرەبچە جۇغراپىيە تەزكىرىلىرىدە جۇڭگونىڭ پايتەختى «خامدان» ۋە «خۇمدان» دەپ يېزىلغانلىقىنى (خۇاڭ زوڭيىڭ تۈزگەن «سەددىچىنگە نەزەر» نامىلىق كىتابتا شىنجاڭدىكى كۇچانىڭ «خۇمدان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان) ، بۇنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ «چاڭئەن» گە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پارس تىلىدا «خومدان»(Khom dan) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى سەمىگە سالماقچىمەن.

## 2. ئەرەب يېزىقى ۋەسىقىلىرىدىكى«قەشقەر» ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بايانلار

ئەل تەبەرى ئىبىن جەرىرنىڭ (932_839 _ يىللار al– Tabaryyi Ibn Jareer, ) «مىللەت ۋە ئەللەر تارىخى»(Tareekh –W um aim em w a –M uluk) (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تارىخىي تەبەرى» دەپ ئېلىنىدۇ) نامىلىق ئەسىرىنىڭ «ھىجرىيە 96_ يىلى» نامىلىق بىر پاراگرافىدا تاڭ شۈەنزوڭنىڭ كەييۈەن 3_ يىلى دەمەشقتە قۇرۇلغان ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ (ئاق يەكتەكلىك ئەرەبلەر) بىر تارماق قوشۇنى قۇتەيبەنىڭ ( تولۇق ئىسمى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەل بەخلە دېيىلىدۇ، Qutaybah ben Muslim al –Bahlee) باشلامچىلىقىدا جۇڭگونىڭ ئەنشىدىكى تۆت چوڭ

قورغىنىنىڭ بىرى بولغان سۇلىغا بارغانلىقىنى، تەبەرىنىڭ بۇ يەرنى كاشغەر (Kashgar)دەپ ئاتىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئىشلار مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەرگە ئايان بولمىغان، بىز ھازىر بۇنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق. قۇتەيبە (تايچاق قامچىسى دېگەن مەنىدە) 669_ يىلى سۈرىيەدە تۇغۇلغان. 27 يېشىدا ئەل ھەججاجغا (al-Hajaji)ئەگىشىپ خاۋارىج مەزھىپىنىڭ رەھبىرى شابىبۇ بىن يەزىد (646_697 Shabeebu bn Yezeed) رەھبەرلىكىدىكى ھەرىكەتنى باستۇرۇپ ھەربى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ئەينى ۋاقىتتا ھەججاج پۈتكۈل ئىمپىرىيەنىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ باشلىقى —— ئىراق رايونىنىڭ ئەمىرى بولغاندىن كېيىن قۇتەيبە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور ئەمەلدارغا ئايلانغان، 705_ يىلى ھەججاجنىڭ ۋارىسى ۋەلىد (waleed) خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن قۇتەيبە خەلىپىلىكنىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەردىن خۇراسان (Khurasan) ئەمىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ۋەزىپىدىكى ۋاقتىدا، ئۇ ئامۇ ۋە سىر دەريالىرى ۋادىسىغا ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن. ئۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە : 706 ـ يىلى قۇتەيبە بېكەندكە (Beekand) ھۇجۇم قىلغان. بۇ شەھەر «سۇينامە» دە «بى» شەھىرى دېيىلگەن، «تاڭنامە» دە «بى بەگلىكى» دېيىلگەن. بۇ شەھەر بۇخارا شەھىرىنىڭ غەربىگە، ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى فاراب شەھىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، تارىختا «سودىگەر شەھىرى» دەپ ئاتالغان.707_ يىلى قۇتەيبە نۇمشكەندكە(Numishket) ۋە رامسېناخ (Ramitheenah) شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان. 708_ يىلى قۇتەيبە بۇخارا شەھرىگە (Bukhara) ھۇجۇم قىلغان. 709_ يىلى قۇتەيبە بۇخارا (Bukhara) ۋە سوغدىيانا (al-Soghd) لار بىلەن بىللە كىلىشىم تۈزۈپ، تالېكاننى قولغا كەلتۈرگەن ( al-Talagan تاڭ دەۋرىدىكى قۇندۇز ئايمىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ھازىر ئافغانىستان تەۋەسىدە). 710 ـ يىلى شۇمان (shuman)، كېش (kess) تاڭ دەۋرىدە بۇ يەرنى بېسىپ ئۆتۈپ شاجۇغا بارغىلى بولاتتى، بۇ يەر ھازىر ئۆزبېكىستاندىكى شاھرىشابوستۇر)، ناسبو (ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى قارىش شەھىرى) قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىگەن. 712_ يىلى قۇتەيبە خارازىم شاھى بىلەن كىلىشىم تۈزۈپ خام جىردنى (Kham Jird) قولغا كەلتۈرۈپ، سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلغان. 713_ يىلى قۇتەيبە شاش (al-Shash،تاش شەھەر) ھازىرقى تاشكەنت) ۋە فەرغانىگە ھۇجۇم قىلغان. 714_يىلى شاشنى (al-Shash) ئىگىلىگەن. 714_ يىلى ۋەلىئەھد خەلىپىنىڭ ئىراق ئۆلكىسى ئەمىرى، قۇتەيبىنىڭ ئارقا تېرىكى ھەججاج ۋاپات بولغان. 715_ يىلى قۇتەيبەنىڭ ئارقا تېرىكى ھەججاج ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلايمان خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلغان. سۇلايمان ھەججاج ۋە قۇتەيبەنىڭ سىياسى دۈشمىنى ئىدى. 715_ يىلى قۇتەيبە قەشقەرگە (Kashgar)بېسىپ كىرگەن. خەلىپە سۇلايمان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ، قۇتەيبە ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ئويلۇشۇپ قېچىش پىلانىدا بولغان. «تارىخي تەبەرى» ناملىق كىتابتا قۇتەيبە ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ ئەڭ يىراقتىكى شەھەر مەرۋىگە (marw) «تاڭنامە» دە ‹مەرۋى ئايمىقى» دېيىلگەن، بۇ ھازىرقى تۈركمەنىستاندىكى مار شەھرىگە توغرا كېلىدۇ) كەلگەن. بۇ ۋاقىت يەنى ئۇ فەرغانىگە كەلگەندە ۋەلىئەھدى خەلىپىنىڭ ۋاپات بولۇپ، خەلىپىلىك ھوقۇقىنىڭ ئىمرات(al-Imrat) نىڭ ئىنىسى سۇلايماننىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان." ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ھۈركۈپتۇ"دېگەندەك قۇتەيبە يېڭى خەلىپە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى دۈشمەنلىكتىن ئەنسىرەپ بارلىق ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ئۆزى ئۈزۈن مۇددەت باشقۇرغان سەمەرقەند شەھرىگە قاراپ ئاتلانغان. بۇ سەپەردە ئۇ ئامۇ (ئەرەبلەر بۇ دەرياني جەيھون (Jayhun) دەرياسى دەپ ئاتايدۇ) دەرياسى ۋادىسى بويىدا بىر مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرۇپ، ئىسمىنى خارەزىم (al-Khuwarizmee) دەپ ئاتاپ، قوغدىغۇچى قىسىملىرىغا (نۆۋكەرلىرىگە) قۇتەيبەنىڭ رۇخسىتىسىز ھەر قانداق ئادەمنى كىرگۈزمەسلىك بۇيرۇقىنى بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش قىسىملىرىنى تاغ باغرىدىكى كىچىك يوللارغا چارلاشقا ئەۋەتىپ قەشقەرگە بارىدىغان يوللارنى راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان ۋە يول مۇساپىلىرىنى مۇشۇ ئارقىلىق بېكىتكەن. ئەرەبلەر قەشقەرنى جۇڭگونىڭ بارلىق شەھەرلىرى ئىچىدە ئەڭ غەربىتىكى شەھەر دەپ قارىغان. شۇنىڭدىن كېيىن قۇتەيبە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ جۇڭگوغا يېقىن يەرگە بارغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىدىكى جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن جۇڭگو پادىشاھى تاڭ شۈەنزوڭ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىدىن بىرنى ئەۋەتىشنى بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە دىنى ئېتىقادىقا ئائىت

ئۇيغۇرچە كىتابلار بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەزمۇنلارنى ئۆزگە تونۇشتۇرۇشنى مەزمۇن قىلىپ بىر پارچە خەت يازغان. شۇنىڭ بىلەن قۇتەيبە ئۆز قىسمىلىرى ئىچىدىن ناھايىتى كېلىشكەن ، گەپ-سۆزگە ماھىر ، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئۇستۇن ۋە سەنئەت تالانتىغا ئىگە بولغان 12 ئادەمنى تاللىغان. ئۇنىڭ ئۆمەك باشلىقلىقىنى خۇبەيراخ بىن مۇشمەراجى (Hubayrah ben al -Mushmaraji) ئۇستىگە ئالغان. قۇتەيبە جۇڭگوغا بارغان ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى خۇبەيراخ قاتارلىق كىشىلەرگە خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنىڭ سەللىسىنى ئېلىپ تاشلىماسلىقى، ئۇنى بارغانلىكى ئەللەرگە ئېلىپ بېرىشنى تاپىلىغان. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ : ‹‹مەن شۇنىڭغا ۋەدە بېرىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ ئېلىڭلارغا بارغاندا، سىلەرنىڭ ھەر قايسى بەگلىكلار ماڭا بەيئەت قىلسۇن، سىلەردىن دېھقانچىلىق بېجى (Kharaj) ياكى ئادەم بېجى يىغىمەن›› دېگەن گېپىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىغان. «سىلەرنىڭ ھەر قايسى بەگلىكلار ماڭا بەيئەت قىلسۇن» دېگەن بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى سىلەرنىڭ ھەر قايسى بېگلار مېنىڭ مۇھىرىمنى قوبۇل قىلسۇن دېگەنلىكتۇر. كەمىنىنىڭ چۈشىنىشچە، بۇ سىلەرنىڭ ھەر قايسى بېگلار مېنىڭ قۇللىرىمغا (ياكى قول ئاستىمدىكىلەرگە ياكى مال-مۈلكۈمگە ) ئايلاندىڭلار دېگەنلىكتۇر. خۇلاسە كالام، قۇتەيبە تاڭ سۇلالىسىغا پوپوزا قىلىپ ئارزراقمۇ كۆزگە ئىلىپ قويمىغان. ئەمما جۇڭگو پادىشاھى يەنىلا دوستانە مۇئامىلە قىلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە تۆۋەندىكىدەك قارارنى چىقارغان. ئالتۇن توشقۇزۇلغان بىر كوزىغا جۇڭگو تۇپرىقىدىكى بىر نەچچە سىقىم توپىنى قاچىلاپ، بۇ قاچىنى قۇتەيبەگە بېرىپ، ئۇنى بۇ قاچىدىن ئاتلاپ دەسسەتكۈزگەن ھەمدە تۆت نەپەر ياش شاھزادىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ مۇھىردارلىقىنى قىلىش بەلگىلىنىپ، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم تاۋار-دۇردۇن ۋە ئالتۇن-زىنچىلارنى باج قەرزى سۈپىتىدە بەرگەن. بۇ نەرسىلەرنى ھەممىسى قۇتەيبەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاندا، قۇتەيبە تاۋار-دۇردۇن ۋە ئاق ئالتۇننى قوبۇل قىلغان. دېگەندەك ياش شاھزادىلەرنىڭ مۇرىسىگە مۇھۇر بېسىلىپ، ئۇلارنى جۇڭگوغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى ئالتۇن قاچىلانغان كوزىنى ئاتلاتقۇزغان. قۇتەيبە مەغرۇرلىنىپ خۇبەيراخنى دەمەشقتىكى ئەمىر (Ameer al –Mu'mineen)، بۇ خەلىپىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى) بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتكەن. ئەمما خۇبەيراخ بۇ سەپەردە ئىراقنىڭ پارس (Faris) ئۆلكىسىدە ۋاپات بولغان.

قۇتەيبە ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كېڭىيىشى ئۈچۈن 13 يىل ئىشلىگەچكە، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تاراپ، پارس ۋە خۇراساندىكى پۇقرالار ئۇنى «ئەرەب پادىشاھى» دەپ ئاتىغان. ئۇ قەشقەردىن سەمەرقەندكە قايتىشىدا ئۇ باشلاپ ماڭغان 45000 ئادەم خۇراسان چوڭ قوشۇنى ئۇ (قۇتەيبە) ۋە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھاكىمىيەتنى بۆلۈپ باشقۇرۇش ئەنئەنىسىگە قارشى تۇرغان. ھىجرىيە 96- يىلى (مىلادىيە 714- يىلى 9- ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 715-كۈنى 9-ئاينىڭ 4-كۈنى) قوشۇن باشلىقى ۋاكىرنىڭ (Wakee'e) ئەسكەرلىرى قۇتەيبە ۋە ئۇنىڭ بەش ئاكا-ئىنى، قىز-ئوغۇل ۋە باشقا ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. شۇ ئىشتىن كېيىن، ۋاكىر (Wakee'e) قۇتەيبەنىڭ كاللىسىنى پايتەختتىكە ئاپىرىپ بەرگەن. خەلىپە سۇلايمان بۇ باشنى كۆمۈۋەتكەن.

قۇتەيبەنىڭ قەشقەرگە كەلگىنىگە 1291 يىل بولدى، قۇتەيبە ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۈەنزوڭ بىلەن كۆرۈشۈشى مەدەنىيىتى ئوخشىمىغان مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە باشقا كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە ستراتېگىيە ۋە ئەقىل-پاراسەت ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ( بۇنىڭ تەپسىلاتىنى لىۋان بىرۋت كۇۋايىس نەشرىياتى 1977-يىلى بىرىنچى قېتىم، 1978-يىلى قايتا نەشر قىلغان «قۇتەيبەنىڭ تەرجىمھالى» ناملىق كىتابتىن كۆرگەيسىز ).

### *3. ياقۇت رۇمىيىنىڭ (Yaqut al –Rumiyyi,1179-1229) «يەر ناملىرى لۇغىتى» ناملىق كىتابىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخ جۇغراپىيەسىگە دائىر بايانلار*

*بۇ كىتابنىڭ قەشقەرگە ئائىت بايانلار*

بۇ كىتابنىڭ 4-جىلدىنىڭ 430،431-بەتلىرىدە مۇنداق يېزىلغان : قەشقەر (Kashghar) : ئۇنىڭ بىر شەھرى ۋە بىر قىسىم يېزا-كەنت، قورۇقلىرى بار. سەمەرقەندتىن يولغا چىقىپ ئۇنىڭ ھەر قانداق يېرى ياكى ئۇنىڭغا قوشنا رايونلارنى

ساياھەت قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ تۈركلەر رايونىنىڭ (Bilad al-Turki) مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىلىرى مۇسۇلمانلاردۇر. شۇ ۋاقىتتىكى ئەبۇ مۇئالىي (تولۇق ئىسمى : Abu al-Mualee Tughrulesshah (Muhhamad ben al ben al-Hasan ben Hashim al –kashgharee al –WA'iz مۇشۇ يەرلىك كىشى ئىدى. ئۇ ناھايىتى دىيانەتلىك بولۇپ، كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى ئوقۇپ، ئەدەبىيات ( Adaben بۇ يەنە ئەدەپ-قائىدە دەپمۇ چۈشەندۈرۈلىدۇ) ئۈگەنگەن قۇرئان تەفسىرلىرىنى(Tafseer) ئوقۇغان. ئۇ مىلادىيە 490-يىلى( مىلادىيە 1096- يىلى 12- ئاينىڭ 19-كۈنى —— 1097- يىلى 12- ئاينىڭ 9-كۈنى) تۇغۇلۇپ، مىلادىيە 550-يىلى (مىلادىيە 1155- يىلى 3- ئاينىڭ 7-كۈنى —— 1156- يىلى 2- ئاينىڭ 25-كۈنى) ۋاپات بولغان. يەنە بىر شەخس ئەبۇ ئابدۇللا ( Abu abd Allah al-husaiyin ben Ali ben Khalaf ben Jabra'il ibn al –Khaleel ben saihe Muhammad al –Alma'ee al -kashgharee)ئۇ ناھايىتى دىيانەتلىك شەيخ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ئۇ تۈزگەن «ھەدىس-شەرىف» 120 نەچچە قىسىمدىن تۈزۈلگەن. ئۇ مىلادىيە 484-يىلى (مىلادىيە 1091- يىلى 2- ئاينىڭ 23-كۈنى —— 1092- يىلى 2-ئاينىڭ 11-كۈنى) باغدادتا ۋاپات بولغان.

كاجغار (Kajghar) : تۈركىستانلىقلارنىڭ (Turkistan) قەشقەرنى (Kashghar) ئاتىشىدۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «يەرناملىرى لۇغىتى» نىڭ ئاپتورى تۈركىي تىللىق خەلقلەر رايونىدىكىلەرنىڭ قەشقەرنى(Kashghar) كاجغار (Kajghar) دەپ ئاتايدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئۇ بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئىنچىكە تەپسىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن ھەققىدىكى بايانلار . بۇ كىتابنىڭ 4- جىلد 347- بېتىدە مۇنداق يېزىلغان :خوتەن (Khutana) قەشقەرنىڭ (Kashghar) تۆۋەن تەرىپىدە، قارغالىق (Yoozakand ) سىرتىدىكى شەھەر بازىرى ۋە كىچىك بەگلىك. ئۇ تۈركلەر رايونىنىڭ (Bilad al -Turki) تاغلىق رايونىدىكى بىر جىلغىغا جايلاشقان. بىر قىسىم كىشىلەر خۇتتانۇ (Khutana) دەپمۇ ئاتايدۇ. سۇلايمان بىن سۇلايمان ئەبۇ داۋۇت مۇشۇ يەرلىك بولۇپ، ئۇ ھەججاج ئەل خوتەنى (خوتەنلىك ھەججاج دېگەن مەنىدە، Hajaji al –Khutanee) دەپ ئاتاش ئارقىلىق داڭق چىقارغان. ئۇ ئەبۇ ئەلى ھۇسەيىن ئەلى بىن سۇلايمان مەرغىنانىنىڭ ( Abu Ali al –Husayn bn 'Ali bn Sulayman al –Marghinanee) نىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلىغان. ئەبۇ خاسەي ئۆمەر بىن ئەخمەد ئەلى قەيسافىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ مىلادىيە 523- يىلى ئۇنىڭدىن بىلىم ئالغان ئىكەن.

كوشانۇ (kooshanu)ھەققىدىكى بايان ۋە تالاش-تارتىشلار

بۇ كىتابنىڭ 4-جىلد 489-بېتىدە مۇنداق يېزىلغان : كوشانۇ (kooshanu)، ئۇ تۈرك ئېلىگە ئەڭ يىراق شەھەر (Madeenah). ئۇنىڭ پادىشاھى يەنى ئۇنى ئىگىلەپ تۇرغۇچىلار ئۇيغۇرلاردۇر( al –Tughuzghur، توققۇز ئوغۇز، ئۇيغۇر). ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈكلىرىدىندۇر. ئۇلارنىڭ پادىشاھى تۈركلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە مەن ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن.

«يەر ناملىرى لۇغىتى» نىڭ ئاپتورى تىلغا ئالغان كوشانۇ (kooshanu) ھازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچامۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدە كەمىنە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئامالسىز. بۇنى شىنجاڭ تارىخ جۇغراپىيە تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ پىكىر مۇلاھىزىسىگە قويۇپ قويىمەن.

ساراسنۇ (Sarasnu) ھەققىدىكى بايان ۋە تالاش-تارتىشلار

بۇ كىتابنىڭ 3-جىلد 211-بېتىدە مۇنداق يېزىلغان : ساراسنۇ (Sarasnu) : ئۇ تۈرك ئېلىگە ( Bilad al-Turki) ئەڭ يىراق بازاردۇر (Balad). بۇ يەردە بىر بازار بولۇپ، بۇ يەردىن قۇندۇز، بۇرتاس ۋە دېڭىز بۇلغۇنى قاتارلىقلار دېڭىز ھايۋانلىرى سېتىلىدۇ.

ساراسنۇ (Sarasnu) شىنجاڭ دائىرىسىدىمۇ ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدە كەمىنە قارار چىقىرىشقا ئامالسىزمەن. بۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ تەھلىل قىلىپ بېقىش كېرەك. ھازىر شىمالى قۇملۇقتىكى ئورمانلىق بەلباغلىرىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



شاۋغار (Shawaghar) ھەققىدىكى بايان ۋە تالاش-تارتىشلار

بۇ كىتابنىڭ 3-جىلد 316-بېتىدە مۇنداق يېزىلغان: شاۋغار (Shawaghar) : ئۇمارانىينىڭ (Umaranee) بايانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ شەھەر تۈرك ئېلىدە (Bilad al-Turki) ئىكەن. «يەر نامىلىرى لۇغىتى» نىڭ ئاپتورى شاۋغار (Shawaghar) ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھات بەرمىگەن. بۇ مەسىلىنى بىزمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويىمىز.

ئەستەرسان (Astarsan) ھەققىدىكى بايان ۋە تالاش-تارتىشلار

بۇ كىتابنىڭ 1-جىلد 316- بېتىدە مۇنداق يېزىلغان: ئەستەرسان (Astarsan): تۈرك ئېلىدە بولۇپ، ئۇ كاشغەر(Kashghar) بىلەن خوتەن(Khutana) ئوتتۇرىسىدىكى بىر بازار. ئەبۇ ناسىر ئەھمەد مۇھەممەد بىن ئەلى ئەستەرسانى ئەلى بازكەندى (Abu nasir Ahmad ben Muhammad ben'Ali al –Astarsanee al -Bazikandee) مۇشۇ يەرلىك بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 498- يىلى (مىلادىيە 1104- يىلى 9- ئاينىڭ 23-كۈنى —— 1105-يىلى 9-ئاينىڭ 12-كۈنى) باغدادقا يېتىپ بارغان.

### *4. ئەل قازۋىنى (Qazweenee،1203_1283) نىڭ «ھەر قايسى ئەللەردىكى قەدىمىي ئىزلار ۋە ئۇلۇغ تاۋاپگاھلار» (Athar al –Biladi wa Akhbar al – 'Ibadi) ناملىق كىتابىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخ جۇغراپىيەسىگە دائىر بايانلار*

ئۇيغۇر ئېلى(Bilad al -Tughuzghur) ھەققىدىكى بايانلار

بۇ كىتابنىڭ 582-بېتىدە مۇنداق يېزىلغان : ئۇيغۇر ئېلى(Bilad al -Tughuzghur): ئۇلار تۈركلەردۇر. ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، 20 كۈنلۈك مۇساپىچىلىك كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان جامائەت سوزۇنى(Bayt'ibad) يوق. ئۇلار ئات مىنىشقا ناھايىتى ماھىر. ئۇلار دائىم يۇرلۇك ماللارنى سويۇپ يەيدۇ. يىپەك كىيىم ، قوي يۇڭىدىن توقۇلغان ۋە تېرە كىيىملەرنى كىيىدۇ. ھەسەن-ھۈسەن چىققاندا ھەسەن — ھۈسەن(نورۇز) بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بۈيۈك خاقانىنىڭ ئوردىسى ئەڭ ئېگىز يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئالتۇندىن ياسالغان چېدىردا ئولتۇرۇپ ئەلنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنداق چېدىرلارغا نەچچە مىڭ ئادەم سىغىدىغان بولۇپ، بەش پەرسەخ ( ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ، بىر پەرسەخ 6.24 چاقىرىمغا باراۋەر كېلىدۇ) يىراقلىقتىكى ئادەممۇ چېدىرنى كۆرەلەيدۇ.

ئۇ يەردىن قانلىق تاش ( بىر خىل تاش) چىقىدۇ، سۆزۈكلۈكى ئادەم قېنىنى سۈمۈرگەنگە ئوخشاش، بۇ تاشنى بۇرنىدىن قان ئاققانلارنىڭ بۇرنىغا سۈركىسە قان ئېقىشتىن توختايدۇ.

تامغاج (Tamghaj) شەھىرى ھەققىدىكى بايانلار

يەنە مۇشۇ كىتابنىڭ 411-بېتىدە مۇنداق يېزىلغان: تامغاج (Tamghaj): تۈرك ئېلىدىكى ئەڭ مەشھۇر شەھەر. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان يېزا-بازارلىرى بار بولۇپ، بۇ شەھەر بىلەن يېزا-بازارلار ئىككى تاغ ئارىسىدىكى جىلغىغا جايلاشقان. كىشىلەر بۇ يەردىكى ناھايىتى تار بىر ئېغىز ئارقىلىقلا بۇ يەرگە كېلەلەيدۇ. بۇ ئېغىزنى كىشىلەر «بىر ئايال قۇۋۋۇقنى ئېتىۋالسا، مىڭ ئەركەكمۇ ئاچالماس» دېگەن تەمسىلگە ئوخشىتىدۇ (ئىستىراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ). شۇڭا تۈرك بەگلىرى ئۆزى يالغۇز بۇ يەرگە كىرىشكە پېتىنالمايدۇ. بۇ يەردە ئالتۇن كان بار. شۇڭا ئاھالىلەرنىڭ قولىدىمۇ ئالتۇن كۆپ. ھەتتا ئۇلارنىڭ چىنە-چەينەكلىرى ۋە كۆپلىرى (كوزىلىرى) لەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇندىن ياسىلىدۇ. تىل-يېزىق نوقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى ناھايىتى مەنىلىكتۇر. بۇ تامغاج (Tamghaj) دېگەن سۆز قەشقەردە قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە تارقىتىلغان ئالتۇندىن ياسالغان پۇل ئۈستىگە ئويۇلغان تامغاج (Tamghaj) دېگەن سۆزنىڭ يېزىلىشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش. سودا نەشرىياتى 1990-يىلى نەشر قىلغان «پارسچە —— خەنزۇچە لۇغەت» نىڭ 630- بېتىدە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «تامغاجى» ياكى «باج يىغقۇچى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن شۇنىسى ئېنىقكى، قاراخانىيلارنىڭ بۇغراخانلىرى (چوڭ پادىشاھلىرى) ئۆزلىرىنى خەلق ئالدىدا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ۋە دۆلەت بېجى يىغقۇچى دەپ قارىغان. ئىسلام مەدەنىيەت

تارىخدا پەقەتلا قەشقەردە قۇرۇلغان قاراخانىيلارنىڭ بۇغراخانلار جەمەتىلا ئەرەب يېزىقى ئويۇلغان پۇلغا تامغاج (Tamghaj) دېگەن خەتنى ئويدۇرغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قازۇپنى تىلغا ئالغان تامغاج (Tamghaj) شەھرى ھەققىدىكى بايانلار شۇ دەۋردىكى قەدىمي شەھەر، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى قەشقەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## 5. خۇلاسە

ياقۇتنىڭ «يەر ناملىرى لۇغىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1-قىسمى 30-بېتىدە «تۆتىنجى چوڭ رايون» ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان : ئۇ جۇڭگو، تىبەت ۋە خوتەندىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، ئۇ ئىككىسى (خوتەن بىلەن تىبەت) ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم شەھەرلەر ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كەشمىر تاغلىرى، بولۇر، بۇرجان، بەدەخشان، كابۇل قاتارلىق يەرلەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى كەشمىر تاغلىق رايونى پامىر ئېگىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پامىر تاغ دەۋرىدىكى كۆك ئارت بولۇپ، ئۇ قەدىمكى يۇركلەر رايونى بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ تۈگىنى، ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىش ئورنى ئىدى. كونا بىلىملەرنى تېخىمۇ قېزىپ تەتقىق قىلغاندا ئاندىن يېڭىسىنى تاپقىلى بولىدۇ دېگەن قائىدە بويىچە ، قەدىمكى شىنجاڭ بىلەن ئەرەب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىش ۋە سىڭىشىش ئوتتۇرىسىدىكى تەتقىقات كۈچەيتىلسە، ھازىرقى دۇنياۋى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ ۋە خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقىغا پايدىلىقتۇر.

**بۇ ماقالە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008-يىلى نەشر قىلغان «يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەتلەر دىئالوگى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.*

*(ئاپتور : سوڭ شيەن (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)*

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com



# غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئىزدىنىشىم

ئابلاجان يۈسۈپ

ئۇيغۇرلار ئورقۇن بويلىرىدا تىكلىگەن ئۇيغۇر خانلىقى تەبئىي ئاپەت ۋە ئىچكى نىزالار ئۈستىگە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۇپەيلى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار جەنۇبقا ۋە غەربكە قاراپ كۆچتى. غەربكە كۆچكەنلىرىدىن بىر قىسمى تۇرپان، باشبالىقلارنى مەركەز قىلىپ قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرغان بولسا، يەنە بىر بۆلۈكى يەنىمۇ غەربكە سۈرۈلۈپ پامىر تاغلىرى ئەتراپىدا قارا خانىيلار خاندانلىقىنى قۇردى. جەنۇبقا كۆچكەنلىرى بولسا تىبەتلەر تىزگىنىدىكى گەنسۇ رايونىدا ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئورنىنى تىكلەپ قامچى(سېرىق ئۇيغۇرلار بۇگۈن گامسى دەپ ئاتايدىغان بۇ شەھەر جاڭيې شەھىرىدۇر) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان قامچى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇدرەتلىك بىرەر ھاكىمىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقالماسلىقى سەۋەبلىك بۇ قالدۇق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقان بولسىمۇ، بىراق تاڭغۇتلارنىڭ غەربىي شيا سۇلالىسىنى قۇرۇپ قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن بىر قانچە قېتىملىق شىددەتلىك ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە قامچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ياغلاقارلاردىن بولغان خانلىرىنى مەغلۇب قىلدى. بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم توزۇپ كەتتى، بىر قىسمى تاغ - تۇرالارغا چېقىۋالدى، بىر قىسمى شاجۇ ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن بولسا يەنە بىر قىسمى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قېرىنداشلىرى قېشىغا كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ 13 – ئەسىردىكى قەھرىمانى قوچقار تېكىن ئەڭ ئاخىرقى بۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قۇبلاي خان بىلەن ئوگداي ئەۋلادى بولغان قايدۇ خاننىڭ خانلىق تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا دەسلەپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان قۇبلاي تەرەپتە تۇرغانلىقتىن قايدۇ خان ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى دوۋا قوچو ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچوغا 120 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلغان ۋە ئالتە ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان. قوچقار تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوۋمى قاتتىق تىركەشكەن، ئەڭ ئاخىرى دوۋا قوچقار تېكىننىڭ موڭغۇل خانىشتىن بولغان مەلىكىنى چىقارتىپ بېرىش شەرتى ئاستىدا قورشاۋدىن قۇتۇلغان. 120 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان موڭغۇل قوشۇنى قوچو شەھىرى ئەتراپىدىكى خەلقنى بۇلاپ تالاپ ئېگىلىكىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قايدۇنىڭ تەھدىتى تۈگىمىگەن، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قوچقار تېكىن ئۆز خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ پايتەختنى قومۇلغا كۆچۈرگەن. قومۇلمۇ قايدۇنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ئىدىقۇتنىڭ رەھبەرلىكىدە بۈگۈنكى ۋۇۋېي ئەتراپىغا كۆچكەن ۋە شۇ جايدا تۇرۇپ قالغان. بۇ بۆلۈك ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇرۇن قامچۇ ۋە شاجۇ دىيارلىرىدا خانلىق قۇرۇپ دەۋر سۈرگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ شۇ يەردىكى سېرىقباش ئۇيغۇرلار دېگەن خەلقنى تەشكىل قىلغان . 14 – ئەسىردە ئىسلامغا كىرگەن چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان ئۇيغۇر دىيارى خاقانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئۆزىدە جۇغلىغان شەرقىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش يولىدا بىر قاتار غازاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ غازاتلار ئىسلامدىن غەيرى دىنلارنىڭ مىراسلىرىغا نىسبەتەن بۇزغۇنچىلىقلار ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، تەلتۆكۈس يوقىتىش خاراكتېرلىك زور زىيانلار ئېلىپ كەلمىگەن، بەلكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، بۇددا مۇنارلىرى يەنىلا ئۇلۇغ جايلار دەپ قارىلىپ ساقلىنىپ قېلىنغان، بەك ئېشىپ كەتسە بۇتلار ۋە رەسىملەرنىڭ چىرايىنى جىجىۋېتىش، بېشىنى بۇزۇۋېتىش بىلەنلا چەكلەنگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادى ئەھمەدخان قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قاتتىق ئۇرۇشلىرى مىڭ سۇلالىسىنى چېگرادىكى مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىلىرىنى تاقاپ، جيايۇگۇەن قوۋۇقىنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئەھمەدخاننىڭ غازات ئۇرۇشى كەڭرى كەتكەن لوپنور سەھرالىرى، تۇرپان يېزىلىرى، قومۇل تاغلىرى ۋە باغلىرى ھەتتا ئارا يۇلتۇزنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا قەدەر سوزۇلغان. ئىسلامغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى بىلەن

ئېتىقادداش بولغان موڭغۇللار ۋە ملىك سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ بىراق ھەمراھلىرىنىڭمۇ كۈچىنىڭ زەئىپلىكىدىن مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق شارابىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئەھمەدخاننىڭ غازات ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلغان قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرىنىڭ ئاھالىلىرىدىن بىر قىسمى مەجبۇرەن ئىسلامنى قوبۇل كۆرگەن، بىر قىسمى چەت، ئادەمسىز تاغ – جەزىرىلەرگە كىرىپ پاناھلىنىغان، يەنە بىر قىسمى بولسا ئىلاجسىز جايىۇگۇەننىڭ ئىچىگە كىرىپ بۇرۇندىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ كەڭرى قۇچىقىدا تارىخنىڭ ئۇيرىغان سەھىپىلىرىدىن ئېشىپ قالغان، قامچى(گەنجۇ) ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ بىر مەزگىل شۇ دىيارلاردا ھاكىم بولغان قېرىنداشلىرى يېنىغا پاناھداپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ قەبىلىسى بولغان ياغلاقارلار ۋە قوچقار تېكىن باشچىلىقىدا كۆچكەن قوۋم بۇ رايوندا يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى  بىلەن موڭغۇل خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا قومۇل، تۇرپان، لوپنور شەرقىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارغا كۈچ ۋە روھىي مەدەت بېرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزلىشىپ قالغان. شۇ ۋاقىتلاردا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان ئۇيغۇر قوۋمى موڭغۇللار بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىلار داۋامىدا ئۆزلىرىگە زور بىر تۈركۈم موڭغۇل تائىپىلىرىنى قوشۇشقان، بۇلار ھۆكۈمران بولغاچقا ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرنىڭ خانى دەپ ئاتاشسىمۇ موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەڭ قوللىنىشقان. قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرى ئەھمەدخاننىڭ قاتتىق غازات ھەرىكىتىدىن كېيىنلا تولۇق مۇسۇلمان بولۇپ بولالمىغان. بەلكى 16 – ئەسىردە قومۇلغا كەلگەن ياۋروپا سەيياھلىرىمۇ چوڭ جۈمە مەسچىتىنىڭ ئۇدۇلىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بۇتخانىنى كۆرۈشكەن. 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ قومۇل ۋاڭلىرى بۇددا مىڭئۆيلىرىنى بۇزماقچى بولغاندا يەرلىك خەلق، ئۇ جايلارنى ئۇلۇغلارنىڭ يېرى دەپ ئەزىزلەپ چاقتۇرغۇزمىغان. لوپنور خەلقىنى بولسا ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى 19 – ئەسىردىمۇ «مۇسۇلمان دېسە مەسچىتى يوق، كاپىر دېسە بۇتخانىسى يوق» دەپ تەسۋىرلىگەن. دېمەك، ئەھمەدخاننىڭ دەۋرىدە ئادەمسىز جەزىرە – تاغلارغا كىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئەھمەدخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز شەھەرلىرىگە قايتىپ كەلگەن. چۈنكى ئەھمەدخاننىڭ ماۋارا ئۇننەھرگە ئاكىسى قېشىغا ھەمدەمگە بېرىپ مەغلۇبىيەت بىلەن قايتىپ كېلىپ ئاقسۇدا ئۆلۈشى چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلىتىپ قويغانىدى. ئەھمەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان تۇرپان تەختىگە چىققان بولسىمۇ بەك قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن  سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ سۇيۇرغال زېمىنى بولغان قومۇل، تۇرپان رايونلىرىدا ئاستا – ئاستا تەسرلەر نەتىجىسىدە ئىسلامنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەنگەن. قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرىدا دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد شاھ غازىبەگ قومۇلغا تەيىنلەنگەن سۇيۇرغال بەگلىرىدىن بولسا كېرەك. ئۇ بۇددىست كاپىرلارغا قارشى ئۇزۇل – كېسىل غازات ئۇرۇشى قوزغىغان ۋە قومۇلنىڭ تولۇق ئىسلاملىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا دائىر مەلۇماتلاردا ئۇنىڭ قالماقلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ۋە شۇ جەرياندا غازى ئاتىقىنى ئالغانلىقى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قالماقلار موڭغۇللارمۇ ياكى بۇددىست كاپىر ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئېنىق ئەمەس. بەلكى ئىككىسىنىڭ ئىتتىپاقى بولسا كېرەك. چۈنكى تاغ – تۈرا، سەھرا- ئېدىرلارغا كىرىپ كەتكەن بۇددىست ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئېتىقادداش بولغان موڭغۇللاردىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىق ئېھتىمالىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا تا يېقىنقى زامانلاردىمۇ قومۇل، تۇرپان خەلقلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان چۆللەردىن چىققان قالماق قوۋملىرىنىڭ ھېكايىلىرى ۋە خەلق ئاغزىدا قالماقلارغا تەۋە قىلىنغان ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى مىسال بولالايدۇ. لوپنورنىڭ شەرقىي قىسمىدا ملىك سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىنى تاقىۋېلىشى يۇڭلۇنىڭ ملىك سۇلالىسىنىڭ تەمىناتى ئارقىلىق كۈن كەچۈرگەن بۇ قاراۋۇلخانىلاردىكى خەلقلەرنى كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان، بۇ قاراۋۇلخانىلاردىمۇ يەنە ئۇيغۇرلار ئاساسى قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇداپىئە سېپى شەكىللەندۈرگەنىدى. ملىك سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ جيا يۈگۈەننىڭ ئىچىگە بېكىنىۋالغاندىن كېيىن بۇ خەلقلەرمۇ يەنە شۇ قامچى ئۇيغۇر خانلىقىدىن قېلىپ قالغان تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى قېشىغا بارغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەردە باشاپ كەلگەن ئۇيغۇر قەۋمى ئۆزلىرىنى سېرىق ئۇيغۇر دەپ ئاتاپ كېلىشكەن، قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرىدىن ۋە بۇ قاراۋۇلخانىلاردىن كۆچۈپ كەلگەنلەر شۇ تارىخى قىسمەتلىرىنى مەشھۇر «شىجى خاجى داستانى»

www.uyghurkitap.com



ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا بىر بۆلۈك سېرىق ئۇيغۇرلار موڭغۇل تىلىنىڭ ئىنگۇر دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. بۇلار سېرىق ئۇيغۇر رايونىنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقانلىقتىن شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلار ياكى شىرا يۇغور دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا سېرىق دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىكەن. سېرىق ئۇيغۇر دېگەن بۇ نام « تارىخى رەشىدى » دە، خوتەن بىلەن قامجى ئارىسىدىكى خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ دېيىلگەن ۋە سەئىدخانىنىڭ ئۇلارغا قارشى غازات ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى تاپالمىغانلىقى قەيد قىلىنىدۇ. « كاشغەر تارىخى » («چىڭگىزنامە» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان)دا ئۇلارنىڭ 17 – ئەسىردە كېرىيە رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىقى، سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلغانلىقىدەك ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر تارىخنامىلىرىدە سېرىق ئۇيغۇرلار چەرچەندىن تارتىپ مىڭ سۇلالىسى چېگرىلىرىغىچە بولغان تېررىتورىيەدە ياشىغان خەلقلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا چېلىقمايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار مانا بۈگۈنلۈكتە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيەسىدە بىر يېرىم تۈمەن نوپۇستا چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈپ ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ يېرىمى ئېيتقىنىمىزدەك موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى « قارا يۇغۇر » دەپ ئاتىشىدىكەن، بۇ ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمران بولغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ ئېيتقىنى بولۇشى مۇمكىن. ئەجدادلىرىمىزغا بولغان كۈچلۈك سېغىنىش، ئۆتمۈشىمىزگە بولغان يۈكسەك قىزىقىش، قېرىنداشلىقىمىزغا بولغان چەكسىز پەخىرلىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە 2011- يىلى 22-ئاۋغۇستتىن 25-ئاۋغۇستقىچە بۈگۈنكى كۈندىمۇ سېرىق ئۇيغۇر ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇرلار بىلەن قانداش، قېرىنداش ھېسابلىنىدىغان، ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئادەتلىرى ۋە تىلىنى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلاپ قالغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى قالدۇقى بولغان سېرىق ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى زىيارەت قىلدىم، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگەندىم. شۇ تەسىراتلىرىمنىڭ ھاسىلى سۈپىتىدە بۇ يازما مەيدانغا چىقتى.

قاتمۇ قات يارداڭلىقلارنىڭ، تاغلارنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنگەن بۇ كەڭرى يايلاقلاردا، ئېگىز تاغلاردا دىيارىمىزنىڭ تاغلىرىدىن تاپقان ھېسسىياتلىرىڭىزنى تامامەن تېپىپ ئالالايسىز. چۈنكى بۇ جايلاردىمۇ ئاسمان شۇنچىلىك كۆك. يۇرتىمىزدىكىگە ئوخشاشلا تۈرلۈك تاغ گىياھلىرى بىلەن ئورالغان يانباغىرلارنى بويلاپ چۈشىسىڭىز شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك غول سۇلىرىنى كۆرەلەيسىز. يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ ياتقان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ماكان بولغان گۈزەل تاغلار بىلەن مۆلدۈشىپ كۆرسىڭىز ئۇزۇن ئۆتمۈش قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن مۇڭ – ھەسرەتنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولىدىكەنسىز. جۇشقۇن يايلاق پۇرىقى ئۆكسىمەيدىغان سېرىق ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شۇ مۇڭلۇق مېلودىيە بىزنى ئىختىيارسىز ئۇيغۇر ۋە تۇرپان، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ، لوپنور ناخشىلىرىنىڭ شۇ خىلدىكى گۈزەل دۇنياسىغا باشلاپ كىرمەكتە ئىدى. شۇ گۈزەل دۇنيايىمىزنى بىزمۇ سېرىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئاڭلىتىش مەقسىتىدە ئۇستا مۇقامچى ئىبراھىمگاك ئاكىمىزنىڭ غىرجىكى، غالىپ ئەرشىدىن ئاكىمىزنىڭ ناخشىلىرى، ئابلىز ئورخۇن ئاكىمىزنىڭ دېپى بىلەن ئورۇندالغان قومۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنلاپ بەرگىنىمىزدە قاتىرىغا تىزىلىپ ئولتۇرۇشقان سېرىق ئۇيغۇر موملارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار كۆز ياشلىرىنى ئەرتىپ تۇرۇپ قومۇل مۇقاملىرىنىڭ سېھرىگە غەرق بولغانىدى. سورۇندىكى ھەممەيلەن يۈكسەك ھاياجان ئىلكىدە ئىدى. ئەن يۇلىڭ ئاچا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، كىچىك ئانىسى، ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى ئۆزلىرى، ئەجدادلىرى يىللاردىن بېرى ئىنتىزار بولغان بۇ كۈيلەردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىۋالايلى، دەۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇلار بۇ كۈيلەردىن ئەجدادلىرىدىن قالغان گۈزەل سىمفونىيەنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۆزلىرى ئامالسىزلىقتىن يۈتتۈرۈپ قويۇۋاتقان روھنى تېپىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بۇ كۈيلەردىن بىز بىلەن ئۇلانغان شۇ مۇقەددەس رىشتىنى تېپىۋالغاندەك خۇشال ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق – ھاياجانلىق ياشلىرى تامچىلىماقتا ئىدى. پاراڭلىرىمىز ئەسناسىدا ئوخشىشىدىغان سۆزلەر، ئوخشىشىدىغان ئادەتلەر چىقىپ قالسا ئىككىلا تەرەپ شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كېتەتتۇقكى، ئاتا – ئانىسىدىن

ھېيتلىق ئالغان بەش ياشلىق بالىدەك. شۇنداق بىزمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ قالغان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئەسرارلىشىپ، خۇددى يۇتتۇرۇپ قويغان دۇنياسىنى تېپىۋالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدۇق.

قومۇل، تۇرپان، لوپنور شېۋىلىرى بىلەن خېلى زور ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغان غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى مېنىڭ قىزىقىشمنى ئۇزۇندىن بېرى قوزغاپ كەلگەن جەلپكار تېمىلاردىن ئىدى. بىز بارغاندا « چوقى، چوقى » دەپ بىزگە تۆردىن ئورۇن بېرىلگەن شۇ دەملەردە، چۇمۇتار موممىزغا « سەن بىزگە يۇغۇر ئېر ئېرلا، سەن بىزگە يۇغور لوماق لارلا » دەپ تەلەپ قىلغان شۇ دەملەردە، بىزمۇ ئۇلارنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن قىزغىن دوستانە مۇئامىلىرىنى كۆرۈپ « جوۋاتتى، جوۋاتتى » دەپ رەھمەت سۆزلىرىمىزنى ئىزھار قىلغىنىمىزدا خۇددى ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كۆرۈشەلمەي قالغان قېرىنداشلار قايتا كۆرۈشكەندىكىدەك تاتلىق سېزىملارغا ئەسىر بولدۇق. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، چوڭلارمۇ ئۆز ئارا ئاساسەن خەنزۇ تىلىنىڭ ياردىمى بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقى، يەر شارىلىشىش دولقۇنىنىڭ مانا بۇ چەت تاغلىق ناھىيىدىمۇ نېسۇبىسىز قالماي، ئەنئەنىۋي مىللىي ئادەتلەرنىڭ بارغانسېرى سۇسلىشىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلۇق كىملىكىدىكى نوپۇسنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى مېنى چوڭقۇر ئوي – خىياللارغا، ئازابلىق پىكىرلەر قاينىمىغا تاشلىدى. سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن كۈچى بىلەن سېرىق ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاخىرقى تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا قارىماي سۈنەن كوچىلىرىدىن يۈرۈپ بىرەر ئېغىز سېرىق ئۇيغۇرچە گەپ ئاڭلاش ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئۇلارنىڭ جامائەت ئېڭىنىڭ سۇسلۇقى بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى بولۇپ، سېرىق ئۇيغۇرلار ھالاكىتىنى تېزلىتىۋاتقانلىقىنى دەل ئۆزلۈك ئېڭى ئىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە ئىدى. چوڭ ياشلىق سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن بولغاندىكى قىزغىن كەيپىيات، ئۇلارنىڭ بىزگە كۆرسىتىۋاتقان ئىللىق مۇئامىلىرى ئۇلاردىكى جامائەت ئېڭىنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرسىمۇ، بىراق ياشلاردا ئاشۇ خىل ھېسسىياتنىڭ سۇسلاپ سېرىق ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيۇشۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى، شۇنىڭدەك شەرقىي ۋە غەربىي دەپ بۆلۈنۈپ ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىككى توپقا ئايرىلىشمۇ سېرىق ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ بىرلىكىنى ھاسىل قىلىشتىكى ئاساسى توسالغۇلاردىن ئىدى. ئەنە شۇنداق كۆپخىل ئامىللار سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا خىرىس ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. غەربىي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچى ئارسلان ئاكىمىز مەكتەپلەردە سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى دەرسلىك قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، بىزگە ئۆزلىرى چىقىرىۋاتقان « يۇغۇر پۈچىگ »(ئۇيغۇر پۈتۈك، يۇغۇر مەدەنىيىتى) ژۇرنىلى تەقدىم قىلغىنىدا، لاڭمۇ سىرىن موممىز شەرقىي، غەربىي ئىككى تىلدا يېزىلغان سېرىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت رەسىملەر توپلىمىنى ئىپتىخار بىلەن كۆرسەتكەندە، ئەن يۇلىڭ ئاچا سېرىق ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلانغان « سېرىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى » دېگەن پىلاستىنكىسىنى خۇشاللىق ئىلكىدە تونۇشتۇرغىنىدا، شەرقىي سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيسى تۆمۈر ئاكا ئەزىز كىشىلەرگە تەقدىم قىلىنىدىغان كۆك رەڭلىك خادانى بوينىمىزغا ئارتقىنىدا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان بۇ تىرىشچانلىقلىرىدىن چەكسىز سۆيۈندۇق، بىراق سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى خەتەرلىك ھالىتىنى ئوڭشاشقا ئۇلارنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى يەنىلا كەملىك قىلىدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە قاتناش ئالاقىلەرنىڭ راۋانلىشىشى، كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىشى، ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ كۆنسېرى ئۆسۈشى بۇ چارۋىچى مىللەتنى تاغدىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلىۋاتاتتى، تاغدىن چۈشكەنلىرى بولسا كۆپىنچە تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە باشقا يۇرتلارغا چىقىپ ئىشلەش يولىدا ماڭاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۆز مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن يىراقلىشاتتى، بۇنىڭ بىلەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئازلايتتى، خاس مەدەنىيىتى بارا – بارا سۇسلىشىپ ھالاكەتكە يۈز تۇتاتتى.

سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە تىبەت بۇددا دىنىغا ــــ لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان ھەيۋەت بۇددا ئىبادەتخانىسىدا، يوغان – يوغان بۇتلار، ياندىكى تەكچىلەرگە يۈزلىگەن ئۇششاق بۇتلار قويۇلغانىدى. ئارسلان ناھايىتى ئىخلاس بىلەن قولىنىڭ كۆيۈشىگە قارىماي كىچىك چۆچۈلا بىلەن ئوتنى ئېلىپ بۇتنىڭ ئالدىدىكى چىراقلارنى يېقىپ قويدى. ئارسلان ۋە تۆمۈرلەر بۇتقا ئۈچ قېتىم تىزلىنىپ باش ئۇرۇپ چىقتى. بۇت ئۇلارنىڭ تەڭرىسى

www.uyghurkitap.com



ئىدى. تۆمۈر بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش يولىنى تاللىۋالغان دەپ چۈشەندۈردى. بۇ ئۇلارغا ئۇزۇن مەزگىل ھاكىم بولغان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا تۆمۈرنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن دىنىي جەھەتتە باغلىنىشى خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن باشلاپلا مەۋجۇت ئىدى. 1350 – يىلى تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋاجرايانا مەزھىپىدىكى مەشھۇر ئەسەر « سىررى سىكراسامۋارا » ناملىق ئەسەر تىبەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ دىنىي ئالاقىلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. تىبەتلەردە ئالاھىدە مەزھەپ لاما دىنىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشىمۇ يۇقىرىقىدەك تارىخى سەۋەبلەردىن خالى ئەمەس ئىدى. كۆنچىقىش ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆچكەن بۇ ئۇيغۇر قەۋمى بۇ يەردە بۇددا ئەقىدىلىرىگە يىللاردىن بېرى سادىقلىق بىلەن ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ تىلى ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت ۋە يۇرت پەرقلىرىگە كۆرە بىزگە چۈشىنىكسىز بىلىنىۋاتقان بولسىمۇ ئەجدادلىرىمىز بىلەن ناھايىتى يېقىنلىقتا ئىگە ئىدى. بۇ تىلنىڭ ھالاكىتى تۈركىي تىللار تارىخىدىكى تېخىمۇ زور بىر قېتىملىق يوقىتىش ھېسابلىناتتى. بۇ خىل خىرىسقا بۈگۈنكى كۈندە سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بىزنىڭ بۇ قېتىملىق سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا قىلغان سەپىرىمىز ئۇلارنىڭ مىڭ يىللار مابەينىدە قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا تىنىپ قالغان روھىنى قايتا جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە قىلىنغان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك سەپەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ھەققىدىكى تونۇشلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بىر مەزگىل ئۈزۈلگەن تارىخى قېرىنداشلىق رىشتىمىزنى ئۇلاش يولىدىكى ئۈنۈملۈك پائالىيەت بولدى.

بۇ پائالىيەت داۋامىدا بىز سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەيلى قەبىلىۋىي ھاياتىدا بولسۇن، مەيلى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا بولسۇن، قەدىمكى ئۇيغۇر ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيىتىنى ناھايىتى ياخشى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى بايقىدۇق. تۆۋەندە ئاساسلىق قىلىپ، سېرىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى بايانلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمەن.

سېرىق ئۇيغۇرلاردىكى قەبىلىلەر ھەققىدە سېرىق ئۇيغۇر تارىخچىسى تۆمۈر ئەپەندى يەتتە ئوتتۇقنى تەشكىل قىلغان جامائەت قۇرۇلمىسىدىكى تۇرلۇك ئۇرۇق – قەبىلە ناملىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ.(تۆمۈر ئەپەندىنىڭ «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى)

غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ناملىرى ۋە فامىلىلىرى

| خەنزۇچىسى | سېرىق ئۇيغۇرچىسى | ئۇيغۇرچىسى | خەنزۇچە فامىلە |
|---|---|---|---|
| 安江 | anzhang | ئەنجاڭ | 安 |
| 妥鄂什 | tovhoshi | توخسى | 妥 |
| 索格勒 | soγal | سوغال | 索 |
| 亚拉格 | javhlakhər | ياغلاقار | 杨 |
| 斯那 | sina | سىنا | 白 |
| 阿克塔塔尔 | akhətatar | ئاقتاتار | 白 |
| 巴苏 | basoud ياكى bukhis | باسۇد ياكى بۇخس | 巴 |
| 呼郎格 | hhorangγəd | خوراڭغەت | 贺 |
| 霍尔勒 | hharaləγ | خارالىغ(قارلۇق بولۇشى مۇمكىن) | 贺、郎 |
| 钟鄂勒 | zhungal | جۇڭال(چوڭغۇل) | 钟 |
| 帕勒坦 | paldavh ياكى paldan | پالداغ ياكى پالدان | 潘 |
| 增斯恩（增柯斯） | zhəngγəs | چەڭگىز | 郑 |
| 巩鄂拉提 | γongərad | قوڭغىرات | 郭 |
| 柯勒克尔 | khalkha | خالخا | 柯、哈 |

洪、黄 قىزىللىغ **ɣəzəlləvh** 克孜勒

郎 ئېغلان ياكى غلاڭ **əɣlan**ياكى**vhlang** 阿郎（阿兰）

杜 دۇمەن **duman** 杜曼

شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىلىرى

خەنزۇچە فامىلە ئۇيغۇرچىسى خەنزۇچىسى سېرىق ئۇيغۇرچىسى

安 ئەنجاڭ**anzhang** 安江

郭 قوڭغىرات **ɣongərad** 巩鄂拉提

白、吴 بايات **bayad** 巴岳特

贺 كېرەد(كېرەي) **kered** 克烈

郎 ئېغلان ياكى ئۇلاڭ **ɣlan**ياكى**vhlang** 阿郎（阿兰）

高、李 غېقاغ ياكى غېكېر **khəqakh**ياكى**vhəker**鄂盖尔（或“戈尔恰合”）

葛 خالخا **hhalkha** 喀勒喀

苏 سۇلتۇس **sultus** 苏勒杜斯

顾 كۇلىڭ ياكى كۇلىڭتاخشو **kuling**ياكى**kulingnakhshou** 顾林那合首

常 (چۆمەن)چاڭمان **changman** 常曼

兰 لانچاخ **lanqakh** 兰恰合

耿 قىرغىز **khərvhəz** 柯尔克孜

孟 ئېنگىر ياكى موڭغۇل **angkura** ياكى **mongɣol** 蒙古勒

孔 چوڭسا **chongsa** 冲萨

黄、安 خۇن **hhun** 浑

贾 (چارۇق)جالۇگې **jalugə** 贾鲁格

左 (چوروس)چاروس **qaoros** 绰罗斯

艾、安 ئويرات **ørt** 卫拉特

石 چىلۇ **chilu** 齐鲁

铁 تېمۇرچىن **[t'emurtʃin]** 帖木儿钦

朵 كېدېن **[kədən]** 克丹

杜 تۇمەن **[toman]** 杜曼

? تۇرغۇش **[turgush]** 吐尔古斯

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشكە بولىدۇكى، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى سېرىق ئۇيغۇرلاردا ياغلاقار، چوڭۇل، توخسى قاتارلىق قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ساقلانغاندىن باشقا، موڭغۇل تىلدا سۆزلىشىدىغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلاردىمۇ قىرغىز، بايات، چۆمەن قاتارلىق قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ساقلانغان، شۇنىڭدەك ھەر ئىككىسىدىلا ئاز ساندا موڭغۇل ياكى تىبەت قەبىلە تەركىبلىرى مەۋجۇت.

## *1.غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى*

قىسقىچە بايان

سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە 14 مىڭ نوپۇسقا ئىگە، غەربىي ۋە شەرقىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى، شۇنىڭدەك خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدىغان ئۈچ تىللىق خەلق. شەرقىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ، غەربىي سېرىق

ئۇيغۇر تىلى بولسا تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ. سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلار بىلەن قان-قېرىنداش، شۇنىڭدەك تارىخ، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىرمۇنچە ئورتاقلىقلارغا ساھىپ خەلق. سېرىق ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تىلىنى چۈشىنىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسىدۇر. شۇڭا مەزكۇر ماقالىمىزدا غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

« سېرىق ئۇيغۇر تىلى سېرىق ئۇيغۇر مىللى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسى ئىپادىسى »(دۇمەن يېرجان) بولغاچقا، غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

(ماقالىدا سېرىق ئۇيغۇر ئالىمى ياكىر‹جوڭ جىڭۋېن›نىڭ ‹غەربى سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى تەسۋىرلەش تەتقىقاتى›ناملىق كىتابىدىكى ترانسكرىپسىيەلىك بەلگىلەر ئاساس قىلىندى)

تۈركىي تىللار ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئالىملارنىڭ بۆلۈشتىكى ئۆلچەملىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلۈشتىمۇ ئوخشىمىغان ئۆلچەملەر مەۋجۇت.

بۇلاردىن ساموئىلوۋىچنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تۈركىي تىللارنىڭ بۆلۈنۈشى تۆۋەندىكىچە:

| تىل گۇرۇپپىلىرى | تىللار | ئاياق | تاغ | سېرىق |
|---|---|---|---|---|
| ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسى ياكى غەربىي جەنۇب گۇرۇپپىسى | تۈرك تىلى | **ayak** | **daγ** | **sarï** |
| | گاگائۇز تىلى | **ayak** | **daγ** | **sarï** |
| | ئازەربەيجان تىلى | **ayag** | **daγ** | **sarï** |
| | تۈركمەن تىلى | **ayak** | **daaγ** | **saarï** |
| | سالار تىلى | **ayax** | **taγ** | **sarï** |
| قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى ياكى غەربىي شىمال گۇرۇپپىسى | قازاق تىلى | **ayaq** | **tau** | **sarï** |
| | قاراقالپاق تىلى | **ayaq** | **tau** | **sarï** |
| | نوغاي تىلى | **ayak** | **taw** | **sarï** |
| | قۇمۇق تىلى | **ayaq** | **taw** | **sari** |
| | قارا چاي-بالقار تىلى | **ayaq** | **tau** | **sarï** |
| | قارايىم تىلى | **ayaq** | **tau** | **sarï** |
| | تاتار تىلى | **ayaq** | **tau** | **sarï** |
| | باشقۇرت تىلى | **ayaq** | **tau** | **harï** |
| | قىرغىز تىلى | **ayak** | **too** | **sarï** |
| ئۇيغۇر-قارلۇق | ئۇيغۇر تىلى | **ayaq** | **taγ** | **seriq** |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| sariq | taγ | oyoq | ئۆزبېك تىلى | تىللىرى گۇرۇپپىسى |
| arïï | tïa | atax | ياقۇت تىلى | سىبىرىيە تىللىرى گۇرۇپپىسى ياكى شەرقىي شىمال گۇرۇپپىسى |
| arïï | tïa | atak | دولگان تىلى | |
| sarïγ | daγ | adak | تۇۋا تىلى | |
| sarïγ | daγ | adak | توفا تىلى | |
| sarïγ | taγ | azax | خاكاس تىلى | |
| sarïγ | taγ | azax | شور تىلى | |
| sarïγ | thaγ | azaq | غەربىي سېرىق | |
| saaruγ | taag | hadaq | خالاچ تىلى | ئارغۇ تىلى |
| s'urâ | tu | ura | چۇۋاش تىلى | ئوگۇر ياكى بۇلغار |

بۇگۈنكى تۈركىي تىللار بۇ خىل پەرقلەندۈرگۈچى ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئاساسەن يۇقىرىقىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. جۈملىدىن سېرىق ئۇيغۇر تىلىمۇ سىبىرىيەدىكى تۈركىي تىللار بىلەن نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە، بۇ خىل ئورتاقلىق ئاساسلىق ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان «z» لىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن تۈركولوگلار سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي شىمال گۇرۇپپىسىغا تەۋە قىلىشىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە تۈنجى قېتىم سىستېمىلىق تىل تەكشۈرۈشى قىلىپ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۈركولوگ مالوف بولسا كېرەك. ئۇ سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئەجدات ـ ئەۋلاد تىلى دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆپرەك ساقلاپ قالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. مالوفنىڭ كۆرسىتىشىدە سېرىق ئۇيغۇر تىلى ئۇزۇن يىللىق تارىخى ئايرىملىق تۈپەيلى ئۆزىنىڭ ئانا ئۇيغۇر تىلىنىڭ غول تارمىقىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە بۇ تۈپەيلى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خېلى زور پەرق شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭغا قارىماي نۇرغۇن تۈركولوگلار سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشى ئاساسەن ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر قارلۇق تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە دەپ ھېسابلايدۇ.

سېرىق ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە قارىساق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن، بولۇپمۇ قۇمۇل، تۇرپان، لوپنور شېۋىلىرىگە ئوخشىشىدىغان نۇرغۇن تىل ھادىسىلىرىنى بايقايمىز، بۇلاردىن بىر قىسىم سۆزلەرنىلا مىسال قىلىپ كۆرسەتسەك: كىچىك باللارنى سۆيگەندە ئىشلىتىلىدىغان ھېس – تۇيغۇ ئىملىقى «ھۆببا»، ھەيران قالغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ھېس – تۇيغۇ ئىملىقى «ئاتتام »، «مەندىر —— مەندىر»(مۆلدۈر)، «غۇن —— غون»(قوغۇن)، «تورغاق —— تورغوق، توراق»(توغراق)، «مش —— مش»(مۈشۈك)، «ئۆكبە: ئۆكبە»(ئۆپكە)، «جىبىن —— چۇن»(پاشا)، «مويۇن —— مويۇن»(بويۇن)، «منجار —— منجار»(ئازراق)، «قۇرۇتقا —— قۇرۇتقا»(قېرى ئايال)... بۇ بىرى، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرىدىن كۆچۈپ بارغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىرى قۇمۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرى تىلىدا سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش قەدىمكى تەركىبلەرنىڭ نىسبەتەن كۆپ ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان.

www.uyghurkitap.com



غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار: **a, e, ï, i, o, u, ö ü**

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بارغانسېرى ئاجىزلاشقا ۋە ئازلاشقا قاراپ يۈز تۇتماقتا. سېيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: **$a^h$, $e^h$, $ə^h$, $o^h$, $ö^h$ $u^h$**، مەسىلەن: **$a^h$t**(ئات)، **$e^h$t**(ئەت)، **$ö^h$ t**(ئوت)، **$u^h$kgus**(ئۆكۈز)، **$ö^h$kbe**(ئۆپكە) ....

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن قوشما سوزۇق تاۋۇشلار شەكىللەنگەن. ئۇلار: **io, ia, ue, ua, iu, uo, ou, üe, ïu**......

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ رەسمىي ئۆلچەملىك تىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇ پۈتۈنلەي ئاغزاكى تىل سۈپىتىدە بىزگە بىلىنگەن. شۇڭا بۇ تىلدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېۋە — دىيالېكتلىرىغا ئوخشاشلا تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىش، چۈشۈپ قېلىش ھادىسىلىرى بىر قەدەر كۆپ.

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا 28 ئۈزۈك تاۋۇش بار. ئۇلار:

**b, p, d, t, g, k, G, q, f, w, zh, ch, sh, ž, ĵ, č, š, z, s, x, ɣ, h, m, n, ŋ, l,r, y**

سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىدا موڭغۇل، تىبەت، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن تۇرلۇك ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەنلىكتىن بۇ تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بىر قەدەر كۆپ، ئەكسىچە ئۇلۇغ ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا ئەرەب — پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ناھايىتى ئاز.

سېرىق ئۇيغۇر تىلى ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان. بولۇپ، **t/d, g/k, p/b** لىرىنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت. مەسىلەن، **das**(تاش)، **don**(تون)، **dik**(تىك)، **göz**(كۆز)، **gel**(كەل)، **peɣ**(بەگ)، **perik**(بۆرك)....

ئەمما يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «-ɤa» ئوغۇز تىللىرىدىكى «**g ä**» غا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «**-ɣa**»غا ئوخشايدۇ. سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى «**-ɣan, -qan, -gen, -ken**» بولۇپ، بۇ جەھەتتىنمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشايدۇ، تۈرك تىلىدىكى «**-an, -en**» قوشۇمچىلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا «**b**» تاۋۇشىنىڭ «**m**» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىشى نۇقتىسىدىنمۇ ئوغۇز تىللىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشىشىدۇ، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدا «**b**» بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان تاۋۇشلارمۇ سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا «**m**» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «**mïs** — بىز »، «**moyun** —— بويۇن».

سېرىق ئۇيغۇر تىلى تارىخى ئورۇن جەھەتتىن «**z**» تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە دەپ قارىلىدۇ. يەنى سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تە ياغما، توخسى، قىپچاق، ياباقۇ، تاتار، قاي، چومۇل ۋە ئوغۇزلاردىن باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاش ھالدا (ئاياق)**azaɣ**، (ياياق)**yazaɣ**، (تويماق)**todmaq**، **jaz-** (ياي-)، **bizəg**(بۆيۈك) شەكلىدە كېلىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساش ئەنئەنىسى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ياسالما سۆزلەردىن ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىسىم، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار.

**–či: malči, yerči**(ناخشىچى), **pudeɣči**(پۈتۈكچى), **arači**(مەلۇم بىرى)

**–lïɣ –deɣ –neɣ: yulɣïnnïɣ**(يۇلغۇنلۇق) **tigennïɣ**(تىكەنلىك) **saždeɣ**(چاچلىق)

**–dïrïq: moyindïrïq**(بويۇنتۇرۇق)

**–qa,–ɣa,–qaš,–ɣaš: dartqa**(چاچ قىسقۇچ), **gezɣï**(كىيىم), **yiɣeš**(يېمەك), **yuɣeš**(يۇغۇچ)

**–q,–ɣ,–ïq,–ïɣ, –k: ulaɣ, sadeɣ**(سېتىق), **emeɣ**(ئەمچەك), **dïzïɣ**(تىزىق), **uhqaɣ**(ئۇخلاق), **yamaɣ**(ياماق), **ahsaq**(ئاقساق), **bezik**(بۆيۈك), **bozïɣ**(بوياق), **düsek**(چۈشەك), **yüdirik** (يۆتەل ئاغرىقى), **yimisik**(ئېمىزىك)

**–ma,–me,–ba,–be: čoqïma**(ئورۇندۇق), **ïlïɣ örɣenme**(شاگىرت), **uzuma yü**(ئۇخلايدىغان ياتاق),

**yatma**(كارىۋات), **satba**(پىراكازچىك), **dikbe**(تىككۈچى)

–**jaq**: **yasdanjaq**(ياستۇق قېپى)

–**ïm**: **yülïm** (ئۆلۈم)

–**maq,–mek**: **ïlmek**(ئىلمەك)

–**qï,gï**: **qïsqï**(قىسقىدىغان نەرسە), **narïqï**(نېرىقى)

–**γaq**, –**γek**: **oynaγaq**(ئويۇنچۇق), **išγek**(دائىم ئىچىلىدىغان ئىچىملىك), **gezγek**(كىيىم-كېچەك)

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈرلۈك پېئىل ياسىغۇچى ۋە رەۋىش ياسىغۇچى ئايرىم قوشۇمچىلارمۇ بار.

سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ قىزىقارلىق ھادىسە شۇكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخس ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىك كۆپلۈك شەكىللىرى ئۈچۈن ئوخشاش بىر قوشۇمچە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر قەدەر ئىپتىدائىي ۋە تەرەققىي

قىلمىغان تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

| سۆز ئاخىرى | سوزۇق تاۋۇش | ئۈزۈك تاۋۇش |
|---|---|---|
| بىرىنچى شەخس | –ŋ | –ïŋ |
| ئىككىنچى شەخس | –ŋ | –ïŋ |
| ئۈچىنچى شەخس | –sï | –ï |

**menïŋ anaŋ**: مېنىڭ(بىزنىڭ) ئانام(ئانىمىز)

**senïŋ aqïŋ** : سېنىڭ (سىلەرنىڭ) ئاغاڭ(ئاغاڭلار)

**goniŋ gusï** : ئۇنىڭ (ئۇلارنىڭ) كالىسى

سېرىق ئۇيغۇرچە سانلار:

**bir** 1, **šigi** 2 , **uš** 3, **diort** 4, **bes** 5, **aldi** 6, **yidï** 7, **saGïs** 8, **doGïs** 9, **on** 10, **bïryγrïmï** 11, **shigeyγïrmï** 12, **ujyγrmï** 13, **bïrodïs** 21, **shigiodïs** 22, **diordon bes**45, **beson šigi** 52, **aldon uš** 63, **yüz** 100, **mïŋ** 1000.

11 دىن باشلاپ ئوتتۇزغىچە بولغان سانلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش قۇرۇلمىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، سېرىق ئۇيغۇر تىلى بۇ جەھەتتە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىچىدە بىردىنبىر ھېسابلىنىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇرچە جۈملە شەكىللىرىمۇ ناھايىتى ئىپتىدائىي بىر تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولۇپ، پېئىللارنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلى ئۈچۈن **-p~-ïp – dro** قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: **barïp dro**؛ پېئىللارنىڭ ئېنىق ھازىرقى زامان شەكلى ئۈچۈن **-p~-ïp – bar** قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: **yip bar**؛ پېئىللارنىڭ ئاددىي ھازىرقى زامان شەكلى ئۈچۈن **-v~-ïv~ov – dro** قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: **yiv dro** ؛ پېئىللارنىڭ ئېنىق كەلگۈسى زامان شەكلى ئۈچۈن **-Gïš~-γïš** قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: **gelγïš** ؛ پېئىللارنىڭ ئاددىي كەلگۈسى زامان شەكلى ئۈچۈن **-Gïš~-γïš – dro** قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: **gelγïš dro**.

### ***2. غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلار***

سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرۇق – تۇغقاندارچىلىققا ئائىت ئاتالمىلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قارىغاندا بىر قەدەر

مول. (ئەسكەرتىش: تۆۋەندىكى جەدۋەللەردە بېرىلگەن ئاتالمىلارنىڭ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇللىرى ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتكە ئىگە.)

| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا ئاتا-ئانا، بوۋا-موما ئاتالمىلىرى | | | |
|---|---|---|---|
| t$^{h}$e t$^{h}$e ***awaka*** | ئۇلۇغ بوۋا | t$^{h}$et$^{h}$e anika | ئۇلۇغ موما |
| **awaka (ôka)** | بوۋا | **anika** | موما |
| **ača** | دادا | **ana** | ئاپا |
| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا قېرىنداش ئاتالمىلىرى | | | |
| **aqa** | ئاكا | **Iŋke** | يەڭگە ياكى يېزنە |
| **ïnï** | ئۇكا، ئىنى | **ïnï k$^{h}$eln** | |
| **qïzaqa** | ئاچا | **aqa** | |
| **sïŋnï** | سىڭىل | | |
| **č$^{h}$ ïqan aqa** | نەۋرە ئاكا | | |
| **č$^{h}$ ïqan ïnï** | نەۋرە ئۇكا | | |
| **č$^{h}$ ïqan qïzaqa** | نەۋرە ئاچا | | |
| **č$^{h}$ ïqan sïŋnï** | نەۋرە | | |

| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا تاغا — هاما ئاتالمىلىرى | | | |
|---|---|---|---|
| **a $^{h}$ ka, pezïk ača** | تاغا، چوڭ دادا(دادىسىنىڭ ئاكىسى) | **pezïk ana** | هامما، چوڭ ئانا |
| **papa, kï$^{h}$ čiγ ača** | تاغا، كىچىك دادا(دادىسىنىڭ ئۇكىسى) | **iji** | هامما، كىچىك ئانا |
| **kuna** | هامما، چوڭ ئانا(دادىسىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسى) | **küyi** | تاغا، چوڭ دادا |
| **taqa** | تاغا، (ئاپىسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئۇكىسى) | **taγïni** | هامما |
| **kuγi** | هامما، كىچىك ئاپا(ئاپىسىنىڭ سىڭلىسى ياكى ئاچىسى) | **küyi** | تاغا |

سېرىق ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرى: سېرىق ئۇيغۇرلاردا ئۇيغۇرچە ئىسىملار قويۇلۇش بىلەن بىرگە تىبەتچە، خەنزۇچە ۋە موڭغۇلچە كىشى ئىسىملىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرچە ئىسىملاردىن **sutqïz**، **yakhïr**ياغ دېگەن)،

suthïr (سۈت دېغى)، sutpaqa، yakhpaqa، marjan، ay qatun، arslan، tömür، patïr (باتۇر) قاتارلىق ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ. دىنىي سەۋەب تۈپەيلى ئۇلاردا تىبەتچە ئىسىملارنى قويۇشمۇ خېلى كۆپ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپىنچىسى خەنزۇچە فامىلە ۋە ئىسىم قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ فامىلىلىرى قەبىلە ناملىرىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن بولۇپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلدى.

سېرىق ئۇيغۇرلاردا ۋاقىت ئاتالمىلىرى:

ئون ئىككى مۆچەل بىلەن يىل خاتىرىلەش سېرىق ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان ۋە بىزگە ئوخشاشلا « men yüt yillïγ » دېگەندەك تىل ئادەتلىرى بار.

| سېرىق ئۇيغۇرچە | دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك | هازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى |
|---|---|---|
| šïγan yil | sïčγan yili | چاشقان يىلى |
| kus yil, uz$^{h}$ yil | ud yili | كالا يىلى |
| pa$^{h}$rsï yil | bars yili | يولۋاس يىلى |
| tusqan yil | tavıšgan yili | توشقان يىلى |
| ulï yil | nek yili | ئەجدىھا يىلى |
| yilan yil | yılan yili | يىلان يىلى |
| a$^{h}$t yil, yüt yil | yund yili | ئات يىلى |
| qoy yil | qoy yili | قوي يىلى |
| pejin yil | bičin yili | مايمۇن يىلى |
| ta$^{h}$qaγï yil | taqagu yili | توخو يىلى |
| ïšt yil | it yili | ئىت يىلى |
| toŋïs yil | toŋuz yili | توڭگۇز يىلى |

www.uyghurkitap.com



سېرىق ئۇيغۇرلار ئون ئىككى ئاينى ئاتاش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

| ئۇيغۇر تىلى | سېرىق ئۇيغۇر تىلى |
|---|---|
| بىرىنچى ئاي | **pïrïnčï ay** |
| ئىككىنچى ئاي | **ïškïnčï ay** |
| ئۈچىنچى ئاي | **ü$^h$jinčï ay** |
| تۆتىنچى ئاي | **törtïnčï ay** |
| بەشىنچى ئاي | **pisïnčï ay** |
| ئالتىنچى ئاي | **a$^h$ltïnčï ay** |
| يەتتىنچى ئاي | **yitïnčï ay** |
| سەككىزىنچى ئاي | **saqïsïnčï ay** |
| توققۇزىنچى ئاي | **to$^h$qïsïnčï ay** |
| ئونىنچى ئاي | **onïnčï ay** |
| ئون بىرىنچى ئاي | **pïr-yiɣïrmïnčï ay** |
| ئون ئىككىنچى ئاي | **ïškï-yiɣïrmïnčï ay** |

سېرىق ئۇيغۇرلار بىر ھەپتىنى **yitï k$^h$un** بويىچە بىرلىك قىلىپ بىر ھەپتىدىكى يەتتە كۈننى تۆۋەندىكىدەك ئاتايدۇ.

| ئۇيغۇر تىلى | سېرىق ئۇيغۇر تىلى |
|---|---|
| ھەپتىنىڭ بىرى | **pïrïnčï yitï** |
| ھەپتىنىڭ ئىككىسى | **ïškïnčï yitï** |
| ھەپتىنىڭ ئۈچى | **ü$^h$jinčï yitï** |
| ھەپتىنىڭ تۆتى | **törtïnčï yitï** |
| ھەپتىنىڭ بەشى | **pisïnčï yitï** |
| ھەپتىنىڭ ئالتىسى | **a$^h$ltïnčï yitï** |
| ھەپتىنىڭ يەتتىسى | **yitïnčï yitï** |

سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا يەنە باشقا ۋاقىت ئاتالمىلىرى تۆۋەندىكىدەك:

| سېرىق ئۇيغۇرچە | ئۇيغۇرچە |
|---|---|
| **k$^{h}$untïs** | كۈندۈز |
| **t$^{h}$üni** | تۈن، كېچە |
| **taŋqar** | ئەتىگەن |
| **taŋqar e$^{h}$rti** | كۈن سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن |
| **k$^{h}$ortï (‹ k$^{h}$uno$^{h}$rtï)** | چۈش |
| **k$^{h}$uniŋker** | چۈشتىن كېيىن |
| **kïhjiɣ k$^{h}$uniŋker** | دەسلەپكى چۈشتىن كېيىن |
| **pezïk k$^{h}$uniŋker** | كېيىنكى چۈشتىن كېيىن |
| **yiŋïrta** | كەچ |
| **t$^{h}$örïn** | تۈن يېرىم (تەڭ كېچە) |
| **kiji t$^{h}$üni** | ئەتە ئاخشام |

| سېرىق ئۇيغۇرچە | ئۇيغۇرچە |
|---|---|
| **ta$^{h}$qï ori$^{h}$kïn** | ئۆزۆكۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى، بۈرناكۈن |
| **ori$^{h}$kïn** | ئۆزۈكۈن، ئۈلۈشكۈن |
| **t$^{h}$oɣïn** | تۆنۈگۈن |
| **puɣïn** | بۈگۈن |
| **taɣïn** | ئەتە |
| **heɣïn** | ئۆگۈن |
| **sïra$^{h}$kïn** | ئىندىن |
| **untï$^{h}$rkïn** | چىندىن(ئىندىننىڭ ئەتىسى) |

www.uyghurkitap.com



| سېرىق ئۇيغۇرچە | ئۇيغۇرچە |
|---|---|
| ta$^{h}$qï ori$^{h}$kel | ئۈچ يىل ئاۋۋال |
| ori$^{h}$kel | ئۆزاقى يىل |
| pï$^{h}$tïr | بۇلتۇر |
| pöylï | بۇ يىل |
| t$^{h}$urti, yarïn | كېلەر يىل |
| törïm | ئىككى يىل كېيىن |

تۆۋەندە سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم دەل — دەرەخ ئىسىملىرى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: **terek** (تېرەك)، **aq yiγaš** (ئاق ياغاچ)، **qara yiγaš** (قارا ياغاچ)، **sarïγ yiγaš** (سېرىق ياغاچ)، **aq terek**(ئاق تېرەك)، **kök terek**(كۆكتېرەك)، **č$^{h}$aγaan t$^{h}$uuraq**(ئاق توغراق)، **kük segït**(كۆك سۆگەت)، **tal yülγïn**(يۇلغۇن)، **jiγti**(جىگدە)، **a$^{h}$rča**(ئارچا)، **ti$^{h}$kin**(تىكەن)، **lamt$^{h}$aq**(يانتاق)....

### 3. سېرىق ئۇيغۇر خەلق داستانى ــــ شاراماق

1) ترانسكرىپسىيەلىك تېكست

سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى تېخمۇ ئەتراپلىق تونۇش ئۈچۈن سېرىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى «شاراماق» بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى(ئەسكەرتىش: بۇ ناخشا تېكستى «裕固族原生态民歌»دا خاتىرىلەنگەن ناخشا ۋە بېرىلگەن مەتىن ئاساسىدا تۈرغۇزۇلدى):

**šaramaq šaramaq boltï na moya**
**at ungen šaramaq atdïγ ïr nï moya**
**qara taγ gök kögme duγïrtï na moya**
**dümaγan šaramaq bu boltï na moya**
**gök deŋïr Gara qus duγïr tï na moya**
**dümaγan šaramaq bu boltï na moya**
**šaramaq šaramaq atdïγ irne moya**
**at ungen šaramaq boltï na moya**

**qol γuzu yasïsa qoyči gürti moya**
**qoy pïlme šaramaq mïna dïγu moya**
**say γuzu yasïsa šadči gürti moya**
**šad pïlme šaramaq mïna dïγu moya**
**qol γuzu yasïsa yudči gürti moya**

yud pïlemï šaramaq mïna dïɣu moya
šaramaq šaramaq boltï na moya
at ungen šaramaq atdïɣ irne moya

o perɣïm o perɣïm orlanmawa moya
o yïpdïŋ čiɣïGïn minjar bosat moya
qar pïɣim qar pïɣim qarlanmawa moya
qar yipdiŋ čiɣïGïn minjar bosat moya
šaramaq šaramaq boltï na moya
at ungen šaramaq atdïɣ irne moya

belegden qalɣanan pelek dorjï moya
perk qïzïn birerji boltïmïken moya
čayïnda Galɣan Gara Gïzïn moya
qan oɣul qolïrja boltïmïken moya
baɣïndan qalɣanï baɣ dey Gasqa moya
qanqa kölɣö boltïmïken moya
gökenden qalɣanï gözïl doqdï moya
gök ïlči manjïɣa dutdïmïken moya
šaramaq šaramaq boltï na moya
at ungen šaramaq atdïɣ irne moya

o pïrɣïm o pïrɣïm minjar orlan moya
o yïpdïŋ čiɣïGïn minjar ɣatqïd moya
qar pïɣïm qar pïɣïm minjar qarlan moya
qar yïpdïŋ čiɣïGïn minjar ɣatqïd moya
šaramaq šaramaq boltï na moya
at ungen šaramaq atdïɣ irne moya

bačïmnïŋ Gara saž ĵümken bïtgï moya
or ugus yomïdo ĵimqa warɣï moya
qoGanïŋ qoŋïr qan dalïy bitgï moya
oulïs yomïdo datï urɣï moya
qoGanïŋ aq soŋog ule bïtge moya
oulïs yomïdo dagï urɣï moya
alïnnïŋ qos Garaq marmï bitgï moya
ard qalɣan yomïdo geri etgi moya
pïrïnïŋɣa gürgeneŋ gözi qezeɣi moya

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



**pïrïnïŋγa datïqanïŋ dumsïγï qezeγi moγa.**

2) سۆزلۈك

**šaramaq**: بىرمىللىي قەھرىماننىڭ ئېتى

**at ungen**: ئېتى چىققان، نامى تارالغان

**atdïγ**: ئاتلىق، نامدار

**gök**: كۆك

**kögme**: ئۆچكە

**duγïrtï**: ئۆچرىدى، كۆچمە مەنىسى ئەسكەرتتى

**deŋïr**: تەڭرى

**dümaγan**: تۈيمىغان

**qus**: قۇش

**qol**: غول، دەريا

**yas–**: يوشۇرۇنماق، كۆمۈلمەك

**pïlme**: **pelïn**، توپتىن ئايرىلماق

**mïna**: مانا

**dïgu**: دېدىغۇ

**say**: جىلغا

**šad**: موزاي، تورپاق

**yud**: ئات

**perγ**: بەگ

**orlan–**: ئاچچىقلان-

**yïp–**: ئاغامچا

**čiγïG**: چىگىش

**minjar**: ئازراق

**qar**: قارا

**peleg**: قول

**pelek dorjï**: تىبەتچە كىشى ئىسمى، سېرىق ئۇيغۇرلاردا تىبەتچە ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ

**perk**: كۆزگە كۆرۈنگەن، ئالاھىدە ياخشى

**birerji**: **bir + er+ ji**، بىرەرچى، بېرىدىغان، بۇ يەردە ياتلىق قىلىنىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ

**čay**: ئوچاق بېشى

**qan**: قاغان، خان

**qolïrja**: **qol**(تىلىمەك، تەلەپ قىلماق)**+ïr+ja**، تەلەپ قويىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ

**baγ**: ئاتنى قوزۇققا باغلايدىغان ئارغامچا، باغ

**dey**: ئىككى ئۈچ ياشلىق ئەركەك ئات(تاي)

**Gasqa**: قاشقا، ھايۋانلارنىڭ پېشانىسىدىكى ئاق تۈك ئۆسكەن يېرى

**kölγö**: مىنمەك

**göken**: ئارغامچا

**gözïl**: كۆز ئەتراپىدا بولىدىغان رەڭلىك چەمبەر، هايۋانلارنىڭ كۆزەينىكى

**doq**: قوزا

**ïlči**: ئەلچى

**manja**: سەدىقە تاماق

**γatqïd**: **γat+ qïd**، چىگىت

**qarlan-** : ئاچچىقلانماق

**bač**: باش

**saž**: ساچ، چاچ

**ĵümken**: ئوت

**bït**: پۈتمەك، ئايلانماق

**or**: **oγur**، ئۈيۈر، توپ

**ugus**: ئۆكۈز

**yomïd**: چۆرىسىگە ئېلىۋالماق، ئارىغا ئېلىۋالماق

**ĵimqa**: **ĵi+m+qa**(يېمەك)

**war**: بار

**qoGa**: كۆكرەك بوشلۇقى

**qoŋïr**: قوڭۇر

**dalïy**: دالاي، تالۇي، دېڭىز

**oulïs**: ئۇلۇس، ئادەملەر

**datï**: تېتىش

**soŋog**: سۆڭەك

**ule**: يولغا قويۇلغان تاش، توپا، ياغاچ دۆۋىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار تاش ئارقىلىق يوللارغا بەلگە قويۇپ تاغ، يول تەگرىلىرىگە سېغىنغان. مەھمۇد كاشغەريي بۇ سۆز ھەققىدە ئۆز ئەسرىدە « چۆلدە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئۇلا بولسا يول ئازماس، بىلىگ بولسا سۆز يازماس – بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا، سۆزدىن قايماس. چۆللەردە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە بولسا، يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا، سۆزدە يېڭىلىشمايدۇ.» دەپ يازغان.

**dagï**: دۇئا تىلاۋەت

**urγï**: **olγï**، بولماق مەنىسىدە

**alïn**: پېشانە

**qos**: قوش

**Garaq**: قاراق، كۆز قارىچۇقى

**marmï**: بۇددا چىرىقى

**ard**: ئارقىدا

**ger**: بۇددا چىرىقى

**pïrïn**: ئالدىدا، دەسلەپتە

**qezeγi**: قىزارغاي

**dumsïγ**: تۇمشۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3) يەشمىسى

شاراماقنىڭ ھېكايىسى ئەنە شۇنداق (مويا)
داڭقى چىققان شاراماقنىڭ ناخشىسى بۇ( مويا)
قارا تاغدا كۆك ئۆچكە يولۇققانىدى (مويا)
بۇنى تۇيماي شاراماق شۇنداق بولدى( مويا)
كۆك ئاسماندا ياۋا قۇش ئەسكەرتكەنتى( مويا)
بۇنى تۇيماي شاراماق شۇنداق بولدى( مويا)
ھەي، شاراماق، شاراماق، داڭقى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى(مويا)

يوشۇرۇنسا دەرياغا قويچى كۆردى (مويا)
قوي ئۈركۈدى، شاراماق مانا دېدى (مويا)
يوشۇرۇنسا جىلغىغا كۆرۈپ قالدى كالچى،
موزاي ئۈركۈپ شاراماق مانا دېدى (مويا)
يوشۇرۇنسا غول سايان كۆرۈپ قالدى يىلقچى
ئات ئۈركۈدى، شاراماق مانا دېدى(مويا)
ھەي، شاراماق، شاراماق، ئېتى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى.(مويا)

ھاي ھاي بېگىم، ھاي بېگىم، ئاچچىقلانما (مويا)
ئارغامچىنىڭ چىگىكنى ئازراق بوشات (مويا)
زالىم بېگىم، قارا بېگىم، غەزەپلەنمە (مويا)
ئاۋۇ قەبىھ ئارغامچىنى ئازراق بوشات(مويا)
ھەي، شاراماق، شاراماق، ئېتى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى.(مويا)

قولدا قالغان پىلىك دورجى (مويا)
ياخشى قىزغا ئۆيلىنەرمۇ (مويا)
ئوچاق بېشىدا قالغان بۇ قىز مويا
خان ئوغلىغا ياقارمىكىن (مويا)
باغدا قالغان شاش تايچاققا (مويا)
خان مىنەر چاغ بولدىمىكىن (مويا)
باغلاقتىكى قارا كۆزلۈك قوزىنى( مويا)
نەزىر قىلار چاغ بولدىمىكىن (مويا)
ھەي، شاراماق، شاراماق، ئېتى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى.(مويا)

ھاي ھاي بېگىم، ھاي بېگىم، ئاچچىقلانما (مويا)

ئارغامچىنىڭ چىگىكىنى ئازراق چىڭىت (مويا)
زالىم بېگىم، قارا بېگىم، ئاز غەزەپلەن( مويا)
ئاۋۇ قەبىھ ئارغامچىنى ئازراق چىڭىت مويا
هەي، شاراماق، شاراماق، ئېتى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى.(مويا)

بېشىمدىكى قارا چاچ ئوت-چۆپ بولدى (مويا)
يەپ تويغاي بو چۆپلەرنى كالا قويلار (مويا)
كۆكرەكتىكى قىزىل قان دېڭىز بولدى (مويا)
تېتىپ بۇنى ئۇلۇسلار بەھرە ئالغاي (مويا)
بەدەنىمدىكى سۆڭەكلەردىن ئۇلى پۈتسۇن( مويا)
ئەتراپتىكى خەلقلەر تاۋاپ قىلسۇن (مويا)
بۇ كۆزلىرىم بۇددىغا چىراق بولسۇن (مويا)
بۇددا قىلىپ ئەۋلاتلار تاۋاپ قىلسۇن مويا
مېنى دەسلەپ كۆرگەنلەرنىڭ كۆزى قىزارسۇن( مويا)
مېنى دەسلەپ تېتىسا ئاغزى قىزارسۇن (مويا).

4) شاراماق داستانىنىڭ تولۇق ۋەقەلىكى

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئانا ۋەتىنى شىجى خاجىدا ئىككى تاغ بار ئىكەن. بىرى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق خانى ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئولتۇراقلاشقان ئاق تاغ، يەنە بىرى يات تائىپىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قاراخانى ئىلكىدىكى قارا تاغ ئىكەن.

ئاق خانىنىڭ هوزۇرىدا بىر قارا نىيەت ۋەزىر بولۇپ، ئۇ قانداق قىلىپ ئاق خانىنىڭ هوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشنى ئويلايدىكەن. ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىل پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانغا پۇرسەت تاپالماپتۇ. ئۇ قېرىپمۇ قاپتۇ، داۋاملىق كۈتۈۋېرىشكە تاقەت قىلالماي، ئاق خان بىلەن قارا خان ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقىنى تېرىشنى پىلانلاپتۇ. قارا خانىنىڭ قولى بىلەن ئاق خانىنى ئۆلتۈرەلىسىلا ئۇ خانلىق ئورنىغا چىقالايدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي قارا نىيەت ۋەزىرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئاق خان بىلەن قارا خانىنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپتۇ. ئۇرۇش داۋاملاشقانچە كەسكىنلىشىپتۇ، جەسەتلەر هەممىلا يەرنى قاپلاپتۇ. ئاق خان ئۆز يىگىتلىرى بىلەن دۈشمەنگە قارشى قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقاندا، هېلىقى ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە قېرىلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۆيىدە شاراپ ئىچكەچ پۇرسەت كۈتۈپتۇ.

ئۇزۇن داۋاملاشقان بۇ جەڭدە ئاق خان يېڭىلەي دەپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشقا مېڭىشنىڭ ئالدىدا بۇ ۋەزىر يوشۇرۇنچە ئاق خانىنىڭ ئۇرۇش پىلانىنى قارا خانغا يەتكۈزۈپ قويغان ئىكەن. ئاق خان هەربىر هۇجۇمدا تالاپەتكە ئۇچراپتۇ ۋە ئەسكەرلىرى بەكلا كېمىيىپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا بولسا يېڭىلەيلا دەپ قاپتۇ. ئاق خان ئېغىر يارىلىنىپتۇ ۋە جەڭ قىلغۇچىلىكى قالماپتۇ. بۇ قەبىلە يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قاپتۇ.

جەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ، ئاق خان مەغلۇپ بوپتۇ. ئەسلىدە قارا نىيەت ۋەزىر جەڭگە قاتناشمىغان بىلەن، ئاق خانىنىڭ هەر بىر قېتىملىق جەڭ پىلانى تۈزۈلگەندە ۋەزىر ئۇنى تىڭ – تىڭلاپ، يوشۇرۇنچە قارا خانغا يەتكۈزۈپ تۇرغانىكەن. بۇنداق بولسا ئاق خان يېڭىلمەي قالسۇنمۇ؟!

مۇشۇنداق هايات- ماماتلىق پەيتتە، ئاق خانىنىڭ خانىشى شاراماق دۈبۈلغا ساۋۇت كىيىپ، ئاق خانىنىڭ ئۆتكۈر قىلىچىنى ئېلىپ، قەبىلىدىكى ياش ئاياللارنى تەشكىللەپتۇ. ساق قالغان ئەرلەرنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىغا مىنىپ، ياۋنىڭ چېدىرىغا بۆسۈپ كىرىپتۇ.ئۇلار هۇجۇم قىلغاندا دەل يېرىم كېچە ۋاقتى بولۇپ، قارا خان ئاق خانىنى يېڭىۋالغان بولۇپ

چۈش كۆرۈپ ياتقانىكەن. بىردەمدىلا ئۇنىڭ چېدىرىدىن ئاسمان پەلەك ئوت كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى تېخى كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئايال جەڭچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. قارا خان قورقۇپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئايىغا دەسسىلىپ چەيلىنىپ كېتىپتۇ.

غەلبە خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئاق خان زەپەر قۇچقان ئايالنى كۆتۈۋالغىلى چىقىپتۇ. شاراماق ياياق پىيتى ئاۋايلاپ، ئۇنىڭ قىلىچىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا چىڭ تۇتۇشنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت ئۇنىڭ قەيسەرلىكىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئېرىگە ۋە خەلقىگە سادىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپتۇ. بىر چىرايلىق ئايال: بىزنىڭ قەدىرلىك شاراماقىمىزنىڭ قەھرىمانلىقىنى مىللىتىمىزگە يادىكار قىلىش ئۈچۈن بىرئابىدە تۇرغۇزايلى دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭغا ھەممىسى ماقۇل كەپتۇ. بۇ ۋەزىر ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقى ۋە باشقا رەزىل مۇددىئاسىغا ئارلاشقانلىقى ئۈچۈن شاراماققا چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپتۇ. ئۇ ئاق خانغا :« شاراماقنىڭ ئىناۋىتى نېمدېگەن ئۈستۈن! » دەپتىكەن، ئاق خان ئۇنىڭدىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. « ئايالالار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىمەكچى» دەپتۇ ئۇ. بۇ چاغدا گۇمانچى ۋە ھەسەتخور ئاق خاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ چىرايلىق ئايالىغا سوغۇق تېگىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىم تۇرۇپتۇ. شاراماق بىرىغا تەشنا بولۇپتۇ. توي قىلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ھېچقاچان بۇنىڭدەك يالغۇزلۇق تارتماپتىكەن. ئۇ كۈندە ئىسرىق سېلىپ، ئۇرۇش جاراھىتىنىڭ تېزراق ساقىيىشىنى تىلەيدىكەن.

ۋاقىت ئۆتتۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى شاراماق بۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، ئېرىم ياخشىلىنىپمۇ قالغاندۇ دەپ، ۋەزىردىن ئېرىنى كۆرگىلى بارسا بولىدىغان بولمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بۇ دۈشمەن ۋەزىر ئۇنىڭغا:« خاننىڭ يارىسىنى تېخى ئوڭشالمىدى. مېنىڭچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسىلە بولارمىكىن، مەن خان ئالىيلىرىغا سىلىدىنمۇ ياخشى قاراۋاتىمەن» دەپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئاق خان ئاللىقاچان ساقايغان بولۇپ، ئۇمۇ خانىشنى سېغىنىپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىغا بولغان تەشنالىقىنى دېگەندە، ھېلىقى ۋەزىر ئۇنى توسۇپ:«خاقانىم، ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ ئۇرۇشتىن كەلگەندىن كېيىن، راھەت- پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۋاتىدۇ. ئۇ سىلىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا. ئەگەر سىلى ئۇ يەرگە بارسىلا، ئاچچىقلىرى كېلىپ، كېسەللىرى قايتا قوزغىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ جەڭ ماھارىتى ئۈستۈن، ئۆزلىرىنى كۆرۈپ خۇش بولسا، ھەممە ئىش ياخشى، ئەگەر خۇش بولمىسا، ئۆزلىرىگە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، مەن ئەۋلاتلىرىمىزغا بۇنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟» دەپتۇ. ئاق خان بۇ گەپ بىلەن خوتۇنىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتىدىن توختاپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر پادىشاھنىڭ قايىقى تۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇ، خان ئالىيلىرى، سىلى ئازابلانمىسىلا، شاراماقنىڭ سىلىگە كۆڭلى قالمىغان بولسا، باشقىدىن ئۆيلەنسىلىرىمۇ بولىدۇ. شاراماقمۇ بۇنىڭغا قارشى چىقالمايدۇ، دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ قارا كۆڭۈل ۋەزىر.

بۇ سۆزلەر دەل ئاق خاننىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەر بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ شاراماققا مۇنار ياستايلى دەپ ئەقىل كۆرسەتكەن ھېلىقى چىرايلىق ئايالغا ئىشتىھا ساقلاپ يۈرگەنىكەن. لېكىن ئاق خان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئايالىغا مەڭگۈ سادىق بولۇشى، ئەگەر بۇ قائىدىنى بۇزسا، قەبىلىسىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ۋە ھەتتا قەبىلىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ ھېلىقى چىرايلىق ياش ئايالغا بولغان تەشنالىقىنىمۇ دېيىشكە پېتىنالمىغانىكەن. ئەمدىلىكتە بولسا ۋەزىر بۇ گەپنى تېپىشۋاتقاندىكىن، خان ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ: « ئەمىسە شاراماقنى قانداق قىلىمىز؟» دەپتۇ. « ئۇنىڭ ئىشى ئاسان. ئەگەر سىلى شۇنداق قىلىشنى خالىسىلا، ئۇنى دەرھال يوق قىلىمىز» دەپتۇ ۋەزىر.

ئاق خاننىڭ ئون يىللار بىقلە ياشىغان ئىرادىلىك ئايالنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېتىشى، بولۇپمۇ قارا خاننى يەڭگەن ئايالنى جايلىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. چۈنكى ئەگەر شاراماق ئايالالارنى باشلاپ، ياۋغا بېسىپ كىرمىگەن بولسا، پۈتۈن قەبىلە يوق بولغان بولاتتىكەن. « يەنىلا پۇرسەت كۈتەيلى، بۇنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولمىسىلا» دەپتۇ خان ۋەزىرگە.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاراماق ئاتا- ئانىسىنىڭكىگە بارماقچى بوپتۇ. ۋەزىر پۇرسەت كەلگەنلىكىنى پەملەپ، شاراماققا

ئاتا- ئانىسىغا ئاپارغىلى سوۋغات ۋە ئات تەييارلاپ بەرمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ئىككەيلەنگە كەپتەر تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋەزىر لىق ئىككى خۇرجۇن سوۋغاتلىق بىلەن ئاتنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن: سىلى قايتىپ كەلگەندە، خانىمىزمۇ ساقىيىدۇ ۋە ئىككىلىرى جەم بولىدىلا، ئەسلىرىدە بولسۇنكى، بۇ ئىككى خۇرجۇن سوۋغاتلىق خانىڭ ئاتا- ئانىلىرىغا قىلغان كۆڭلى. ئۇ سىلى تاغقا يېتىپ بېرىپ، ئاتا- ئانىلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە، ئاندىن ئېچىشلىرى كېرەكلىكىنى تاپىلىدى » دەپتۇ.

شاراماق تاغقا بېرىپتۇ ۋە ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە، خۇرجۇنلارنى ئېچىپتۇ. خورجۇندىن بىرمۇنچە كەپتەرلەر گۈرردە ئۇچۇپ چىقىپتۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن ئات تاغدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. تەييارلىقسىز تۇرغان شاراماقمۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئاتنىڭ يۈگۈرۈشى بىلەن بىر پۇتى ئۈزەڭگىگە ئېسىلىپ قالغان شاراماق تاغدا سۆرۈلۈپتۇ. شاراماقنىڭ ئاتا- ئانىسى بۇ ئاتنى بايقىغاندا، شاراماقنىڭ بېشىدىن قان بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان، كۆكسى سۆرۈلۈپ كەتكەن، دۈمبىسى يېغىر بولغان بولۇپ، سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ھالەتتە ئىكەن. بۇ خەۋەر قەبىلىگە تارقالغاندا، كىشىلەر چوڭقۇر قايغۇدا قاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، سېرىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزىنىڭ تويىدا بېشىغا ئالدىغا قىزىل مەرۋايىتلار قادالغان باش بېزىكنى تاقايدىغان بوپتۇ. ئاق تاش ياكى قۇلۇلە قېپىنى باش بېزىكنىڭ كەينىگە قادايدىغان بوپتۇ. بۇنىڭ مەنىسى مەرۋايىت، تاش ۋە قۇلۇلە قاپلىرى شاراماقنىڭ يارلانغان كۆكسى ۋە دۈمبىسىنى قوغدايدىغان قالقان بولىدۇ دېگەنلىك بولىدىكەن. باش كىيىمى قىزىل پۆپۈكلۈك بولۇپ، بۇ شاراماقنىڭ بېشىدىن چىققان قانغا سىمۋول قىلىنىدىكەن. قىزىل بەلۋاغ ئۇنىڭ قىزىل قېنىنىڭ ئەۋلادلىرىغا تارقىلىشىنى خاتىرىسى ئىكەن.

كىشىلەرنىڭ غەزىپىدىن ئويغانغان ئاق خان خانىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ. كەپتەر تۇتۇپ كەلگەن خىزمەتچىلەر ئۇلارغا نېمە بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بىر ۋەھشىي ئاتمۇ ئېلىپ كېلىنىپتۇ. خان ۋەزىرنىڭ بىر پۇتىنى ئۈزۈڭگىگە باغلاپ، ئاتنىڭ يانپىشىغا پىچاقنى شۇنداق قاتتىق ئۇرۇپتىكەن، ئاغرىققا چىدىمىغان ئات تاغدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە ۋەزىرنى ئۈچى كۆرۈنمەس جاڭگاللىققا ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر ئاتتا سۆرۈلۈپ ئۆلۈپتۇ.

ئاق خان خانىشىنىڭ ھىلىقى ۋەزىرنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئاق خاننىڭ بۇ دۇنيادا شاراماقسىز ياشىغۇسى كەلمەپتۇ. بىر كېچىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىق خانىشى شاراماقنى چۈشەپتۇ. چۈشىدە شاراماق ئاق خانغا شەرقتىكى قوشماق كۆلگە قاراپ سەپەر قىلىشنى كۆرسىتىپتۇ. شاراماق ئۇنىڭغا ئىككى كۆزىنىڭ ئىككى كۆلگە ئايلانغانلىقىنى ۋە بۇ يەردە خەلقنىڭ كۆپىيەلەيدىغانلىقىنى دەپتۇ. قويۇق ئوت- چۆپلەر ئۇنىڭ چېچى، سۈپسۈزۈك سۇلار ئۇنىڭ قېنى ۋە ئېگىز تاغ ئۇنىڭ تېنى ئىكەن.ئاق خان خەلقنى باشلاپ، شەرققە قاراپ كۆچۈپتۇ. ئۇلار ئاخىرى قوشماق كۆلنى تېپىپتۇ ۋە چىلىيەنشەن تېغىدا ياشاپ قاپتۇ، شاراماق ھەققىدە قوشاقلار ئېيتىپتۇ. (ئەن جيەنجۈن، ئەن چىڭپىڭ، ئەن شۇخۇا، خې يوڭ، چياڭ چېڭجياڭلار تۈزگەن، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، 1984-يىل، بېيجىڭ، 40-44-بەتلەردىن ئېلىندى).

### *4. سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى*

سىرىق ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تاكى 18 – ئەسىرگىچە ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا مالوف سىرىق ئۇيغۇر رايونىدىن تاپقان مەشھۇر «ئالتۇن يارۇق»نىڭ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ 1687 يىللىرى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىسپات بولالايدۇ. يەنە بەزى مەنبەلەرگە كۆرە سىرىق ئۇيغۇرلار 20 – ئەسىرگە قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سىرىق ئۇيغۇرلاردىمۇ يېزىق بىلىش پەقەتلا دىني ساھەدىكىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ قالغاچقا، كېيىنچە تىبەت لاما دىنى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن شارائىتتا تىبەت تىلى دىنى ئۆلىمالارنىڭ تىلى بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ سىرىق ئۇيغۇرلاردىن دىنى ساھەدىكىلەر ياكى تەقۋادارلار تىبەت تىل –يېزىقىدىن خەۋەردار ئىكەن. بۇ خۇددى بۇندىن يۈز يىل بۇرۇن ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ ئەرەبچە ئۇققانلىقىدەكلا ئىش ئىدى.

يېزىقنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن سىرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى «بىز سىرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ چوقۇم تارىخى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن بىز تارىخنىڭ جىنايەتچىلىرىگە ئايلىنىمىز» (تۇمەن ئېرجان) دېگەن يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي سىرىق ئۇيغۇر تىللىرىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئورتاق لاتىن ھەرپلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن يېزىق بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىگە ئېلىش ۋە ئەۋلادلارغا ئۆگىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلماقتا. نۆۋەتتە بۇ تۈردىكى ئىشلار سۇنەن سىرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيەسى سىرىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن ئىشلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار « ئۇيغۇر پۈچىگ » ژۇرنىلىنى ۋە « ئۇيغۇر سۆز پۈتۈك » ئاتلىق سىرىق ئۇيغۇرچە ئۆگىتىش قوللانمىسىنى مۇشۇ يېزىق بىلەن ئىشلەپ چىققان. گەرچە بۇ يېزىقتا قوشما ھەرپلەر زىيادە كۆپ ئىشلىتىلگەن ۋە تاۋۇشلار بەك مۇرەككەپ بولسىمۇ بىراق يەنىلا سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى يېزىق ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە.

(شەرقىي ۋە غەربىي سىرىق ئۇيغۇر تىللىرىنى ئىپادىلەيدىغان لاتىن ھەرپلىرى جەدۋىلى ‹‹سىرىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى›› ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

| سىرىق ئۇيغۇر ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | سىرىق ئۇيغۇر ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە |
|---|---|---|---|
| a | a | ng | ŋ |
| ə | ə | hh | x |
| e | e | gh | G |
| ii | kh | q | |
| o | o | v | γ |
| u | u | h | h |
| ö | ö | j | ʤ |
| ü | y | q | ʧ |
| b | b | x | ʃ |
| p | p | y | j |
| m | m | zh | ʣ |
| f | f | ch | tʂ |
| d | d | sh | ʂ |
| t | t | rh | ʐ |
| n | n | w | v |
| ll | s | s | |
| g | g | z | z |
| k | k | r | r |
| vh | ʁ | lh | ɬ |

غەربىي سىرىق ئۇيغۇرچىدىكى سىپىرىلاتىغۇ تاۋۇش ھەرپلىرى

$o^h$ oh $a^h$ ah
$u^h$ uh $ə^h$ əh
$ö^h$ öh $e^h$ eh

2تېكست)

ئاخىردا بۇ يېزىق بىلەن تۈزۈلگەن «يۇغۇر سۆز تۈپلىك» ئاتلىق يۇغۇر تىلى ئۆگىتىش قوللانمىسىدىن بىر تېكستنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

**ZONA YOLVHZÏRTE Bïr meng togus yüz shige yevhərmu yil，liening moskawa gazivhning bïr kəqivh tavhbashda olurp ol.**

بىر مىڭ توققۇز يۈز ئون ئىككىنچى يىل، لېنىن موسكۋانىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر تاغ چوققىسىدا ئولتۇراتتى.

**ol yerde bïr zona asiramazhi bar er，liening nemen kəsi mangdirvh ane ʞegerip gelvh söz mang'ɣarasip，Bïr ʞaatda，liening ol kəsine deleivh zona navhp asirama yadalne mang'ɣarasin saɣenep dro.**

ئۇ يەردە بىر ھەسەل ھەرىسى باققۇچى بار ئىدى، لېنىن دائىم كىشى ماڭدۇرۇپ ئۇنى چاقىرىپ گەپلىشەتتى، بىر قېتىم لېنىن ئۇ كىشىنى چاقىرىپ قانداق ھەرە بېقىش ھەققىدە پاراڭلىشىشنى ئىستىدى.

**nemen ane delemi ʞəsi mundavh deip--ol moskwavh baripdə,dovhər ʞəsilar hos ol ʞayda olurvhn yerne bulmis er dide，liening uzu ane delevh barp diro。**

دائىم ئۇنى ئىزدەپ بارىدىغان كىشى مۇنداق دېدى: ئۇ موسكۋاغا كېتىپتۇ، باشقا كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قايەردە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز دېدى، لېنىن ئۆزى ئۇنى ئىزدەشكە باردى.

**Liening bïryakda mangïp，bïr yakda ɣarap dro，yol ɣezvhning meidok əshide zona köprik gözdep dro，ol göng'ulvh ane salvh ɣarap, zonalar mi savhəp meikdi ur dro.**

لېنىن ماڭغاچ ئەتراپقا قاراپ ماڭدى، يول بويىدا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەردە نۇرغۇن ھەسەل ھەرىلىرىنى كۆردى، لېنىن ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ھەسەل يىغىۋاتقىنىغا قاراپ،

**yolning gezvhmda bïr ʞəqivh yü bardide,liening mangïp ol yüning udurvh etep,peirpde sik bïr, sik ashma kəsila zhou ol zona asirama,ol lieningne bur görvhandan aliʞap dro,**

يولنىڭ بويىدا بىر كىچىك ئۆي بار ئىدى، لېنىن مېڭىپ ئۇ ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ، ئىشىكنى چەكتى، ئىشىك ئاچقان كىشى ھەسەل ھەرە باققۇچىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، ئۇ لېنىننى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

**---yahshmu sen ?dep dro,liening kulup--bu yol gezdan bïr zona asrima bar mu dide,--menla ere,navho muda deleivh gelde sen,ol deip.---Sening zona mene munda əzirdep gelde,liening kulum jirevh bolup dep。**

ياخشىمۇ سەن، دېدى. لېنىن كۈلۈپ: بۇ يول بويىدا بىر ھەرە باققۇچى بارمۇ؟ دېدى. مەن شۇغۇ، بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ، دېدى ئۇ. سېنىڭ ھەرىلىرىڭ مېنى باشلاپ كەلدى، لېنىن كۈلۈمسىرەپ شۇنداق دېدى.

---


پايدىلانمىلار:

مەھمۇد كاشغەري :«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 — توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل

裕固族原生态民歌，中国国际广播音像出版社

西部裕固语描写研究，钟进文，民族出版社，2007 年

裕固民族尧熬尔千年史，铁穆尔，民族出版社，2005

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

尧熬尔文化，2010 年 1 期，甘肃肃南裕固族自治县裕固族文化研究室主办
肃南裕固族自治县裕固族文化研究室网站：**http://www.yovhur.com/**
**The western yugur Steooe http://members.home.nl/marcmarti/yugur/**
突厥学导论，买提热依木•沙依提，民族出版社，2004 年

(ئاپتور:مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 2008 ــ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

سۇلۋائىن لېۋى

# كۇسەن تىلى ئۈستىدە تەتقىقات

## تەرجىمان: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

كۈچاردىن سايرام، بايغا بارىدىغان ئېگىزلىكتە يەنى كۈچارنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 16 كېلومېتىر كېلىدىغان تار جىلغا ئىچىدە بىر يول بار. جىلغا ئېغىزىدا بىر قورۇل (qaral) بار بولۇپ ھازىر شالدىراڭ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قورۇل جايلاشقان قىيالىق ئۈستىدە قەدىمكى بىر قورغان بولۇپ بۇيەردىن پائۇل پىللىئوت 1907- يىلى قىشتا قار ئىچىدىن بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن تارشا پۈتۈكنى بايقىغان. ئۇ تارشا پۈتۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇكەممەل ساقلانمىغان، پەقەت ئاز قىسمىلا ياخشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تارشا پۈتۈكلەر چاسا شەكلىدە بولۇپ، ھەممىسىدە V شەكىللىك ئېغىز بار، بۇ شوينا ئۆتكۈزىدىغان جاي بولۇشى مۇمكىن .

مەن مۇكەممەل ساقلانغان بىر قىسىم تارشا پۈتۈكنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان تارشا پۈتۈكنىڭ كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 7 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى خەت بۇزۇلۇپ كەتكەن. سىياھ رەڭگى ئازراق ئۆڭگەن بولسىمۇ ئۈستىدىكى باشقا خەتلەرنى ئوقۇغىلى بولىدۇ. بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە :

Ywarttas... شالدىراڭ كىچىكىدە پۈتتى. بۇ يول خېتىنى... ئېلىپ كەلدى، جەمئىي ئون ئادەم بەش ئات، بىر كالىنى ئېلىپ كەتتى، ھەرگىزمۇ توتۇپ قىلىنماي ئۆتكۈزۈۋېتىلسۇن 20- kusan يىلى 7- ئاينىڭ 14- كۈنى yo (ئىمزا).

بۇ تارشا پۈتۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ywarttas دېگەن خەتنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم ئادەم ئىسمى ياكى ئەمەل نامى بولىشى مۇمكىن، باشقا پۈتۈكلەردە ھەمىشە sletas pinkam دېگەن ئىككى خەت ئۇچرايدۇ Sletas بىلەن ywarttas لار ئوخشاشلا خاس ئىسىم ئىدى. شالدىراڭنىڭ قەدىمكى نامى salyisa yonyai دېيىلگەن، بۇ پائۇل پېللىئوت قەدىمكى تارشا پۈتۈكلەرنى بايقىغان قەدىمكى قۇرۇل (قۇرغان)نىڭ توخرىچە نامى بولىشى مۇمكىن. پۈتۈكنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ ئىسمى ئۆچۈپ كەتكەچكە ئېنىق پەرىقلەندۈرگىلى بولمىدى. پۈتۈكتە sknatatte ۋە putatte دېگەن ئادەم ئىسمى بار ، بۇ ئىككى ئىسىم سانسكرىت تىلىدىكى Budhadatta ۋە sangha data دېگەنلەردىن كەلگەن بولۇپ، توخرى تىلىدا جارائىلىق تاۋۇش يوق بولغاچقا ئەنە شۇنداق ئاتالغان. ئاخىرىدىكى yo دېگەن سۆز ywarttas نىڭ ئىمزاسى بولىشى مۇمكىن. بۇنداق قىسقارتىپ ئىمزا قويۇش شەكلى بۇنىڭدىن باشقا يەنە دۇلدۇلئوقۇر(Dulaul - Aqar) دىن تېپىلغان ھېسابات دەپتىرىدىمۇ كۆرۈلگەن.مەسىلەن، wiryamitre دېگەن سۆز سانسكرىت تىلىدىكى wiryamitra دېگەن سۆزدىن كەلگەن، قىسقارتىلىپ wi دېيىلگەن Waryasene . دېگەن سۆز سانسكرىت تىلىدىكى Waryasenaدېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، Warya دەپ قىسقارتىلغان ynanasena دېگەن ئىسىم maksacandrana دېگەن سۆز ma دەپ قىسقارتىپ يېزىلغان. بۇ تىلدا يەنە O تاۋۇشىنىڭ W تاۋۇشىغا ئالمىشىش ھادىسىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، onolme = wnolme (ئادەم) wrocce (يوغان) قاتارلىقلار، شۇڭا ywrattas دېگەن سۆزنىڭ yo دەپ قىسقارتىلىشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولغان .

تارشا پۈتۈكتىكى مەزمۇنلاردىن يۇقىرىقى بويۇملارنىڭ يۇلدىن ئۆتكۈچى كارۋانلارنىڭ يول خېتى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايمىز. پۈتۈكتە ئادەم ۋە چارۋۇلارنىڭ سانى خاتىرلىنىپ ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاتنىشى ھەم سودا پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.كارۋانلار بىر قۇرۇلدىن يەنە بىر قۇرۇلغا بېرىشتا چوقۇم يول خېتى ئېلىشى شەرت بولغاچقا بۇ قۇرۇلدا بۇنچە كۆپ تارشا پۈتۈكنىڭ ساقلىنىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ تارشا پۈتۈك توخرى تىلىدا or-sakare دېيىلگەن، بۇ يەردىكى or دېگەن سۆز ياغاچ دېگەن مەنىدە،

sakare دېگەن سۆز سانسكرىت تىلىدا **satyakara** ، پالى (**pali**) تىلىدا **saccakaro** دېيىلىدىغان بولۇپ ، «ئىسپات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ سۆز ھىندىستاننىڭ ھۆكۈمەت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇددىزم كۆسەنگە تارقالغاندىن كېيىن سانسكرىت تىلى بىلەن بىرگە كۆسەنگە تارقىلىپ كىرگەن، لېكىن بۇنىڭ كونكرېت ۋاقتىغا كەسكىن بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بۇ سۆز بۇددىزمدىكى قەسەم سۆزى بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ ھۆججەتتىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى چۈشىنىۋالالايمىز. تىل نوقتىسىدىن مۇللېر (**F.K.muller**) بۇنىڭ تىلىنى ۋاقتىنچە توخرى تىلى **B** تىلى (**Tokharien B**) دەپ ئاتىغان. مەن بولسام بۇنىڭ كېلىش مەنبەسى بويىچە كۆسەن تىلى دەپ ئاتىدىم. چۈنكى بۇ تىلدىكى ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۇچار ئەتراپىدىن تېپىلغان. بۇ خىل تىل دۇلدۇل ئوقۇردىكى ئىبادەتخانىلاردىلا ئىشلىتىپلا قالماستىن ئۇردىنىڭ يول خېتىدىمۇ ئىشلىتىلگەن، شۇڭا كۆسەن تىلى دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. كۆسەن تىلىنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. پائۇل پېللىئوت ئېلىپ كەلگەن تارشا پۈتۈكلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدىم. ئالدىنقى پۈتۈكنىڭ چىسلاسى **kusum**-20 يىلى 7- ئاينىڭ 14- كۈنى بولۇپ، قالغان پۈتۈكلەردە **kusum** 1-، 5-، 6-، 19-، 20-، 21-يىلى دېگەن يىلنامىلەر ئۇچرايدۇ. **Kusum** دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭدىن باشقا «دىھارما پاداس سۇترا (**Dharama padas sutra**) نىڭ كەمتۈك پارچىللىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. دۇلدۇل ئوقۇر **Aqour** (**Dul-Dul**) بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان ھېسابات دەپتىرىدە **kusum** نىڭ بىرىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى يىلى دېگەن يىلنامىلەر خاتىرىلەنگەن. ھېسابات دەپتىرىدە ئىككى پارچە كەمتۈك ھۆججەت بار، ئۇزۇنلۇقى تۆت گەز ئون سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا بۇتخانىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار خاتىرىلەنگەن، ھۆججەتتە كۆرۈلگەن **ksum** دېگەن سۆز يىلنامە نامى ئەمەستەك قىلىدۇ. توخرى تىلىدا ئون ئىككى ئايلىق يىلنامىنىڭ بىرلىك سان شەكلى **Pikul** ، كۆپلۈك سان شەكلى **Pikwala** دېيىلگەن. شۇڭا **ksum**ئەينى چاغدىكى خەنزۇچە يىلنامىدەكمۇ قىلاتتى. پۈتۈكتىكى **ksum** يىلنامىسى 23- يىلغىچە قوللىنىلغان. جۇڭگودا مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مىڭ يىلغىچە يىلنامىسى 23 يىل بولغان پادىشاھدىن پەقەت تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن يىللا بار. بۇ ھۆججەتلەرمۇ 7- ئەسىرنىڭ يالدامىسىدەك قىلىدۇ .

يۇقىرىدىكى پەرەزلەر تېزلا ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ياغاچ تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىسىنىڭ سول تەرىپىگە **skanatatti** دېگەن خەت، ئوڭ تەرىپىگە **klasle** دېگەن خەت يېزىلغان. سول تەرىپىدىكى قۇرۇل ئەمەلدارنىڭ ئىسمى، ئوڭ تەرەپتىكىسى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئىسمى ئىدى. ئالدى يۈزىگە يېزىلغان خەتلەرنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە :

بىرىنچى قۇر: تۆت تۇياق كالىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقتى،تۇتۇپ قىلىنمىغاي.

ئىككىنچى قۇر **ksum** :يىلى 11.ئاي.......

ئۈچىنچى قۇر: سۇۋارناتا (**swarnata**) ، ياغاچ (**piksu**) ئۈستىگە ئىسپات يېزىپ بېرىلدى .

ئۈچىنچى قۇردىكى **swarnata** دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى مەزمۇنلار ئېنىقلىغىلى بولمىسىمۇ ، باشقا بىر پۈتۈك ئارقىلىق بۇ مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ كەتكىلى بولىدىكەن. بۇ پۈتۈكتە پەقەت ئىككى قۇرلا خەت ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە :

1. قۇر: خان ئالىيلىرى سۋارناتى (**swarnate**) پۈتتى .
2. قۇر: ... ياغاچقا ئىسپات........

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 3- پۈتۈكتە **pinkam** (يېزىش) دېگەن سۆز ئېنىق بولماي قالغان **swarnate** .پۈتۈكتىكى خاننىڭ ئىسمى ئىدى. بۇخان مىلادىيە 618- يىلىدىن 630- يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان، 644-646- يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان، ئالدىنقى خان سۇۋارنادىۋا (**suvarnadera**) نىڭ ئوغلى، كېيىنكى خان ھارىپۇسپا (**Haripospa**) نىڭ ئاكىسى ئىدى. خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان 苏伐叠 دېگەن سۆز كۆسەن خانى سوۋارناتى (**suwarnate**) نىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ يەردىكى **suvarna** دېگەن سۆز «ئالتۇن» دېگەن مەنىدە. خەنزۇ تىلىدا ھەممىشە ئەسلىدىكى ئىسىملار قىسقارتىلىپ يېزىلغاچقا**suwarnate** دېگەن سۆز قىسقارتىپ 苏伐叠 دەپ يېزىلغان. مىلادىيە 630- يىلىدىكى كۆسەن خانى **suvarnate** ئىدى. شۇەنزاڭ كۆسەن ئېلىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. لېكىن شۇەنزاڭ ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ باقمىغان. بۇ خان توغرىسىدا غەربىي يۇرت خاتىرىسىدە: «ئەقىل پاراسەتسىز بولغاچقا

ۋەزىرلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا تۇرىدىكەن» دېيىلگەن .راھىب كالان شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇساق شۈەنزاڭنىڭ ئۇ خانغا بەرگەن باھاسىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. شۈەنزاڭ كۇسەنگە كەلگەندە بۇ خان ۋەزىرلىرى بىلەن بىللە ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتىۋالغان، ئەتىسى خان ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ سەدىقە تامىقى تەييارلىغان ، تائاملارنىڭ ھەممىسى ئۈچتە پاك پەرھىز تائاملار ئىدى. لىكىن راھىب كالان ئۇ تائاملارنى يېمىگەن. دىنىي پەرھىز نۇقتىسىدىن شۈەنزاڭ بۇ خانغا غۇم ساقلاپ ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان بولىشى مۇمكىن. بىراق ئالدىنقى خاننى ئاغزى — ئاغزىغا تەگمەي ئالاھىدە ماختىغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە: «ئىلگىرى سۇۋارناپۇسپا (**suvarnapuspa**) ئىسىملىك دانا بىر خان بولۇپ، ئۇ ئەجدىھارغا مىنگەنمىش» -دېيىلگەن. «تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «苏伐勃快 »دەل مۇشۇ سوۋارنا پۇسپا (**suvarnapospa**) ئىدى. بۇ خاننىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ ئۇلار خان ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ئۆز ئىسىملىرىگە قويۇشقان، چوڭىنىڭ ئىسمى سوۋارناتى(**suvarnate**)، سانسكرىتچە سوۋارنادىۋا (**suvarnadeva**)بولۇپ «تاڭنامە» دىكى 苏伐叠نى كۆرسىتىدۇ. كىچىكىنىڭ ئىسمى هارىپۇسپا (**Haripuspa**) بولۇپ «تاڭنامە» دىكى «诃布失毕» نى كۆرسىتىدۇ .

ئادەم ئىسىملىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.ئەمدى يىلنامە ئۈستىدە توختىلايلى، **ksum** دېگەن سۆز يىلنامىنى كۆرسىتىدۇ. دەسلەپتە مەن بۇنى جۇڭگو يىلنامىسى، سوۋارناتېنىڭ 23- يىلى جىنگوەننىڭ 21- يىلىغا يەنى مىلادىيە 647- يىلغا توغرا كېلىدۇ دەپ پەرەز قىلغان.بىراق سوۋارناتى جىنگوەننىڭ 20- يىلىدىن بۇرۇنلا ۋاپات بولغان. «تاڭنامە» دە: سوۋارناتى (سوۋارنادېۋا) ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى هارى پۇسپا (**haripuspa**)تەختتە ئولتۇرغان، جېنگۇەن 21- يىلى ئىككى ئەلچى ئارقىلىق ئوردىغا تارتۇق ئەۋەتتى، دەپ خاتىرلەنگەن. «تەيزۇڭخان نەسەپنامىسى»گە ئاساسلانغاندا، كۇسەن بەگلىكى جېنگۇەن 21- يىلى 1- ئايدا ئوردىغا ئىككى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان. سوۋارناتى (**suvarnate**) نىڭ ئىسمى كۆرۈلگەن تارشا پۈتۈكلەر دەل 3- ئاي، 5- ئاي، 11- ئايلاردا يېزىلغان ئىدى. ئالدىنقى پەرەز (جېنگۇەن يىلنامىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ يەردىكى **ksum** چوقۇم سوۋارناتى (**suvarnate**) تەختتە ئولتۇرغان چاغدىكى يىلنامىسى بولۇپ، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 23 يىل قوللىنىلغان. «تاڭنامە»دە: «گاۋزۇ خان تەختتە ئولتۇرغاندا سۇۋارنا پۇسپا (**suvarnapuspa**) ئوردىغا ئەلچى ئارقىلىق سوغا ئەۋەتكەن. كېيىنچە ئۇ ۋاپات بولۇپ ئوغلى سوۋارناتى (**suvarnate**) تەختتە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ لەقىمى ئىشكەم باغا ئىلتەبىر ئىدى. جېنگۇەن 4- يىلى (630- يىلى) ئات تارتۇق قىلدى» دېيىلگەن. بۇ چاغدا سۇۋارنا پۇسپا (**suvarnapuspa**) ۋاپات بولغان ياكى ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاپات بولغان بولىشى مۇمكىن. سۇۋارناتى (**suvarnapusp**) مىلادىيە 618 — 627- يىللىرى ئارىلىقىدا خانلىق تەختىگە چىقىپ تاكى جېنگۇەن 20- يىلى (مىلادىيە 646- يىلى) دىن( 19- 20 يىل)غىچە تەختتە ئولتۇرغان. **Ksum** يىلنامىسى دەل مۇشۇ دەۋردىكى يىلنامىنىڭ ئىسمى ئىدى .

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، كۇسەن تىلى مۇشۇ دۆلەتنىڭ ئۆزۈندىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان تىلى بولۇپ سىرتتىن كەلگەن تىللاردىن غالىپ كەلگەن. مەسىلەن، نېپالدىكى **parbatya** تىلى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلى بولغان **nevari**تىلى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. شۈەنزاڭ «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئېنىق قىلىپ «خان كۇسەن ئۇرۇقىدىن» دەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ تىلى يەرلىك تىل بىلەن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا كۇسەن بەگلىكىگە مىلادىيە 1- ئەسىردىن تارتىپ ئاقارى (**kutsi**) ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بىر ئۇرۇقنىڭ ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىكىمۇ بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە ئارىيان (**Aryanne**) ئۇرۇقىنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭغا كۆچۈپ كىرگەن. بۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلىشى ھەققىدە ئۇنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلماي بولمايدۇ. جۇڭگو تارىخى ماتېرىياللىرىدا خاتىرلەنگەن كۇسەنگە ئائىت ۋەقەلەر ھەمدە باشقا كىتابلاردىكى خاتىرىلەرنى تەرجىمە قىلىپ كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشقا سۇندۇم :

جۇڭگونىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ زورىيىشى خەن ۋۇدى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140- 87- يىلغىچە) دىكى ئىشلار بولۇپ، ئەينى چاغدا كۇسەن جۇڭگو بىلەن ئالاقىدە بولغان. «خەننامە· غەربىي يۇرت تەزكىرىسى كۇسەن بابى»دا: «كۇسەن بەگلىكى ئاستانىسى يەن شەھىرى، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 7480 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 6970 تۈتۈن، 81 مىڭ 317 كىشى، ئەسكەرلىككە يارايدىغىنى 21 مىڭ 76 نەپەر،

www.uyghurkitap.com

ياردەمچى چوڭ كاھبەگ، نائىببەگ، ئەمنىيەت بېگى، ھۇنلاردىن قوغدىنىش كاھبېگى، قۇس(غۇز) خانلىقىغا زەربە بەرگۈچى كاھبەگ، ئوڭ سول سەركەردە، ئوڭ سول كاھبەگ، ئوڭ سول چەۋەنداز بەگ، ئوڭ سول ياردەمچى بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. خانلىقنىڭ شەرقىي، غەربىي جەنۇبىي ۋە شىمال قىسىملىرىغا ئىككى نەپەردىن مىڭبېشى قويۇلغان. ئۈچ نەپەر ھۇنلاردىن قوغدىنىش كىچىك بېگى، تۆت نەپەر تىلماچ بېگى قاتارلىقلار بار. جەنۇبى چەرچەن، غەربىي جەنۇبى ئۈزۈن تات، شىمالىي ئاسىيۇ (ئۈيسۈن) غەربىي قۇم (ئاقسۇ) بىلەن تۇتىشىدۇ. مىتال قويمىچىلىقنى بىلىدۇ، قوغۇشۇن چىقىدۇ» دېيىلگەن .

يەنە «خەننامە· غەربىي يۇرت تەزكىرىسى چىدىر بابى» دا: «باشتا سۈتىرشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ قايتىشىدا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 102- يىلى) ئۈزۈن تېتىر خانلىقى ئارقىلىق قايتقان. بۇ چاغدا ئۈزۈن تېتىرخانى ئۆزىنىڭ خانزادىسى لەيدەننى كۆسەن بەگلىكىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. لى گۇاڭلى كۆسەن بەگلىكىنى «غەربىي يۇرتنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىغا بېقىنغان تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن كۆسەن بەگلىكى ئۈزۈن تېتىرخانزادىسىنى تۇرغاقلىققا ئالىدۇ؟» دەپ ئەيىبلىگەن. شۇنىڭ بىلەن لەيدەننى دەرھال خەن سۇلالىسى ئاستانىسىگە ئەۋەتكەن. خەن جاۋدى ساڭ خۇڭياڭنىڭ بۇرۇنقى پىكرى بويىچە ئۈزۈن تېتىرخانزادىسى لەيدەننى چىرىكچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ بۇگۇردە تېرىقچىلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلغان. بۇگۇر بىلەن چېدىرنىڭ زېمىنى ئۆز-ئارا تۇتىشاتتى. كۆچار ئەمەلدارلىرىدىن گۇي كۆچارخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ لەيدەن ئەسلى بىزنىڭ خانلىقىمىزغا بېقىندىغان خانزادە ئىدى. ھازىر خەن سۇلالىسىنىڭ تامغىسىنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ خانلىقىمىزغا يېقىن يەردە تېرىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن پايدىسىز دېگەن. شۇنىڭ بىلەن كۆچا خانى لەيدەننى ئۆلتۈرۈپ خەن خانىغا مەكتۇپ يوللاپ ئۆزرە ئېيتقان، شۇڭا خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا جازا يۈرۈش قىلمىغان. خەن شوەندى زامانىسىدا( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 73- يىلدىن 49- يىلغىچە) چاڭلۇ بېگى چاڭ خۈي ئۈيسۈن ئېلىگە ئەلچى بولۇپ بارغان، قايتىشىدا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ ھەرقايسى بەگلىكلەر ئەسكەرلىرىدىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ كۆسەن بېگىنىڭ چىرىكچى سانغۇن لەيدەننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئەيىپلەپ كۆسەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. كۆچا خانى:« لەيدەن سابىق كۆچا خانى ۋاقتىدا گۇ يىنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، مەندە گۇناھ يوق» دەپ ئۆزرىسىنى بايان قىلىپ گۇ يىنى چاڭ خۈيگە تۇتۇپ بەردى. چاڭ خۈي ئۇنى ئۆلتۈردى. دەل شۇ چاغدا خەن سۇلالىسى پايتەختىگە سەنتۇر ئۆگىنىشكە بارغان ئۈيسۈن مەلىكىسى جې يۇنىڭ قىزى دىشى قايتىدىغان بولغاچقا خەن سۇلالىسى يانداش بەگ يۈمېڭنى مەلىكىنىڭ قىزىنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئۈيسۈنغا قايتىشىدا كۆسەن ئارقىلىق ماڭدى. جياڭ بىن ئۈيسۈن ئېلىدىكى جيې يۇ مەلىكىگە قىزى دىشنى ئۆزىگە سورىتىپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. جې يۇ مەلىكە بۇنىڭغا قېتىلىدۇ ھەم خەن خانىغا مەكتۇپ يوللاپ قىزى دىشنى خان جەمەتى سۈپىتىدە خەن سۇلالىسى ئوردىسىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. خانىمنى ياخشى كۆرگەن كۆسەن خانى جياڭ بىنمۇ خەن خانىغا مەكتۇپ يوللاپ ئۆزىنىڭ خەن خانىغا تاش نەۋرىسىگە ئۆيلىنىپ تۇققانلىق مۇناسىۋىتى ئورناتانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن خوش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مەلىكىنىڭ قىزى بىلەن بىللە خەن سۇلالىسىنى زىيارەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدى. يۈەنكاڭ 1- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 65- يىلى) ئۇلار خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كېلىپ خەن شوەندىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇنى تەبرىكلىدى. خەن سۇلالىسى ئوردىسى كۆچا خانى ۋە خانىمىغا تامغا ۋە تامغا بېغى تەقدىم قىلدى ھەمدە خانىمىغا مەلىكىلىك ئۇنۋانى شۇنىڭدەك ئات ھارۋا، تۇغ ئەلەم، داقا — دۇمباقلارنى ئىنئام قىلدى. ئۇلارغا يەنە ئونلاپ ناخشىچى سازاندە كىمخاپ، تەتىللا گۆھەر ياقۇت قاتارلىق قىممىتى بىر نەچچە تۈمەن يارماققا يارايدىغان نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدى. ئۇلار پايتەختتە بىر يىلغا يېقىن تۇرغاندىن كېيىن ناھايىتى نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن ئۇزۇتۇپ قويۇلدى. كېيىنمۇ كۆپ قېتىم كېلىپ خاننى زىيارەت قىلدى ۋە مۇبارەكلىدى. خەن سۇلالىسى نۇسخىسىدىكى كىيىم — كېچەك ۋە قائىدە — تۈزۈملەرنى ياقتۇرۇپ قالغان كۆچا خانى ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسى نۇسخىسىدىكى ئوردا سالدۇردى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ قوغداش رايونى قۇردى. قوغداش خادىملىرى خان ئوردىغا كىرگەن ياكى چىققاندا چاچاڭ سېلىپ، داقا —دۇمباق، ناغرا — سۇناي چېلىشىپ تۇراتتى. بۇ خەن سۇلالىسى قائىدە — يوسۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. چەتئەللىك غۇزلار بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ: «كۆچا خانى ئېشەك دېسە ئېشەك ئەمەس، ئات دېسە ئات ئەمەس، بەئەينى قېچىرنىڭ ئۆزى بوپتۇ» دېيىشكەنىدى. جياڭ بىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى چېڭدې ئۆزىنى خەن سۇلالىسىنىڭ تاش نەۋرىسى دەپ ئاتىدى. خەن چېڭدى ۋە خەن ئەيدى زامانلىرىدا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى

32- يىلدىن مىلادىيە 1- يىلغىچە) كۇچا خانى چېڭدېي خەن سۇلالىسى بىلەن قويۇق بېرىش كېلىش قىلدى، خەن سۇلالىسمۇ ئۇنى ئىنتايىن يېقىن كۆردى .

ئەينى چاغدا خەن سۇلالىسى بىلەن كۇسەننىڭ بېرىش كېلىشى سودا ئالاقىسىگە ئالاھىدە پايدىلىق ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئىككى يول بار ئىدى. قاشتېشى قوۋۇق (يۈمىن گۈەن) دىن چىقىپ غۇز (تۇرپان)، كۇسەن ئارقىلىق قەشقەر پامىرغا بارغىلى بولىدىغان يول شىمال يول دەپ ئاتالغان، مىلادىيە 2- يىلى شىمالىي يولنىڭ شىمالىدا يەنە يېڭى بىر يول ئېچىلدى. بۇ يول تەڭرىتا غىنىڭ جەنۇبى ئىتەكلىرىنى بويلاپ مېڭىپ كۇسەنگە كەلگەندە شىمالى يول بىلەن قوشۇلاتتى («ۋېي سۇلالىسى تەسپىراتلىرى· غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» قاراڭ).

ئالدىنقى (غەربىي) خەن سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن كېيىنكى (شەرقىي) خەن سۇلالىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. دەسلەپتە ئىچكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن دۆلەتنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگباتلار ئۆز – ئارا زومگەرلىك تالاشقان كېيىنچە ھۇنلار تەرىپىدىن يۆتىۋېلىنغان «كېيىنكى خەننامە· غەربىي يۇرت تەزكىرىسى، ساكرائۇل (يەركەن) ئېلى بابى» دا: «جيەنۋۇ 17- يىلى (مىلادىيە 41- يىلى) خان دەرھال بارلىق چۇشۇرۇپ قورۇقچى بەگلىك تامغىسى ۋە تامغا بېغىنى ياندۇرۇۋالدى ھەمدە باشقىدىن (يەركەن خانى) شى يەنگە خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى دېگەن تامغا ۋە تامغا بېغىنى تەقدىم قىلدى. شى يەن بۇ خۇسۇسدا ئۇردىغا قىيداپ قالدى. 22- يىلى (مىلادىيە 46- يىى) شى يەن كۇسەن خانىنى ئۆلتۈرۈپ زېمىننى ئۆزىگە قېتىۋالدى. شى يەن ئۆزىنىڭ ئوغلى زېلونى كۇسەنگە بەگ قىلدى. شى يەننىڭ ئوغلى زېلو گۇدەك بولغاچقا كۇسەن خانلىقىنىڭ بىر قىسمىنى بۆلۈپ ئۇرلېي (چېدىر) بەگلىكى قىلىپ سى جەننى ئورلىغا بەگ قىلدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن كۇسەنلىكلەر زېلو بىلەن سى جەننى بىراقلا ئۆلتۈردى ۋە ھۇنلار كۇسەن ئىسىلزادىلىرىدىن بولغان شېن دۇنى كۇسەنگە خان قىلىپ تىكلىدى. كۇسەن شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلارغا بېقىندى .

شۇنىڭدىن كېيىنرەك خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى ئەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ شۆھرىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا قايتىدىن نامايەن بولدى. «كېيىنكى خاننامە· بەن چاۋ تەرجىمھالى» دا «شۇ چاغدا (مىلادىيە 73- يىلى) كۇسەنگە جى يەننى ھۇنلار خان قىلىپ تىكلىگەن، ئۇ ھۇنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ شىمالىي يولنى تىزگىنلىۋالغان ھەمدە سۇلې (قەشقەر)نى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ ئۇنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ كۇسەنلىك دوۋتىنى خان قىلىپ تىكلىگەنىدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 74 – يىلى) باھاردا بەن چاۋ يېقىن يول ئارقىلىق سۇلېغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدار شۇنداقلا دوتىنى ئەل قىلىش ئۈچۈن بارغان تيەنلو دوتىنى باغلىۋالدى، (بەنجاۋ) سۇلې خانلىقىنىڭ بارلىق سەركەردە ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ كۇسەن خانىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆكتى ھەمدە ئالدىنقى سۇلې بېگىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جۇڭنى خان قىلىپ  تىكلىدى. سۇلې شۇنىڭدىن باشلاپ كۇسەن بىلەن ئۆچەكىشىپ قالدى. 18- يىلى (مىلادىيە 75- يىلى) خەن مىڭدى ئۆلدى. ئارىسى (كىنگىت)  خانى جۇڭگو چوڭ مۇسىبەتلىك بولدى دەپ قاراپ قورۇقچى بەگ چېن موغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بەن چاۋ يار – يۆلەكسىز قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۇسەن بىلەن قۇم (ئاقسۇ) كۆپ قېتىم قوشۇن چىقىرىپ سۇلېغا تېگىش قىلدى. سوزۇڭخان (مىلادىيە 75 -88- يىللىرىغىچە) بەن چاۋنىڭ ئۇيەردە داۋاملىق پۇت تىرەپ تۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ بەن چاۋنىڭ تىزرەك قايتىپ كېلىشى خۇسۇسدا يارلىق چۈشۈردى. بەن چاۋ ئۇدۇنغا بارغاندا خان تۆرىلەردىن تارتىپ ئاددى پۇقرالارغىچە ھەممەيلەن يىغا زار قىلىشىپ: «خەن ئەلچىسىگە خۇددى ئاتا – ئانىمىزغا تايانغاندەك تايىنىپ كېلىۋىتاتتۇق، ئۆزلىرى قايتىپ كەتمىسىلە!» دەپ بەن چاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىۋېلىپ ئۇنى ماڭغۇزمىدى. بەن چاۋ سۇلېغا قايتىپ كەتتى. سۇلې خانلىقىنىڭ ئىككى شەھىرى بەن چاۋ كەتكەندىن كېيىن يەنە كۇسەنگە ئەل بولۇپ كەتكەنىدى. جيەنچۇ 3- يىلى (مىلادىيە 78- يىلى) بەن چاۋ سۇلې، كانگىيە (sogdiana)،ئۇدۇن، ئۇزۇنتاتلارنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك لەشكىرىنى باشلاپ قۇم، تاش قەلئە (ئۇچتۇرپان)نى ھۇجۇم بىلەن ئالدى ۋە ئوردىغا شۇ تەرىقىدە ئىلتىماس سۇندى: «بۇگۈنكى كۈندە ئۇزۇنتات، ساكارائول، سۇلې، تۇخرى، ئۇيسۇن (ئاسىيۇ)، كانگىيلەرمۇ بىزگە بېقىنىپ بىرلىشىپ كۇسەننى يوق قىلىپ خەن سۇلالىسگە تۇتىشىدىغان يولنى راۋان قىلىشنى خالايدۇ. ئەگەر كۇسەننى قولغا چۈشۈرۈۋالساق غەربىي يۇرتتىكى بويسۇندۇرۇلمىغان خانلىق ئاران يۈزدە بىر ئۈلۈشىنلا ئىگىلىگەن بولاتتى. ھازىر پەقەت ئاگنى بىلەن كۇسەنلا بويسۇنمايۋاتىدۇ.

سۈلېنى ساقلاۋاتقىنىمغا مانا بەش يىل بولدى. يات قوۋىملارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىمەن. چوڭ كىچىك ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىغا تايانغانلىق تەئرىگە تايانغانغا ئوخشاش دېيىشىدۇ. روشەنكى، كوكئارت يولى ئوچۇق بولسىلا كۇسەننى جازالىغىلى بولىدۇ. ھازىر پايتەختتىكى تورغاقلىقتا تۇرىۋاتقان بەي بانى خان قىلىپ تىكلىسەك ئاتلىق پىيادە بولۇپ بىر نەچچە يۈز لەشكەر ئۇنى قوغداپ ئاپىرىپ قويسا ھەرقايىسى ئەللەر بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللىسەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا خاننى تۇتالايمىز. مانا بۇ ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق جازالاشنىڭ ئېسىل چارىسىدۇر. قۇم، ئۇنسۇ بەگلىرى كۇسەن خانى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ،يەرلىك بىلەن بىر قوۋىمدىن ئەمەس، خەلق ئۇلاردىن ناھايىتى يىرگەنگەچكە چوقۇم ئىسيان كۆتۈرۈپ بىزنىڭ تەسەررۇپىمىزغا ئۆتىدۇ. مۇبادا بۇ ئىككى خانلىق ئەل بولسا كۇسەن ئۆزلىكىدىن تۈگىشىدۇ». خان ئىلتىماسنى كۆرۈپ لەشكەر ئەۋەتىدۇ. 5- يىلى (مىلادىيە 80- يىلى) بەن چاۋ كۇسەنگە تىگىش قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ ئۇيسۇنلارنىڭ لەشكىرى كۈچىنىڭ قۇدرەتلىكنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى ئويلىدى ۋە دەرھال خانغا مەكتۇپ سۇندى، خان ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆردى. 8- يىلى (مىلادىيە 83- يىلى) كۇسەن سۇلې (قەشقەر)گە ھۇجۇم قىلدى. بەن چاۋ قورقۇپ ئالدىغا مېڭىشقا پېتىنالمىدى. بەن چاۋ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلۇق توخرى خانىغا نۇرغۇنلىغان تاۋار-دۇردۇنلارنى سوۋغا قىلدى ھەم كانگىيە خانىغا نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى سورىدى. مىلادىيە 87- يىلى بەن چاۋ ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەرنىڭ لەشكىرىدىن 25 مىڭ ئادەم توپلاپ ساكارائول (يەركەن) غا قايتىدىن تىگىش قىلدى. كۇسەن خانىنىڭ سول قول سانغۇنى ئۇچ، قۇم، سەپەر بايلاردىن 50 مىڭ ئادەم ئاجرىتىپ ساكارائۇلغا ياردەم بېرىشكە چاقىردى. بەن چاۋ ھىلە بىلەن ئۇلارنى يەڭدى. (مىلادىيە87- يىلى) بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئەينى چاغدا توخرىلار خەن سۇلالىسىغا ھەمدەمدە بولۇپ غۇز (قانقىل) خانلىقىغا زەربە بېرىشتە تۆھپە كۆرسەتكەن. شۇ يىلى (مىلادىيە 88- يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۈنچە-مەرۋايىت، بۇغا —مارال، شىر قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىپ خەن سۇلالىسى مەلىكىسىنى ياتلىق قىلىپ بېرىشنى سورىغان. لېكىن بەن چاۋ ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋەتكەن. شۇڭا توخارلار بەن چاۋغا ئۆچ ئىدى. بەن چاۋ توخرىلارنىڭ ئوزۇق — تۈلۈكى تۈككەنلىكنى ئەمدى چوقۇم كۇسەندىن ياردەم سورايدىغانلىقىنى پەملىدى بولغاي نەچچە يۈزلەشكىرنى شەرق تەرەپتىكى مۇھىم ئۆتكەلدە ئۇلارنى توسۇشقا ئەۋەتتى. دەرۋەقە شى يې ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ كۇسەنگە ئالتۇن كۈمۈش ئۈنچە — مەرۋايىتلارنى ئەۋەتتى. بەن چاۋنىڭ بۆكتۈرمە لەشكەرلىرى توسۇپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى ھەم كۇسەنگە ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ شى يىگە كۆرسەتتى. ش يې قاتتىق چۆچۈپ دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ گۇناھىنى تىلىدى ۋە تىرىك قايتىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. بەن چاۋ ئۇنى قويۇپ بەردى. ياندۇرقى يىلى (مىلادىيە 91- يىلى) كۇسەن، قۇم بەگلىكلىرى ئەل بولدى. (خەن خانى) بەن چاۋنى غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگلىكگە، بەي بانى كۇسەنگە خان قىلىپ تەيىنلەپ ئەمىرلەشكەر ياۋگۇاڭنى ئۇنى كۇسەنگە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرىدى. بەن چاۋ بىلەن ياۋگۇاڭ كۇسەنلىكلەرنى ئەسلىدىكى خانى يوۋلىدو(尤利多) نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بەي بانى خان قىلىپ تىكلەشكە مەجبۇرلىدى. بەن چاۋ ياۋگۇاڭغا يوۋلىدونى پايتەختكە ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. بەن چاۋ تاچيەن شەھرىدە تۇردى.

بەن چاۋ مىلادىيە 102- يىلى لوياڭغا قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ غەربىي يۇرتتا رۇياپقا چىقارغان ئىشلىرى پۈتۈنلەي يىمىرىلىشكە باشلىغان. «كېيىنكى خەننامە. لياڭ چىننىڭ تەرجىمھالى»دا: يەنپىڭ 1- يىلى مىلادىيە 106- يىلى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايىسى ئەللەر مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇپ سۈلېدا قورۇقچى بەگ رېن شياڭغا ھۇجۇم قىلدى. رېن شياڭ خەۋەپتىن قۇتۇلۇپ قايتتى. شىرمەت چەۋەندازلار بېشى دۇەن شى قورۇقچى بەگلىككە تەيىنلىنىپ غەربىي يۇرت دۇرغابى جاۋ پو شىرمەت چەۋەندازلار بېشى بولدى. بۇ ئىككىسى تاچيەن شەھرى(ھازىرقى توقسۇ تەۋەسىدە)نى ساقلاپ ياتتى. ئۇ شەھەر كىچىكنە بىر جاي بولۇپ لياڭ چىن (ئەينى چاغدىكى نائىب قورۇقچى بەگ) بۇ يەرنى ساقلاپ يىتىۋېرىشنى راۋا كۆرمەي كۇسەن خانى بەي بانى قايمۇقتۇرۇپ مەن شەھەرگە كىرىپ ئاستاننى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ساقلاي دېدى.بەي با ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئەمەلدارلار بۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە ئۇنىڭ سۆزىدىن يېنىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. بەي با گەپكە كىرمىدى. لياڭ چىن شەھەرگە كىردى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ دۇەنشى، جاۋ پۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ جەمئى سەككىز — توققۇز مىڭچە لەشكەر يىغدى. كۇسەن ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆز خانىغا قارشى چىقىپ ئۇنسۇ، قۇملارنىڭ نەچچە تۈمەن لەشكىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرۈپ كۇسەن ئاستانىسىنى قورشىدى، لياڭ چىن قاتارلىقلار جەڭگە چىقىپ ئۇلارنى مەغلۇب قىلدى. ئۇرۇش بىر نەچچە ئايغىچە داۋام

قىلدى. ئاخىرى ئىسيانچىلار يېڭىلىپ قاچتى. شۇنداق قىلىپ كۇسەن تىنجىدى .

تىنچلىق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇل ئارقىلىق قولغا كەلدى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە لەشكىرى كۈچ مۇھىم رول ئوينىدى. بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭ ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋام قىلىش نىيىتىدە غەربىي يۇرتقا كەلدى. «خەننامە بەن يۇڭ تەرجىمھالى» دا «يەن گۇاڭ 2- يىلى (مىلادىيە 123- يىلى) يازدا بەن يۇڭ يەنە بىر قېتىم غەربىي يۇرتقا كەلدى. ئىككىنچى يىلى (124- يىل) 1- ئايدا بەن يۇڭ كىرورانغا يېتىپ كەلدى. بۇنداق بولغاندا، غەربتە ئاگنى (كىنگىت) كۇسەنگە بارىدىغان يولنى توسقىلى، جەنۇبتا پىشامشان، ئۇدۇنلارغا مەدەت بېرىپ شىمالدا مۇداپىئەلەنگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇيەر دۇنخۇاڭغىمۇ يېقىن ئىدى. بىراق كۇسەن خانى بەي يىڭ تېخىچە ئىككىلىنىپ يۈرەتتى. بەن يۇڭ خەن سۇلالىسىنىڭ مېھىر – شەپقىتى ۋە ئىشەنچىسى بىلەن ئۇنى تەسىرلەندۈردى. شۇنداق قىلىپ بەي يىڭ قۇم، ئۇنسۇ خانلىرىنى باشلاپ ئۆزلىرىنى ئۆزى باغلىغان پېتى كېلىپ ئەل بولدى. بەن يۇڭ ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئالتە ئولۇسى تىنچىدى»، دىيىلگەن .

بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز يىل ئىچىدە كۇسەن جۇڭگو مەنبەلەردە كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت بونىن(Bonin) لا شىنجاڭنىڭ باي ناھىيەسىدە يۇڭ شۇ 4-يىلى (مىلادىيە 158- يىلى) كۇسەننىڭ سول قول سانغۇنى ليۇ پىڭگۇ ئورناتقان تاش ئابىدىنى كۆرگەن، يەنە كېلىپ كېيىنكى خەننامىدىمۇ مەخسۇس كۇسەن تەزكىرىسى تۈرغۇزۇلمىغان. يۇقىرىقى ۋەقەلەر پەقەت باشقا تەرجىمھال تەزكىرىلەردىن ئېلىنغان .

ئۈچ پادىشاھلىق مەزگىلىدە ۋېي خانلىقى (220- 265- يىلغىچە) دۆرىدە كۇسەننىڭ نامى تارىخ-تەزكىرىلەردە قايتا كۆرۈلىشكە باشلىغان. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي ۋىندى خاتىرىسى» دە «خۇاڭ چۇ 3- يىلى (مىلادىيە 222- يىلى) 2- ئايدا پىشامشان، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەر ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. يارلىقتا:غەربىي رۇڭ، چىياڭلارنىڭ خانى ئوردىغا سالامغا كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەكتۇپ نامىلىرىدە مېنى ماختاپتۇ (ۋېي خانىنى دېمەكچى) غەربىي يۇرتتىكى يات قوۋملەر ماڭا ئىتائەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بەك رىيازەت چەكتى. بۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرتنىڭ يولى راۋانلاشتى. ئۇ يەرگە ۋۇيى تۇتۇق ھىراۋۇلى تەسىس قىلىندى دېيىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» دە «ۋېي تەسپىراتى، غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «قۇم (ئاقسۇ) ئۇنسۇ،ئۈچ (ouch-Turfan) ، سەپەرباي (safar bay) نىڭ ھەممىسى كۇسەنگە قارام ئەللەر ئىكەن» دېيىلگەن .

غەربىي جىن (مىلادىيە 265-316- يىلغىچە) جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن. «جىننامە ۋۇدى يىلنامىسى» غا ئاساسلانغاندا تەيكاڭ 6- يىلى (285- يىلى) 10- ئايدا كۇسەن ئاگنى -Agni (قارا شەھەر) خانلىرى ئۆز خانزادىلىرىنى تورغاقلىققا ئەۋەتتى» دېيىلگەن. يەنە «جىننامە. ياتلار تەزكىرىسى. كۇسەن ئېلى»گە ئاساسلانغاندا، خۇي (مىلادىيە 290- 306- يىللار) ۋە خۇەي (مىلادىيە 306- 312) دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن ئەلچى ئارقىلىق جاڭ جۇڭخۇاغا سوۋغا – سالام يوللاپ تۇرغان. «جىننامە. ئاگنى تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا،كۇسەن جاڭ لياڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئاگنىغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان. «ئاگنى خانى لۇڭ ئەن (龙安) نىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، تەختت ۋارىسى ئوغلى خۇي([龙]会) نى چاقىرىپ: ئېلگىرى مەن كۇسەن خانى ئاقارىي -بەي شەن (白山) تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەنتىم، بۇ ئۆچمەنلىك تاكى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئەگەر سەن مەن ئۈچۈن قىساس ئېلىپ بېرەلىگەن بولساڭ ئۇ ھالدا ھەققى ئوغلۇم بولغان بولاتتىڭ، - دەيدۇ. لۇڭ خۇي تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن دەرھال بەي شەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يوقىتىدۇ. ھەم ئۇنىڭ ئېلىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئوغلى (ئارجۇ) شى( 龙熙نى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ خان بولۇشقا ئەۋەتىدۇ. خۇي جۈرئەتلىك ۋە تەدبىرلىك بولغاچقا غەربىي ئۇزلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. ئەمما ئۇ بەكلا مەغرۇرلىشىپ كېتىپ ئىشلارغا يېنىكتەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىر كۈنى سىرتقا چىقىپ قونۇپ قالغان يېرىدە كۇسەنلىك لويۈن (罗云)تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېيىلىدۇ. «جىننامە. كۇسەن تەزكىرىسى» دە يەنە كۇسەننىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات ئۇچرايدۇ: «لوياڭغا 8280 چاقىرىم كېلىدۇ. سېپىل قەلئەلىك، سېپىلى ئۈچ قات، بۇتخانا، ساڭراملىرى مىڭدىن ئاشىدۇ. خەلقى يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەر – ئاياللار گەدىنىگىچە كەسمە چاچ قويىشىدۇ. خان ئوردىسى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ بۇتخانىدىن پەرقى يوق »- دېيىلگەن .

uyghurkitap.com



ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي جىن خانلىقى جەنۇبقا كۆچكەن. چاڭئەننى ئالدىنقى چىن خانلىقى (مىلادىيە 350 — 394- يىلغىچە) ئىگىلىگەن. چىن خانى پۇجيەن قول ئاستىدىكى سانغۇن لۈ گۇاڭ (吕光)، كېيىنچە لياڭ خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق مىلادىيە 397- 439- يىلغىچە هۆكۈم سۈرگەن)نى 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش قىلىپ كۇسەنگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. كۇسەن خانى بەيچۇن قېچىپ كېتىپ ئەل بولمىغان. لۈ گۇاڭنىڭ قوشۇنى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەن. «جىننامە. كۇسەن تەزكىرىسى»دە بۇ ۋەقە ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن:. «لۈ گۇاڭ قوشۇن تارتىپ كەلگەندە ئاگىنى خانى نى ليۇ (尼流) ئەتراپتىكى بەگلىكلەرنىڭ خانلىرىنى باشلاپ ئەل بولدى. بو (帛)چۇن ( بۇ يەردىكى 帛 خېتى كۇسەن تەزكىرىسىدە بەي (白) يېزىلغان بولۇپ بۇنى يەنە «(白纯) دەپ ئوقۇشقا بولىدۇ) لۈ گۇاڭغا ئەل بولۇشنى رەت قىلدى. لۈ گۇاڭ قوشۇننى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەر بەش چاقىرىم ئارىلىققا بىردىن بارگاھ تىكىپ چوڭقۇر خەندەك، ئېگىز تام ياسىدى. يەنە نۇرغۇنلىغان قايمۇقتۇرغۇچى قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ياغاچتىن يالغان ئادەم ياساپ ساۋۇت دۇبۇلغىلارنى كىيگۈزۈپ تام ئۈستىگە ئورنۇتۇپ قويدى. بەي چۇن شەھەر سىرتىدىكى كىشىلەرنى شەھەر ئىچىگە ھەيدەپ كىرىپ نائىب خانغا ياردەملىشىپ شەھەرنى قوغداشقا بۇيرىدى. لۈ گۇاڭنىڭ چۈشى ئۆزىنىڭ نۇسرەت قازىنىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. بۇ ئالتۇن پىلنىڭ سىپىلدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چۈش ئىدى. لۈ گۇاڭ بۇ ئىلاھنىڭ ئۇلاردىن يىراقلاشقانلىقىنى، غۇزلارنىڭ جەزمەن تۈگىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ شەھەرگە بولغان ھۇجۇمنى تىزلەتتى. كۇسەن خانى بەي چۇن دۆلەتنىڭ خەزىنىسىنى ئېلىپ بېرىپ ئاگىنى خانى كۇەي خو (猃胡) دىن ياردەم تەلەپ قىلدى.كۇەي خونىڭ ئىنىسى تارخان بەگ نالۇڭ (نەئلۇن 呐龙) 20 تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى باش بولۇپ ئۇنسۇ، سەپەرباي قاتارلىق خانلىقلارنىڭ خانلىرى ۋە لەشكەرلىرى بولۇپ 70 تۈمەندىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ ھەمدەمگە كەلدى. بىراق لۈ گۇاڭنىڭ پەقەت يەتتە تۈمەن پىيادە لەشكىرى، بەش مىڭ ئاتلىق لەشكىرى بار ئىدى. ئۇرۇش شەھەرنىڭ غەربىدە ئېلىپ بېرىلدى. ياردەمچى قوشۇن مەغلۇپ بولدى. بەي چۇن بايلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قېچىپ كەتتى. چوڭ — كىچىك ئوتتۇزدىن ئارتۇق بەگلىكنىڭ بەگلىرى ئەل بولدى. لۈ گۇاڭ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردە سەرۋازلارنى تارتۇقلىدى ھەمدە نەزمە پۈتۈپ غەلىبە قازانغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. لۈ گۇاڭ كۇسەندىكى خان ئوردىسىنىڭ ئاجايىپ كۆركەملىكىنى كۆرۈپ ھەربىي مەسلىھەتچى كىنجاپىتىن چىققان دۇەن يېگە كۇسەن ئوردىسى ھەققىدە نەزمە يازدۇرۇپ كۇسەنلىكلەرنى مەسخىرە قىلدى. غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ ھەممىسى لۈ گۇاڭنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ پۇل — مال مۇلۇكلىرىنى سوۋغا قىلدى ھەم ئۇنىڭغا بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لۈ گۇاڭ بو چۇن (帛纯) نىڭ ئىنىسى بو جېن(帛震) نى خان قىلىپ تەيىنلەپ ھەر قايسى خانلىقلارنى ئەمىن تاپقۇزدى. «ئۈچ ئاغلىق نوملار خاتىرىسى» دىكى «بۇ چاغ جىيەن يۈەن 19- يىلى ئىدى» دېگەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا بۇچاغ ئالدىنقى چىن خانلىقى جىيەن يۈەن 19- يىلىغا يەنى مىلادىيە 383- يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

كۇماراجىۋا (**KumaraJiva**) تەرجىمىھالىنى ئوقۇساق 4- ئەسىرلەردىكى كۇسەن راھىبلىرىنىڭ ئىلىم جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. كۇماراجىۋانىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا ھەر قايسى كىتابلاردا ئاز بولمىغان خاتىرىلەر بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى مىلادىيە 519- يىلى يېزىلغان «راھىپ كاللار تەرجىمىھالى» بىلەن مىلادىيە 520-يىلى يېزىلغان «ئۈچ ئاغلىق راھىب كاللار خاتىرىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى كىتابتىكى خاتىرىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كۇماراجىۋانىڭ تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغان يىللىرىغا كەلسەك پائۇل پىللىئوتنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا ئۇ مىلادىيە 344- يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىيە413- يىلى ۋاپات بولغان. يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردە كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە مۇنداق خاتىرە بار: كۇماراجىۋانىڭ ئەسلى يۇرتى ئەنەتكەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئەۋلادتىمۇ — ئەۋلاد باش ۋەزىرلىك مەنسۇپىدە ئولتۇرۇپ كەلگەن ، ئەل ئىچىدە نامى مەشھۇر ئىدى. ئاتىسى كۇمارا يانا ئەقىللىق، ئېسىل پەزىلەتلىك ھەم دىيانەتلىك كىشى بولغاچقا باش ۋەزىرلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ھەقلىق بولسىمۇ لېكىن بۇنىڭدىن باش تارتىپ راھىبلىق يولىغا كىرىپ شەرقتىكى كۆكئارتتىن ئاشىدۇ. كۇسەن خانى ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئۇرغۇپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ ئۇنى كۇسەن خانلىقىنىڭ دۆلەت ئۇستازى(**rajaguru**) بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. كۇسەن خانىنىڭ 20 ياشلارغا كىرگەن بىر سىڭلىسى بولۇپ ئىنتايىن بىلىملىك ۋە دانا قىز ئىدى. كۆپلىگەن دۆلەتلەردىن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ ھېچقايسىغا رازىلىق بەرمىگەن.

كۇمارا يانا (**kumara yana**) نى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ياتلىق بولغۇسى كەلدى. شۇنداق قىلىپ كۇسەن خانى كۇمارا يانانىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ كۇماراجىۋاغا قوساق كۆتەردى. كۇماراجىۋاغا قوساق كۆتۈرگەن چېغىدىمۇ ئۇ تېخىمۇ ئەقىل – پاراسەتلىك بولۇشقا باشلىدى. چاكرى (هازىرقى سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ) ساڭرامىدا ئىپىل پەزىلەتلىك راهىبلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ بۇتقا تاۋاپ قىلىدىغان كۈنى سەدىقە ۋە پەرهىز تائاملارنى بېرىپ بۇتقا تېۋىنىپ تۇردى.

كۇماراجىۋانىڭ ئانىسى ئەنەتكەك تىلىغا پىششىق ئىدى. (لى داۋيۈەن ئۆزىنىڭ «سۇ يوللىرىغا ئىزاهات» ناملىق كىتابىدا شى داۋئەننىڭ «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ «كۇسەننىڭ شىمالىغا 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا چاكرى ساڭرامى بار ئىدى» دەيدۇ. بۇ چاكرى ساڭرامى پىشاۋۇردىكى پادىشا قانىشكا (**kanixska**)تەرىپىدىن ياسالغان مەشهۇر چاكرى ساڭرامىنىڭ نامىنى سۇيئىستىمال قىلغان ئىدى). كۇماراجىۋا تۇغۇلغاندىن كېيىن كۇماراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا (**Jiva**) راهىبە بولماقچى بولسىمۇ بىراق يولدىشى قېتىلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە ۋاسۇدۋا(**vasudeva**) ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. (كۇماراجىۋانىڭ ئىسمىغا كەلسەك ئۇنىڭ ئىسمى ئاتىسى كۇمارا يانانىڭ ئىسمى بولغان كۇمارا (**kumara**) بىلەن ئانىسى جىۋا (**Jiva**) ئىسىملىرىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق قويۇلغان) كېيىن ئۇ راهىبە بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا يولدىشى ماقۇل بولىدۇ. كۇماراجىۋا يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى راهىبلىق يولىغا قەدەم قويىدۇ. ئۇستازلىرىغا ئەگىشىپ نوم – سۇترا ئۆگىنىدۇ. هەر كۈنى مىڭ گاتها (**gatha**- مىسرا دېگەن مەنىدە) يادقا ئوقۇيدۇ. بىر گاتهادا 32 خەت بار دېيىلسە 32 مىڭ خەت بولىدۇ.بۇنىڭدىن باشقا ئابهىدهارما- ( **Abhidharma** ) بۇددا نوملىرىنىڭ مۇهاكىمە قىسمىنى كۆرسىتىدۇ – ئۇيغۇر تەرجىماندىن) مۇ يادىلايتتى. كۇماراجىۋا توققۇز يېشىدا ئانىسى بىلەن سىندۇ (**sindhu**) دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەشمىرگە كېلىدۇ. بۇ يەردە پىركالان باندۇداتتا (**Bandhudatta**) نى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاگاما(**agama**) **madhyama**، ئۇزۇن ئاگاما (**DirghaAgama**) قاتارلىق هىنايانا سۇترالىرىنى ئۆگىنىدۇ. باندۇداتتا هەمىشە كۇماراجىۋانىڭ قالتىسلىقىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ. بۇ خەۋەر خانغا يەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ يات دىنچىلار بىلەن مۇنازىرىلەشتۈرىدۇ. نەتىجىدە كۇماراجىۋا ئۇلاردىن غالىپ كېلىدۇ. كۇماراجىۋا 12ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسى ئۇنى ئېلىپ كۇسەنگە قايتىدۇ. ئانىسى كۇماراجىۋانى ئېلىپ ئۇلۇغ ياۋچىلار (تۇخرىلار)نىڭ شىمالىي تېغىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر ئارخات بولۇپ كۇمارجىۋانى كۆرۈپ هەيران قالىدۇ هەم ئانىسىغا ئوغلىڭىز 35 ياشقا كىرگىچە پەرهىزنى بۇزمىسا بۇددا تەلىماتىدا كامالەتكە يېتىپ نۇرغۇن ئادەمنى بېسىپ چۈشىدۇ. كاتتازات ئۇپتاگۇپتا (**uptagupta**) دەك ئۇلۇغ ئادەم بولىدۇ دەيدۇ. ئۇ قەشقەرگە كېلىدۇ، ئۇ بېشىغا بۇتنىڭ پاترا ( **patra**) بىكشۇلارنىڭ تاماق تىلەشتە ئىشلىتىدىغان قاچىسىنى كۆرسىتىدۇ – ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) سىنى قويىۋالغان ئىدى. قەشقەردە بىر يىل تۇرۇپ شۇ قىشتا ئابدىهارما (**Abhidharma**) ئۆگىنىدۇ. قەشقەردىكى ئۈچ ئاغلىق راهىب كالانلار (بۇددا دىنىنىڭ نوم‹**sutra**›، مۇهاكىمە ‹**sastra**› ۋە قانۇن – ئەقىدىلىرى ‹**vinaya**› غا پىششىق پىر كالانلارنى كۆرسىتىدۇ – ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. قەشقەر خانى ئۇنىڭغا ئالاهىدە ئېتىبار بېرىدۇ. كوماراجىۋا نوم سۆزلەپ بولۇپ بىكار قالغان چاغلىرىدا يات دىنىدىكىلەرنىڭ دەستۇرلىرىنى ئىزلەيدۇ. تۆت ۋېدا (-**Vida**) سانسكرىتچە سۆز بولۇپ «بىلىم» دېگەن مەنىدە، بۇ يەردىكى تۆت ۋېدا قەدىمكى هىندىستاننىڭ دىنى ئەدەبىياتىدىكى تۆت چوڭ ئەسەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ ئۇلار «رىگى ۋېدا» ‹ئىلاهلارغا ئوقۇلغان مەدهىيە›، «مساموۋېدا» ‹قاپىيەلىك ناخشا – بېيت›، «يېرۇۋېدا» ‹ئوقۇلىدىغان دۇئالار›، «ئاداۋا ۋېدا» ‹ئەمچىلىك ۋە دۇئالاردا ئوقۇلىدىغان ئەپسۇنلار›نى كۆرسىتىدۇ – ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن ) بەش ئاناسىر، مۇزەككەر – مۇئەننەس، مۇنەججىملىككە ئائىت كىتاب دەستۇرلارنى قويماي ئوقۇيدۇ. خاننىڭ هاۋالىسى بىلەن راهىب بولغان يەكەن (ساكارائۇل) خانزادىلىرىدىن ئاكا ئۇكا ئىككەيلەن بار بولۇپ ئاكىسىنىڭ ئىسمى سۇريابهادرا (**surya bhadra**) ئۇكىسىنىڭ ئىسمى سۇرياسۇما (**surya suma**) ئىدى. سۇرياسۇما ماهايانا (**Mahayana**)ئۇستازى ئىدى. كۇماراجىۋا ئۇنىڭدىن ماهايانا تەلىماتىنى ئۆگىنىدۇ. سۇرياسۇما كېيىنچە كۇماراجىۋاغا «ئاناۋاتاپتا سۇترا ( **Anavatapta sutra**)دىن دەرس بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۇماراجىۋا ۋايپۇليا (**Vaypulya**)تەلىماتىنىمۇ ئۆگىنىدۇ. تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن «ئوتتۇرا يۈز تەلىمات(«**Madhyamakasastara**») » ، «ئون ئىككى تۈزۈن تەلىماتى» («**satasastra**») قاتارلىقلارنى ئۆگىنىدۇ. كۇماراجىۋا ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۈچتۇرپانغا كېلىدۇ، ئۇيەردە بىر يات دىن ئۆلىماسى بار

www.uyghurkitap.com



بولۇپ ئۇ كۇماجىۋا بىلەن مۇنازىرلىشىپ قالىدۇ. نەتىجىدە كۇماراجىۋا ئۇنى يېڭىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شۆھرىتى پامىرنىڭ شەرقىي، غەربىگە تارقىلىدۇ. كۇسەن خانى ئۆزى بىۋاستە ئۇچتۇرپانغا كېلىپ ئۇنى ئانىسى بىلەن ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئەينى چاغدا كۇسەن خانىنىڭ ئاجارىيامودا ئىسىملىك بىر قىزى بار بولۇپ راھىبە بولىدۇ. ئۇ نوم ئاڭلاشقا ناھايىتى ھېرىسمەن بولغاچقا پۈتۈن راھىبلارنى يىغىپ كۇمارجىۋانى «ۋايپۇلياسۇترا(vaypulya - sutra)» دىن تەلىم بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. كۇماراجىۋا 20ياشقا كىرگەندە ئوردىدا پەرھىز تۇتىدۇ. ئۇستازى ۋىمالاكشا(vimalaksa) دىن «ئون مىسرالىق راھىبلار ۋىناياسى - Pratimokchasutra» «ھىنايانا مەزھىبىدىكى ھەممىدە مەۋجۇتلۇق سۇلۇكى‹sarvastivada vinaya› نىڭ پەرھىزنامىسى بولۇپ بۇنىڭغا بىكشۇلارنىڭ 227خىل پەرھىزى، بىكشۇنى — Bhikshni›راھىبە› لارنىڭ 348 خىل پەرھىز كىرگۈزۈلگەن —— ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) نى ئۆگىنىدۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن كۇماراجىۋانىڭ ئانىسى يۇرتى بىلەن خوشلىشىپ ئەنەتكەككە قايتىدۇ. كېيىن كۇماراجىۋا يېڭى ساڭرام(新寺) دىن «پەنجا ۋىمساتىكا پىراجنا پارامىترا سۇترا(pancavimsatika prajnaparamitra)» نى قولغا چۈشۈردى. شىرمەت سانغۇن دي مىللىتىدىن كېلىپ چىققان لۇ گۇاڭ كۇسەننى ئىشغال قىلىپ كۇماراجىۋانىڭ ياش ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ئادەتتىكى ئادەم ئورنىدا كۆرۈپ كۇسەن خانىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ. كۇماراجىۋا لۇ گۇاڭغا ئەگىشىپ لياڭجۇغا كېلىدۇ. خوڭ شى -3 (弘始) يىلى (مىلادىيە 410- يىلى) كېيىنكى جىن خانلىقىنىڭ خانى ياۋشىڭ كۇماراجىۋانى پايتەختكە تەكلىپ قىلىدۇ. شۇ يىلى 12- ئايدا كۇماراجىۋا چاڭئەنگە يېتىپ بارىدۇ. ئوتتۇز يىلدا 98 بۆلۈم 421 جىلد (بەزى مەنبەلەردە 425 جىلد) بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ.

«كەييۈەن يىللىرىدا تۈزۈلگەن نوملار كاتولوگى«开无译敬录» »، بۇ ئەسەرنى تاڭ سۇلالىسىدىكى مەشھۇر راھىب جى شىڭ (智星)كەييۈەن يىللىرى ‹مىلادىيە 713 — 742- يىلغىچە› يېزىپ چىققان ، مۇكەممەل بولغان نوملار كاتالوگىدۇر ———— ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) غا ئاساسلانغاندا تيەنباۋ 9- (天宝) يىلى (مىلادىيە 750- يىلى) غىچە كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان نوم، شاستىرلاردىن 52 بۆلۈم 302 جىلد ساقلىنىپ قالغان .

502- يىلى يېزىلغان «ئۈچ ئاغلىق راھىب كالانلار خاتىرىسى» دە كۇماراجىۋا دەۋرىدىكى كۇسەن بۇددىزمى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ خاتىرىدە كۇسەن خەنزۇچە جۈيى (拘夷) دەپ خاتىرلەنگەن. 860- يىلى يېزىلغان «يۈۋ ياڭ خاتىرلىرى«西阳杂» » «组 دىكى تەزكىرلەردىمۇ جۈيى (拘夷) دېگەن دۆلەت نامى ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەردە «كۇسەن بەگلىكىنىڭ شىمالىي تېغىدا مەلھەمدەك بىر خىل دورا چىقىدىكەن، ئۇنى ئىچسە چۈشۈپ كەتكەن چاچلار قايتىدىن چىقىدىكەن» دېيىلگەن. بۇ ۋەقەلەر ۋېينامىدە خاتىرىلەنگەن كۇسەن ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ئازراق ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جۈي (拘夷) دەل كۇسەن ئىدى. بۇ يەردىكى شىمالىي تاش شەك سۆھبىسىزكى «يېڭى تاڭنامە. كۇسەن تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان ئاق تاغنىڭ ئۆزى ئىدى. جۈيى( 拘 夷) دۆلەت نامىغا قاراپ مىلادىيە 404- يىلى راھىب فاشيەن بېسىپ ئۆتكەن ئۆرلى乌 (垒 دۆلىتىنى ئەسلەپ قالدىم. «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى»گە نەزەر سالىدىغان بولساق فاشيەن قاتارلىقلار پىشامشاندىن «يەنە غەربىي شىمالغا يۈرۈپ 15 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئۆرلېي دۆلىتىگە كەلدۇق، يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ يۈردۇق. يول ئۈستىدە ئاھالىلەر يوق بولۇپ مېڭىش ناھايىتى تەس. يولدا بىر ئاي بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئۇدۇنغا يېتىپ كەلدۇق» دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ سەپەر لىنىيىسىنى تەكشۈرىدىغان بولساق ئۆرلېي ئېلى چوقۇم كۇسەن بولۇپ چىقىدۇ. (خۇيلىن: «بارلىق نوملار شەرھى»نىڭ 100- جىلدىدا ئۆرلېي دېگەن سۆزنى يەن لى دەپ ئۆزگەرتكەن. شۇڭلاشقا بۇگۈنكى كۈندە ئۆرلېي ئاگنى (يەنجى) دەپ قارىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئاگنىدىن بىۋاستە غەربكە قاراپ مېڭىپ بۈگۈنكى خوتەنگە يەنى قەدىمكى ئۇدۇنغا بارغىلى بولمايدۇ). فاشيەن ئۆرلېي خانلىقىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا «راھىبلىرى تۆت مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ ھەممىسى ھىنايانا مەزھىبىگە ئىخلاس قىلىدۇ. بۇددا نوم، دىھارمالىرى ناھايىتى تولۇق، چىنلىق راھىبلار بۇ خانلىقنىڭ پايتەختىگە كەلسە خانلىقتىكى بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ قاتارىغا سوقۇنۇپ كىرەلمەيدۇ. بۇ يەردە ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇردۇق. بۇ يەردە يەنىلا باۋيۈن قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بولدۇق، چۈنكى ئۆرلېي خانلىقىدىكىلەر ئەدەپسىز بولۇپ مېھمانلارغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىكەن» دەيدۇ. ئۆرلېينى كۇسەن دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. لۇگۇاڭ كۇسەننى ئىشغال قىلىپ 17 يىلدىن كېيىنمۇ بۇ ئەلدىكىلەرنىڭ چىنلىق راھىبلارنى ئەدەپ بىلەن قارشى ئالمىغانلىقىغا

ئەجەبلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ .

تەخمىنەن 20 يىللادىن كېيىن كەشمىرلىك راھىب كالان دھارمامىترا ا(dharmamitra)جۇڭگوغا بېرىش يولىدا كۇسەندىن ئۆتكەن. ئۇ يەردە فاشىيەن قاتارلىقلاردەك كۇتىۋېلىنماستىن ئىززەت ئىكرام بىلەن كۇتىۋېلىنغان. «راھىب كالانلار تەرجىمھالى» دا: «ئەتراپىتىكى ھەرقايسى ئەللەر كۇسەنگە بېقىندىكەن، كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى خان چۇش كۆرۈپتۇ. چۇشىدە بۇت كۇسەن خانىغا: ئەخلاق — پەزىلەتلىك،دانا بىر ئادەم ئەتە دۆلىتىڭگە كېلىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ياخشى سەدىقە بەرگىن، - دەپتۇ. خان ئەتىسى تاشقى دىۋان بېگىگە ئەتە دۆلىتىمىزگە يات ئادەم قەدەم باسسا دەرھال ماڭا خەۋەر قىلغىن دەپ جېكىلەپتۇ. دەرۋەقە دھارمامىترا كۇسەنگە كېلىدۇ. خان شەخسەن ئۆزى شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ. ھەم ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەرھىز تۇتۇپ ئالىي ئېكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. دھارمامىترا بىرقانچە يىل تۇرغاندىن كېيىن يەنىلا بۇ يەردىن كەتمەكچى بولىدۇ. خان ۋەزىرلەر شۇنداق تۇتسىمۇ ئۇنى ئېلىپ قالالمايدۇ. كېيىنچە چۆل جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ دۇنخۇاڭغا كېلىدۇ. يۇەن جيا 1- يىلى (مىلادىيە 424- يىلى) پايتەختكە يېتىپ بارىدۇ.بۇگۇنكى كۇچار تارىخى ماتېرىياللاردا 龟兹 دەپ خاتىرلەنسىمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نوملاردا丘兹 ، 归兹دېگەن شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. سانسكرىتچە خەنزۇچە سۆزلۈكلىرى ئىچىدە «سانسكرىت تىلىدىكى مۇرەككەپ ناملار» دېگەن بىر كىتاب بولۇپ، بۇنى مىلادىيە 805- يىلى ياپونىيەلىك بىر راھىب ياپونىيەگە ئېلىپ كەتكەن بولۇپ تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ كىتاب كۇسەنلىك نوم تەرجىمە قىلغۇچى راھىب كالانلارنىڭ سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان 归兹 دەلkucina دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى ئىدى. بۇلاردىن ئەينى چاغدا كۇسەنلىكلەرنىڭ نوم دەستۇرلارنى تارقىتىشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىب كالانلار تەرجىمھالى» نىڭ 3- جىلدىدا راھىب كالان يەن زۇڭ( 彦综 ) نىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۇرۇپ: «ھىندىستاننىڭ بۇددا نوملىرى كۇسەنگە تارقالغاندا كۇسەنلىكلەر ھىندى تىلىنى چۈشەنمەي ھىندىستاننى ئەنەتكەك دەپ ئاتاپ شۇنداق تەرجىمە قىلغان. بۇنى چۈشىنىدىغانلار سانسكرىت تىلى دەپ بىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش غوز تىلى بىلەن سانسكرىت تىلى ئارىلىشىپ كېلىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ» دېيىلگەن. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۇسەن دىن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەرقايسى تىللارنىڭ پاسىلى ئىدى. كۇسەننىڭ غەربىدىكىلەر سانسكرىتچە ئوقىسا، كۇسەننىڭ شەرقىدىكىلەر خەنزۇتىلى ئۆگىنەتتى. كۆپ ھاللاردا كۇسەن بۇلار ئارىسىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىغان. بۇلار ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئاتالغۇلار كۇسەن تىلى ئارقىلىق شەرققە تارقالغان بۇ ھەقتە ئاخىرىدا مەخسۇس توختىلىمەن .

5-ئەسىردە شىمالىي ۋېي خانلىقى (386 — 534- يىللىرى) جۇڭگوغا بېسىپ كىرىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەنمۇ قويۇق ئالاقىدە بولدى. «ۋېينامە. تەيۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»دە «تەيپەن 3. يىلى (مىلادىيە 437- يىلى) كۇسەن بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا سوۋغا تەقدىم» قىلدى. يەنە «تەيپەن 5-يىلى (مىلادىيە 439- يىلى) 4- ئايدا كۇسەن بەگلىكى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى- دېيىلگەن. بۇ خىل بېقىنىش كۆرۈنۈشتىكى بېقىنىش بولۇپ، ھەربىي كۇچى ئارقىلىق بېقىندۇرۇشتەك ئۇنچە ھەقىقىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا تەيۋۇدى خاتىرىسىدە يەنە:«تەيپىڭ جىنجۈن 9- يىلى (مىلادىيە 448-يىلى 12- ئايدا چېڭجۇ بېگى ۋەن دۇگۇي كېڭگىتنى غەربتىكى كۇسەننى جازالاش ئۇچۇن يۈرۈشكە ئاتلاندى» دېيىلگەن. «ۋېينامە. كۇسەن تەزكىرىسى»دە بۇ قېتىمقى يۈرۈش توغرىسىدا: «ئۇنىڭ شەھەر مۇداپىئە قوشۇنى شەھەرنىڭ شەرقىگە ئورۇنلاشقان ئىكەن. قاراقچى ئوغۇرلار بىرلا ئەمەسكەن. شىمالىي ۋېي خانى تەيۋۇدى ۋەن دۇگۇينى مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرىغان، كۇسەن خانى ئۇجمۇت قاتارلىقلارنى 3000 لەشكەرنى باشلاپ تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ۋەن دۇگۇي بىر ھۇجۇم قوزغىسا ھەممىسى قېچىپ كەتكەن. ۋەن دۇگۇينىڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئىككى يۈز نەچچىسىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ تۆگە، ئات قاتارلىقلاردىن خېلى كۆپ ئولجا ئېلىپ قايتقان» دېيىلگەن. ئىككىنچى يىلى (449- يىلى) 11-ئايدا كۇسەن بەگلىكى ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا تارتۇق يوللىغان. بۇنىڭدىن باشقا «ۋېينامە. خانلار خاتىرىسى» دە شياۋ ۋۇدىنىڭ يەن شىڭ 5- يىلى (مىلادىيە 475-يىلى) 4- ئايدا، تەيخې تۇنجى يىلى (مىلادىيە 477- يىلى) 10- ئايدا، تەيخې 2- يىلى (478- يىلى) 7- ئايدا (ۋېي خانلىقىغا توروق ئات، تۆگە، ئۇنچە — مەرۋايىت قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغان)، تەيخې 3- يىلى (479- يىلى) 9- ئايدا، شوەن ۋۇدى يوڭپىڭ 3- يىلى(مادىيە 501- يىلى)

10ـ ئايدا، شاۋمىڭدى شىنگۇ1ـيىلى (518ـيىلى) 7ـ ئايدا، جېڭ يوەن 1ـ يىلى (مىلادىيە 522ـ يىلى) 7 — ئايدا كۇسەننىڭ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا — سالام تاپشۇرغانلىقدەك ۋەقەلەر خاتىرلەنگەن.

»ۋېينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. كۇسەن تەزكىرىسى» دە بۇ خانلىق توغرىسىدا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ. «بۇ ئەل خاننىڭ فامىلىسى بەي بولۇپ بېشىغا رەختلىك لىنتا باغلاپ كەينىگە ساڭگىلىتىپ قويۇپ ئالتۇن شىر كارۋاتتا ئولتۇرىدىكەن، ئۇلار ئولتۇرىدىغان شەھەر تۆت چاسا بولۇپ ھەربىر تەرىپى 5 ـ6 چاقىرىم كېلىدۇ، بۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن. ئوغۇرلۇق قىلغانلارنىڭ بىر پۇتى ھەم قولى كېسىلىدىكەن، بۇلار باج — سېلىقنى يەر ئىجارىسىگە قاراپ يىغىپ بولمىغانلاردىن كۈمۈش ئالىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئۆرۈپ — ئادىتى، نىكاھ ئۆلۈم — دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئاگىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. پەقەت ھاۋاسى سەل ئىسسىقراق ئىكەن. بۇ يەردىن يەنە ئىنچىكە يۇڭلۇق كىگىز چىقىدىكەن،مىس تۆمۈر، قوغۇشۇن، بۇغا تېرىسى، زىلچا گىلەم، نوشۇدۇر، سېرىق مەرگىمۇش، قوغۇشۇن دانچىسى، ئىپار، ئات — قوتاز قاتارلىقلار چىقىدۇ، شەرقىدە بۇگۇر بار بولۇپ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېرىشى سانغۇن لى گۇاڭلى قىرغىنچىلىق قىلغان يەر مۇشۇ ئىدى. بۇنىڭ جەنۇبىغا 300 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە شەرققە قاراپ ئاقىدىغان چوڭ دەريا (تارىم دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ — ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) بارئىكەن بۇ جىشۇ دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن يەنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بېشى ئىكەن. ئۇنىڭ شەرقىدىن ئاگنى بەگلىكىگە 900 چاقىرىم، جەنۇبىدىن ئۇدۇن بەگلىكىگە 1400 چاقىرىم، شىمالدىن تۈرك قاغاننىڭ ئوردىسىغا 600 چاقىرىم، شەرقىي جەنۇبىدىن گۇاجۇ ئايمىقىغا 3 مىڭ 100 چاقىرىم كېلىدىكەن. بۇ يەردىكىلەر ئادەتتە پاھىشۋازلىققا ئامراق ئىكەن. ئايال كىشىنى بازارغا سېلىپ ئەركىشىدىن پۇل يىغىپ ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسىگە كىرگۈزىدىكەن. بۇ يەردە تۇز كۆپ بولۇپ تاغ جىرالىرىدا ئۈچۈپ يۈرۈيدىكەن. يەرلىك خەلقلەر تۇتۇپ يەيدىكەن. تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ سۈتىنى كۆپەيتىشتە تۇز گۆشى ئوبدان بولىدىكەن. بۇ خانلىقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغلىقلاردىن مەلھەمدەك بىر خىل نەرسە يىغىلىپ ئوتتەك بولۇپ بىرنەچچە چاقىرىم ئېقىپ يەر ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن. ئۇ ئوماچتەك بولسىمۇ ئاجايىپ سېسىق پۇرايدىكەن. بىراق ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن چاچ، چىش چۈشۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قايتا ئۆسىدىكەن. كېسەللەر ئىچسە ھەممىسى ساقىيىدىكەن .«شى فامىلىكىنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسىدىمۇ «كۇسەننىڭ شىمالىغا 200 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىر تاغ بار، كېچىسى ئوت، كۈندۈزى ئىس — تۈتەك يېنىپ تۇرىدۇ. كۆمۈر قېزىلىپ تۆمۈر تاۋلىنىدۇ» دېيىلگەن.

6ـئەسىرنىڭ باشلىرىدا لياڭ خانلىقى (مىلادىيە 502 — يىلىدىن 556ـ يىلىغىچە) گەرچە جىن لىڭدا قۇرۇلغان ھاكىمىيەت بولسىمۇ كۇسەن بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. «لياڭنامە»گە ئاساسلانغاندا، تيەن جيەن 10ـ يىلى (مىلادىيە 511ـ يىلى) كۇسەن خانلىقى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان. پۇتوڭ 2ـ يىلى (مىلادىيە 521ـ يىلى)دىكى كۇسەن خانى نىرۇمۇجۇ بىھادرا (Nirumujubhadra)ئىدى .

شىمالىي جۇ (557 — 581 ـ يىللار) سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋۇدى خان ئىدى. باۋدىڭ 1ـ يىلى (مىلادىيە 561ـ يىلى) 4ـ ئايدا كۇسەن بەگلىكى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان. تيەنخې 3ـ يىلى (مىلادىيە 568ـ يىلى) كۇسەنلىك مۇزىكانت سوجىۋا (sujiva)ۋۇدى خانغا ياتلىق قىلىنغان تۈرك مەلىكىسى ئاشنا بىلەن بىرگە جۇڭگوغا كەلگەن. «سۈينامە» (مىلادىيە 581 — 618ـ يىلىغىچە)دە كۇسەننىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا سالام يوللىغىنى پەقەت بىرلا قېتىم يەنى سۈي ياڭدى دايې 11ـ يىلى (615ـ يىلى)لا خاتىرلەنگەن. «سۈينامە. كۇسەن تەزكىرىسى» دىكى مەزمۇنلارمۇ ئالدىنقى دەۋرلەر تارىخىدىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى، پەقەت «خاننىڭ فامىلىسى بەي، ئىسمى سۇنچ ئىدى» دېگەن مەزمۇنلا قېتىلغان .

سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى دھارماگۇپتا (Dharmagupta) كۇسەندىن ئۆتكەندە (مىلادىيە 584ـ يىلى) بۇ دۆلەت ماھايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. «پازىل راھىبلار تەرجىمىھالى»دا: «دھارماگۇپتا كۇسەن ئېلىگە كېلىپ خانلىق ئىبادەتخانىغا چۈشكەن بۇ يەردە ئىككى يىل تۇرۇپ راھىبلارغا نوم دەستۇرلارنى شەرھلەپ بەرگەن. كۇسەن خانى ماھايانا ئەقىدىلىرىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەچكە تېخىمۇ كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇنى بۇ يەردە ئېلىپ قالماقچى بولۇپ ھەمىشە زىياپەت راستلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغان، لېكىن

دھارماگۇپتا (**Dharmagupta**) نىڭ نىيىتى شەرقىي ئېقىمدا بولغاچقا بۇ يەردە تۇرماي بىر راھىب بىلەن بىرگە ئاگنى(**kharashar**) غا قاراپ ئاتلانغان» دېيىلگەن. ئوتتۇرا ئىقلىم بىلەن كۇسەن تاشقى ئالاقە ۋە دىنى مۇناسىۋەتتىن باشقا مۇزىكا مۇناسىۋىتىمۇ بولۇپ كەلگەن.

كوئۇرانت (**Courant**) نىڭ «جۇڭگونىڭ كلاسسىك مۇزىكا تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى بايانى **u Essai historique surla** » **musique classique chinais**) ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇساق بۇ ھەقتىكى تەرەققىياتلارنى كۆرۈۋالالايمىز. قەدىمكى ئوتتۇرا ئىقلىمدا خېلى بۇرۇنلا كۇسەن مۇزىكىسى مەۋجۇت ئىدى. لۇ گۇاڭ كۇسەننى مەغلۇپ قىلغاندا (مىلادىيە 383 - يىلى) ئۇلارنىڭ مۇزىكىسىغا ئېرىشكەن. لۇ گۇاڭ يوقالغاندىن كېيىن بۇ مۇزىكا تارقىلىپ كەتكەن، كېيىنچە ۋېي سۇلالىسى ئوتتۇرا ئىقلىمنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن بۇ مۇزىكىغا قايتىدىن ئېرىشكەن. بۇ مۇزىكىدا كېيىنچە كۆپ ئۆزگىرىش بولغان، بىراھمانلاردىن بولغان ساۋ فامىلىلىكلەر بۇ مۇزىكىنى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا ئورۇنداپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىمالىي چى دەۋرىدىكى ساۋ مياۋدا ئەڭ مەشھۇر ئىدى. جۇۋۇدى تۈرك خانىنىڭ قىزىنى خانىشلىققا ئالغاندا كانگىيە ۋە كۇسەن مۇزىكىسى قاتارلىق مۇزىكىلارغا ئىگە بولغان. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە «غەربىي ئەل كۇسەن نەغمىسى» «چى سۇلالىسى كۇسەن نەغمىسى» «يەرلىك كۇسەن نەغمىسى»دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم مۇزىكا بار ئىدى. كەي خۇاڭ يىللىرى (مىلادىيە 581 — 605 - يىللىرى)دا بۇ ئەل نەغمىلىر شەھەر بازارلاردا راسا روناق تاپقان. ساۋمياۋدا قاتارلىقلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن مۇزىكىلىرى ۋە ماھارىتى بىلەن شىمالىي چى خانلىقىدىكى ئەمەلدار بەگلەر ئارىسىدا شۆھرەت تاپقان. سۈي گاۋزۇ ساۋمىيادانىڭ بۇ كەمچىللىكلىرىنى بايقىغان بولسىمۇ بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالمىغان. سۈي ياڭدى دەۋرىدە (مىلادىيە 605 — 618- يىللىغىچە)مۇزىكا بىگى بەي مىڭداغا يېڭى مۇزىكا ئىشلەش ھەققىدە پەرمان چۈشكەن بولۇپ بەي مىڭداغا: شىمالىي چى خانلىقى بىر قەدەر كىچىك بىراق ساۋمياۋدا ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ يۈرىدۇ. مەن ھازىر پۈتۈن ئەلنى ئىدارە قىلدىم. سىز ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشسىز شۇڭا بىز مۇزىكىنى ياخشى ئىشلەيلى دەپتۇ. بەي مىڭدا ئىجات قىلغان مۇزىكىلار «سۈينامە. نەغمە- ناۋا تەزكىرىسى»دە كۆرۈلىدۇ. ئەينى چاغدىكى بەش شىر ئۇسۇلى ياكى «تىنىچلىق مۇزىكىسىنى كۇسەنلىك مۇزىكانتلار چاڭئەنگە ئېلىپ كىرگەن. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە يەتتە قىسىملىق نەغمە تۈزۈش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرۈلگەن ئىدى. بىرىنچى قىسمى دۆلەت نەغمىسى، ئىككىنچى قىسمى چىڭشياڭ- ئەل نەغمىسى، ئۈچىنچى قىسىم كورىيە (گاۋلى) نەغمىسى، تۆتىنچى قىسىم ئەنەتكەك نەغمىسى، بەشىنچى قىسىم بۇخارا نەغمىسى، ئالتىنچى قىسىم كۇسەن (كۇچا) نەغمىسى، يەتتە قىسىم كانگىيە نەغمىسى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەشقەر (سۇلې) كامبۇدژا، سۇغدىيانە، پىكچى، تۈرك، سىللا، ياپون قاتارلىق ئەللەرنىڭ نەغمىلىرى كىرگۈزۈلگەن ئىدى. دايې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سۈي ياڭدى ئەل نەغمە، غەربىي لياڭ، كۇسەن، ئەنەتكەك، كانگىيە، قەشقەر، بۇخارا، كورىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئەل نەغمىسى قېتىپ توققۇز قىسىملىق مۇزىكا ئىشلەشنى بۇيرىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە تاكى سۇڭ سۇلالىسىغىچە (مىلادىيە 977- يىللىغىچە) ئوردا زىياپەتلىرىدە يەنىلا كۇسەن نەغمىسى بار ئىدى.

جىڭ جياۋنىڭ «تەزكىرىلىك قامۇسى»غا ئاساسلانغاندا، كۇسەن نەغمىسىدە 20 مۇزىكا بولغان: «ئۇزۇن ئۆمۈر»، «زانگۇلە»، «7-ئايدىكى ئۈچرىشىش»، «پەرىزاتنىڭ مېھمان بولىشى»، «شىشغال ئېتىپ ئۆمۈر ئۆزارتىش»، «ئۇسسۇللۇق زىياپەت»، «قەلبىداشلار كۆڭلىگە»، «ئەجدىھار كېمە ھەيدەش»، «خوراز سوقۇشتۇرۇش» «ئوت — چۆپ ئويۇنى»، «12 مەۋسۇم»، «مانى يەشمىسى»، «پۇگار ئويۇنى»، «غولمان دىۋارجا ئۇسۇلى»، «دانىشمەن نەغمىسى» «سۇلې توز ئۇسۇلى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«كونا تاڭنامە. نەغمە ناۋا تەزكىرىسى» دە كۇسەنلىك ئەلنەغمىچىلەرنىڭ كىيىم — كېچكى ۋە چالغۇلىرى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بار: «كۇسەن مۇزىكانتلىرى بېشىغا قارا تاۋار چىگىپ ئۈچىسىغا كىمخاپ يەڭلىك تاۋار نىمچا، قىزىل ئىشتان كىيىدۇ، ئۇسۇلچىلار تۆت كىشى بولۇپ ئاق رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان، قارا ئۆتۈك كىيىدۇ. چالغۇلىرىدىن تىك چەڭ، بەربەت، بەش تارلىق بەربەت، ھىم نەي (شېڭ)، نەي، ئۇزۇن نەي، تىزما نەي، بالمان، ماۋيۇەن دۇمبىقى، دۇتان دۇمبىقى، دالا دىپى، بەل دۇمبىقى، كىش دۇمبىقى، جىلو دىپى، جاللا(**Jalla**) ، شانكا (**shanka**) قاتارلىقلار بار. ماۋيۇەن دۇمبىقى ھازىر يوقالغان .

«سۈينامە .نەغمە ناۋا تەزكىرىسى» دە مۇزىكانتلارنى چاقىرىپ دىۋان مەھكىمىسىگە يىغىپ مۇزىكا تۈزۈش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئەركان بەگ چىڭ يى موزىكا مەھكىمىسىدىكى مۇزىكا رىسالىسىنى تەكشۈرۈپ چىقسام ئۇلاردا گۇڭ، شاك جياۋ، جىڭ، يۇ

ئۆزگەرگەن گۇڭ ۋە ئۆزگەرگەن جىڭ قاتارلىق يەتتە ئاۋاز بارلىقى مەلۇم بولدى. يەتتە ئاۋاز ئىچىدە ئۈچ ئاۋاز بار بولۇپ نۇرغۇن پىر ئۇستازلاردىن سۈرۈشتۈرسەم ھېچكىم ئۇقمايدىكەن، دەيدۇ. جۇۋۋدى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە (مىلادىيە 560- يىلىدىن 578- يىلىغىچە) سۇجىۋا (مەتبۇئاتلاردا سۇجۇپ دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ توغرىسى سۇجىۋا ـــــ ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) ئىسىملىك كۇسەنلىك بىر كىشى جۇ پادىشاسى ۋۇدىنىڭ خانىشى تۈرك مەلىكىسى بىلەن بىللە جۇ دۆلىتىگە كەلدى، بەربەت چېلىشقا ماھىر ئىدى. قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغاندا، ئۇ چالغان مۇزىكىنىڭ بىر كۈيىدە يەتتە خىل ئاھاڭ بارلىقى بىلىنەتتى. جىڭ يى سۇجىۋادىن سورىۋىدى، ئۇ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئاتام غەربىي يۇرتتىكى ۋاقىتدا كۈي ئۇستازى ئىدى. ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا ئۆگىتىش – مەشىق قىلدۇرۇش جەريانىدا يەتتە خىل كۈي بايقالدى. بۇ يەتتە خىل كۈي ئارقىلىق يەتتە خىل ئاھاڭنى سېلىشتۇرسا پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. بىرىنچى خىل كۈينىڭ نامى سادۇل (شاتتال) بولۇپ خەنزۇچە «گۇڭ» غا توغرا كېلىدۇ. تەكشى ئاۋازنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى خىل كۈينىڭ نامى «جىشى» بولۇپ خەنزۇچە «ئەن لۇ» غا توغرا كېلىدۇ. ئۇزۇن ئاۋازنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈچىنچى كۈينىڭ نامى «شاشى» (ساجا) بولۇپ خەنزۇچە جژجى(质直) غا توغرا كېلىدۇ. ئۇدۇل ئاۋازنى ئىپادىلەيدۇ. تۆتىنچى كۈينىڭ نامى شاقۇل بولۇپ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ياندۇرما ئاھاڭ دېيىلىدۇ. يەنى ئۆزگەرگەن جېڭغا توغرا كېلىدۇ. بەشىنچى كۈينىڭ نامى سەلقە (شالا) بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ماسلاشقۇچى ئاھاڭ دېيىلىدۇ. يەنى جېڭغا توغرا كېلىدۇ. ئالتىنچى كۈينىڭ نامى پەنجاما (پۇنجەن) بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەكلىتكە بەشىنچى ئاھاڭ دېيىلىدۇ. يەنى يۇ دېگەنلىكتۇر. يەتتىنچى كۈينىڭ نامى ۋىرسا (ئىلجەيەن) بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۆۋەن موڭلۇق ئاھالە دېيىلىدۇ. يەنى ئۆزگەرگەن گۇڭ ئاۋاز دېگەنلىكتۇر. جېڭيي شۇنىڭ بىلەن مۇزىكا چېلىشنى ئۆگىنىپ توغرا يەتتە ئاھاڭنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى» دېيىلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۈيلەرنىڭ نامىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق ئۈچىنچى كۈينىڭ **Satja** ، ئالتىنچى كۈينىڭ **Panjama** ، يەتتىنچى كۈينىڭ**Vrsa** ، تۆتىنچى كۈينىڭ **Sahagrama** ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاسانلا بىلىۋالالايمىز. يۇقىرىقىلار سانسكرت تىلىدىكى كۈيلەرنىڭ مەخسۇس نامى بولۇپ ھىندىستاندىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ گاۋزۇخان دەۋرىدە (618 ~ 627- يىلى) كۇسەن خانى سوۋارناپۇسپا ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى سوۋارناتى ( **Suvarnati**) خان بولۇپ ئىشلەم باغا ئېلتە بىر دەپ ئاتالدى. جېنگوەننىڭ 4- يىلى (مىلادىيە 630- يىلى) تاڭ سۇلالىسغا ئات تەقدىم قىلدى. تەيزۇڭخان ئۇنىڭغا مۆھۈرلۈك خەت ئىنئام قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر يىلى سوۋغا – سالام يوللاپ تۇردى («يېڭى تاڭنامە» 222_ جىلدقا قاراڭ) . شۇ يىلى باھاردا شۈۋەنزاڭ كۇسەنگە كەلگەن. ئەمدىلىكتە ئۇ يازغان «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نى ئوقۇساق ھەم يېقىنقى يىللاردىكى بايقاشلارغا نەزەر سالساق بۇ مەشھۇر راھىب بايانىنىڭ كېلىپ چىن ھەقىقەت ئىكەنىكىنى تولۇق ئىسپاتلىنىدۇ. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 1- جىلدىدا: «كۇسەن بەگلىكى(屈支) نىڭ زېمىنى شەرقتىن غەربكە مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا 600 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 17 چاقىرىم، زىرائەتلەردىن بۇغداي، شال تېرىلىدۇ. مېۋىلەردىن ئۈزۈم، ئانار، نەشپۈت، ئالۇچا قاتارلىقلار بار. ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك چىقىدۇ. ھاۋاسى ئىللىق، ئۆرۈپ – ئادىتى ئاددىي، يېزىقى ھىندىستاندىن قوبۇل قىلىنىپ ئازراق ئۆزگەرتىپ ئۆزلەشتۈرگەن. پۇۋلىمە، تارلىق چالغۇلارنى چېلىشتا باشقا ئەللەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئېلىم – سېتىمدا ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس پۇل ئىشلىتىلىدۇ. خان كۇسەن ئۇرۇقىدىن بولۇپ، پاراسەتسىز بولغاچقا، ۋەزىرلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا تۇرىدىكەن. ئۇلاردا يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ پېشانىسىنى ياغاچ بىلەن قىسىپ ياپىلاق قىلىش ئادىتى بار ئىكەن» دېيىلگەن.

«بۇتخانا، ساڭرامىلار يۈزدىن، راھىبلىرى بەش مىڭدىن ئاشىدىكەن، ھەممىسى ھىنايانا (**Hinayana** ) مەزھىبىنىڭ سارۋاستى ۋىدا ۋىنايا (**Sarvasti Vadin Vinaya** ) پىرقىسىگە ئىخلاس قىلىدىكەن. نوم، شاستېر ۋە ۋىنايا (**Vinaya**) لار ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىكەن. ئۇلار بىر نەرسىنى ئوقۇلىشى بويىچە خاتىرىلەيدىكەن. راھىبلىرى ئۈچتە پاك تائاملارنى يەۋىرىدىكەن. ئۇلار شۇنچە ئەدەپلىك، سالماق، پاك ھەم تىرىشچان كېلىدىكەن.

«كۇسەن ئېلىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى بىر ئىبادەتخانا ئالدىدا چوڭ ئەجدىھار كۆل بولۇپ

كۆلدە نۇرغۇن ئەجدىھالار ياشايدىكەن. ئۇ ئەجدىھالار شەكىل ئۆزگەرتىپ بايتال بىلەن بىرگە بولغاندىن كېيىن دۇلدۇل تۇغۇپتۇ. دۇلدۇل چوڭ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى تەستە مىنگىلى بولىدىكەن. دۇلدۇل تۇغقاندىن كېيىن ئۆگۈتۈپ كىشىلەر مىنگەنمىش. شۇڭلاشقا بۇ يەردىن ئېسىل ئاتلار چىقىدىكەن. ئىلگىرىكى تەزكىرىلەردە ئېيتىلىشىچە، يېقىنقى زاماندا ھۆكۈمەت ئەمىر — پەرمانلارنى يولغا قويۇلۇش ئەھۋاللارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان سۇۋارناپۇسپا ئاتلىق بىر خان ئۆتكەن بولۇپ ئۇنىڭ مىنىدىغىنى ھەيۋەتلىك ئەجدىھار ئىكەن. خان غايىب بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئاتنىڭ قولىقىغا بىرنى ئۇرغانمىش شۇ سەۋەبتىن غايىپ بولۇپ ھازىرغا قەدەر پەيدا بولمىغانمىش. ئەينى چاغدا شەھەردىكى قۇدۇقلار قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ شەھەردىكى قىز — ئاياللار چوڭ (ئەجدىھار) كۆلدىن سۇ ئەكىلىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. كۆل ئاستىدا يۇشۇرۇنۇپ ياتقان ئەجدىھارلار گۈلدەك چىرايلىق قىزلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ دەرھال كىلىشكەن يىگىتكە ئايلىنىپ كۆلدىن چىقىپ ئاياللار بىلەن بىرگە بولۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاياللار ھامىلدار بولۇپ ئىنتايىن باتۇر يول يۇرسە تولپاردەك ماڭىدىغان ئوغۇللارنى تۇغۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بۇ شەھەردىكىلەر ئەجدىھارنىڭ پۇشتى بولۇپ كېتىپتۇ. ئەجدىھار ئەۋلاتلىرىنىڭ كۈچى بارغانچە زورىيىپ كۇسەن خانىغا بويسۇنماپتۇ. ھەممىشە كۇسەن خانىنى تەڭلىكتە قويۇپتۇ. كۇسەن خانى تۈركلەرنىڭ كۈچى بىلەن ئەجدىھار ئۇرۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر قىرىلىپ تۈگەپ شەھەر خارابلىشىپ كەتكەنمىش.«شۆەنزاڭ خاتىرلىگەن رىۋايەت ئوتتۇرا ئەقلىمغا تارقالغاندىن كېيىن تاڭ دەۋرىدىكى ئەدىپ دۇەن چىڭشى يازغان «يۇيياڭ خاتىرىلىرى» غا كىرگۈزۈلگەن. بىراق بۇ رىۋايەتلىكە ئازراق مەزمۇنلار قېتىلغان. بۇ رىۋايەتتە: «بۇرۇنقى زاماندا كۇسەندە ئاجۇر ئىسىملىك بىر خان بولۇپ ئىلاھى كارامەتكە ئىگە ئىكەن. بىر كۈنى بىر باي سودىگەر كۇسەنگە كېلىپ نۇرغۇنلىغان ئالتۇن كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلارنى سېتىۋاپتۇ. بىراق قاراڭغۇ چۈشكەندە ھەممىسى كۆلگە ئايلىنىپ قاپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە دۆلەت ئىچىدىكى يۈز نەچچە ئاھالىنىڭ ئالتۇنلىرى يوقاپ كېتىپتۇ. بىر كىشى خان ئاجۇرغا بۇ غەلىتە ئىشنى مەلۇم قىلىپتۇ. ئاجۇر شۇئان راھىبلىق يولىغا كىرىپ ئارخاتلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئوغلىدىن بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئارخاتلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن خانزادە: «ئەجدىھار ساڭا ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇش نىيىتىدە بولىۋاتىدۇ. ھازىر بۇ ئەجدىھار كۇسەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بېشى يولۋاسقا ئوخشايدۇ - دەپتۇ. خان ئاجۇر ئۆز خەلقىنى ئەجدىھارنىڭ زىيانكەشلىرىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپتۇ ھەم شۇئان كېيىم يەڭگۈشلەپ شەمشىرىنى ئېلىپ ئوغۇرلۇقچە ئاستانىدىن چىقىپ ئەجدىھار تۇرىدىغان جايغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. لېكىن ئەجدىھارنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى شۇئان چېپىۋەتمەكچى بولۇپتۇ. تۇساتتىنلا، مۇبادا مەن ئەجدىھار ئۇخلاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسەم ئۆزۈمنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتەلمەي قالىمەن دېگەن ئويغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاجۇر قاتتىق بىر ۋارقىراپتىكەن ئەجدىھار چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەجدىھار كۆزىنى ئېچىپ قاتتىق ئاچچىقلاپ شىرغا ئايلىنىپ خان بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپتۇ. خان ئۆز كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ ئەجدىھارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋاپتۇ. خانى يېڭىلتىش ئۈچۈن ئەجدىھار جېنىنىڭ بارىچە ھۆڭرەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. كۇسەن خانى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي كۈلۈپ تۇرۇپ ئەجدىھارغا: ئەگەر ئەل بولمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن- دەپتۇ. ئەجدىھار خاننىڭ كارامىتىنىڭ قۇدرەتلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپتۇ ھەم دەرھال ئادەم سىياقىغا كىلىپ تۆۋەنچىلىك بىلەن كۇسەن خانىغا: سەن مېنى ئۆلتۈرمىسەڭلار مەن سېنىڭ مىنىدىغان دۇلدۇلۇڭ بولاي، قاچان مىنسەڭ مىنىۋەرگىن، - دەپتۇ. خان ئەجدىھارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھار ئەل قىلىنىپ خاننىڭ مىنىدىغان ئۇلۇقىغا ئايلىنىپتۇ» دېيىلگەن .«يوۋياڭ خاتىرلىرى» دە تىلغا ئېلىنغان كۇسەن خانى ئاجۇر (**Atchon**) دىگەن ئىسىمنىڭ مەنىسىنى تازا ئاڭقىرالمىدىم، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغاندەكمۇ ئەمەس ياكى تۈرك تىلىدىكى «باغا» «ئىلتەبىر» گە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان مەنسەپ نامىمۇ بۇنىسى نامەلۇم. 5- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن كۇسەن ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوشنىسى تۈركلەرگە ئىتائەت قىلغان.سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى سەل ئاجىزلىغان بولسىمۇ سۈي ياڭدى، تاڭ گاۋزۇ زامانىسىدا ئوتتۇرا ئەقلىم ئۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان. ئەينى چاغدا غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئۆز ئوردىسىنى كۇسەننىڭ شىمالىدىكى سەنمىي (تەڭرى) تېغىغا قۇرغان بولۇپ قاشتېشى قۇۋۋىتىنىڭ غەربىدىكى ھەر قايسى ئەللەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان.

«غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، يەنى «خارابىي شەھەرنىڭ شىمالىغا قىرق نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىر دەريادىن ئۆتكەندىن

www.uyghurkitap.com



كېيىن تاغ باغرىغا يېقىن جايدا دەريانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە بىردىن بۇددا ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن، ئۇلار ئوخشاشلا چۇكۇرى (Goguri) ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇتلىرى ناھايىتى كۆركەم بولۇپ ئىنسان تەرىپىدىن ياسالغاندەك ئەمەس گوياكى ئىلاھ تەرىپىدىن ياسالغاندەك ئىكەن. راھىبلىرى شۇنداق ئەدەپلىك، سالماق پاك ھەم تىرىشچان كېلىدىكەن. شەرق تەرەپتىكى چۇگۇرى ئىبادەتخانىسىدا بىر دانە قاشتېشى بار بولۇپ كەڭلىكى ئىككى گەزدىن ئاشىدىكەن، رەڭگى قايماق رەڭلىك بولۇپ بەئەينى ھىققىقا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە بۇتنىڭ پۇت ئىزى بار بولۇپ ئۇزۇنلۇقى بىر چى سەككىز سۇڭ، كەڭلىكى ئالتە سۇڭدىن ئارتۇق كېلىدىكەن. پەرھىز تۇتقان كۈنلىرى شامدەك يورۇپ كېتىدىكەن» دېيىلگەن. «شەھەرنىڭ غەربىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۇددا ھەيكەللىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 90 گەزدىن ئاشىدىكەن. بۇ ھەيكەللەر ئالدىغا بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىلىدىغان يىغىلىش سورۇنى ھازىرلىنىپتۇ. ھەر يىلى كۈز پەسلىنىڭ ئالدىنقى تۆت كۈنى ئىچىدە پۈتۈن خانلىق دائىرىسىدىكى ھەممە راھىبلار شۇ يەرگە توپلىنىدىكەن. خان تۆرىلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممىسى ئادەتتىكى ئىش ھەرىكەتلەرنى توختۇتۇپ پاكلىنىپ رەتلىك كىيىنىپ پەرھىز تۇتۇپ ھېرىپ چارچاشنى ئۇنتۇپ، يېمەك – ئىچمەكنى تاشلاپ بۇددا نومى ۋە دىنىي قائىدە يوسۇنلار توغرىسىدىكى ۋەز – نەسىھەتلەرنى دىققەت قىلىپ ئاڭلايدىكەن.ھەر قايسى ساڭرام ئىبادەتخانىلاردىكى بۇتلار ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىت، تاۋار – دۇردۇن ۋە ئەتلەسلەر بىلەن بېزىلىپ ھارۋۇ ـ ھارۋۇلارغا سېلىنىپ كوچىلاردا ئايلاندۇرىلىدىكەن. بۇ بۇت سەيلىسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇنىڭغا قاتناشتۇرۇلغان ھارۋۇلار مىڭ نەچچىگە يېتىپ ھەممىسى شۇ پائالىيەت مەيدانىغا توپلىنىدىكەن. ئادەتتە ئاينىڭ 15ـ كۈنىدىن ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە خان ۋەزىرلەر دۆلەت ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلغاندا راھىب كالانلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ ئاندىن قارار چىقىرىدىكەن.مەيداننىڭ غەربىي شىمالىدىكى دەريادىن ئۆتۈپ ئاشارى (axari) ئىبادەتخانىسىغا بارغىلى بولىدىكەن. بۇ ئىبادەتخانا ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ بۇت ھەيكەللىرى ئالاھىدە بىزەلگەنىكەن. راھىبلىرى ئەدەپلىك، سالماق ھەم تىرىشچان ئىكەن. راھىب كالانلار ئىلىم ـ ھېكمەتتە يېتىلگەن بولۇپ نامى يىراق – يېقىنغا مەشھۇر بولغاچقا ھەممە ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تۇرىدىكەن. خان، ۋەزىر، ئەمەلدار ۋە پۇقرالار ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كېيىم – كېچەك، ياتاق ۋە دورا دەرمەكلەر بىلەن تەمىنلەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ بارىدىكەن.ياشانغان مۇيسىپىتلەردىن ئاڭلىشىمچە بۇ خانلىقنىڭ خانى بۇرۇن ئۈچ ئەڭگۈشتەر( triratna) —— بۇ يەردىكى ئۈچ ئەگۈشتەر بۇددا دىنىدىكى بۇت(Buddha) ، دىھارما) (dharma) ياكى سۇترا) ۋە ساڭغا) (Sangha) راھىبە) نى كۆرسىتىدۇ —— ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) گە بەك ھۆرمەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئەتراپنى ئايلىنىپ بۇددانىڭ مۇقەددەس جايلىرىنى تاۋاپ قىلىپ كەلمەكچى بولۇپتۇ ۋە بىر ئاندىن بولغان ئىنىسىنى ئۆز ئورنىغا خان قىلىپ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئىنىسى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن غەيۋەت ـ شىكايەت چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ جىنسى ئەزاسىنى كېسىپ تاشلاپتۇ ۋە بۇنى ئالتۇن قۇتىغا سېلىپ پىچەتلەپ خانغا بېرىپتۇ. خان «بۇ قانداق ئىش» دەپ سوراپتۇ. خان ئىنىسى «بۇنى ئۆزلىرى قايتىپ كەلگەندە ئاچقايلا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خان بۇ ئالتۇن قۇتىنى خوجدارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇنى قوشۇنى بىلەن قوغداپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ. خان سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە دەرۋەقە بەزى كىشىلەر: «خان ئالىيلىرى ئۇنى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان ئىدىلە بىراق ئۇ ئوردىدىكى ئاغچا ـ خېنىملار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ كۈننى كەچ قىلدى» دەپ شىكايەت قىلىپتۇ. خان بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەپتۇ ۋە ئۇنى قاتتىق جازالىماقچى بولۇپتۇ. خان ئىنىسى: «مەن گۇناھىمدىن تانمايمەن، بىراق سىلە ھېلىقى ئالتۇن قۇتىنى ئېچىپ باقسىلا» دەپتۇ. ئىنىسى ئۇنىڭغا: «ئۇلۇغ خان ئالىيلىرى زىيارەتكە چىقماقچى بولغاندا، ماڭا دۆلەتنى قوغداش ھوقۇقىنى تۇتقۇزغان ئىدىلە مەن بۇزۇقلارنىڭ ئىش تېپىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزۈمنىڭ زەكىرىنى كېسىپ پاكلىقىمنى بىلدۈرگەن ئىدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەققەتەنمۇ باشقىلارنىڭ تۆھمىتىگە دۇچار بولدۇم. خان ئالىيلىرى بۇنى تەكشۈرۈپ ئىنىقلىغايلا!» دەپتۇ. خان بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قاپتۇ ۋە ئىككىسىنىڭ مېھرى – مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ خان ئىنىسى ئارقا ئوردىغا بىمالال كىرىپ چىقىدىغان بولۇپتۇ. خان ئىنىسى خانغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقاندا بەش بۇقىنى پىچىۋېتىش(ئاختا قىلىش)كە ئېلىپ ماڭغان ئادەمنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. خان ئىنىسى بۇنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپتۇ ۋە بېشىدىن ئۆتكەن كىلىشمەسلىك ئۇنى تېخىمۇ ئازابلاپتۇ. «ھازىر مېنىڭ تېنىم كاردىن چىقتى. ئەجىبا بۇ مېنىڭ ئالدىنقى ئۆمۈرۈمدىكى

گۇناھىمنىڭ كاساپىتىدىنمىدۇ دەپ ئويلاپ بۇ كاللارنى سېتىۋاپتۇ. مېھرى ـ شەپقەتنىڭ قۇدرىتىدىنمۇ قانداق ئۇنىڭ جىنسى ئەزاسى بارا ـ بارا ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپتۇ. جىنسى ئەزاسىنىڭ سەۋەبىدىن ئوردىغا كىرەلمەپتۇ. خان ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، خان ئىنىسى بولغان ئىشنى خانغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خان بۇ ئىشنى ناھايىتى ئالاھىدە دەپ قاراپ ئىبادەتخانا ياسىتىپ ئۇنىڭ (ئىنىسىنىڭ) ئىش ـ ئىزلىرىنىڭ ئەۋلاتلارغا تارقىلىشى ئۈچۈن ئۇنى تارتۇقلاپتۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغا ھېكايە «ئابىھدھارما ماھاۋىبسا شاستىرا (**Abdharma Maha Vibhasa Sastra**)»دا خاتىرىلەنگەن ھېكايە بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ شاستىرا (**Sastra**) قانىشقاخان بەش يۈز ئارخاتنى چاقىرىپ ئۆتكۈزگەن يىغىلىشتىن يالداما قالغان بولۇپ، بۇنى شۈەنزاڭ مىلادىيە 656 ~ 659- يىللىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، يۇقىرىقى ھېكايە بىلەن بۇشاستىردىكى ۋەقەنىڭ ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. «نوملار گۈلزارلىقىدىكى ئۈنچە مارجانلار (法苑珠林)»نىڭ 50- جىلد (ياپونچە بېسىلغان «تىرى پىتاكا») غا ئاساسلانغاندا تۆۋەندىكىچە خاتىرىلەر بار: «يېڭى ۋىبھاسا شاستىرا (**Vibhasa sastra**)»دا: قەندىھار دۆلىتىدىكى پادىشاھ قانىشقا (**kanixka**)نىڭ بىر ھەرەم خادىمى بار بولۇپ ئوردىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن. بىر كۈنى شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىر پادىچىنىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق كالىنى شەھەرگە ھەيدەپ كېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھەرەم خادىمى پادىچىدىن بۇ كاللارنى نېمە قىلغىلى ئېلىپ ماڭدىڭ دەپ سوراپتۇ. پادىچى بۇ كاللارنى پىچىشقا ھەيدەپ ماڭدىم دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرەم خادىمى مەن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان ناشايان ئىشلارنى قىلغاچقا ئەرلىكمنى يوقۇتۇپ قويدۇم. ئەمدى مال – دۇنيا سەرپ قىلىپ بۇ كاللارنى ئازاپتىن قۇتقۇزاي دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كاللارنى ئۆز باھاسى بىلەن سېتىۋېلىپ ئۇلارنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپتۇ. ھەرەم خادىمى ساۋاپلىق ئىش قىلغاچقا ئەرلىكى ئەسلىگە كېلىپ كۆڭلى شاتلىنىپتۇ. شەھەرگە قايتىپ كىرىپ ئوردا ئىشكىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ خان بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ خاندىن ئىجازەت سوراپتۇ. خان ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ھەرەم خادىمى مەلۇمات يوللاپ يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى خانغا مەلۇم قىلىپتۇ. خان بۇ ئىشتىن خۇۋەر تېپىپ ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ ئۇنى تارتۇقلاپ ئەمىلىنى ئۆستۈرۈپ دۆلەتنىڭ خارجى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، - دېيىلگەن.

راھىب شۈەنزاڭ كۇسەن توغرىسىدا يەنە « ئالدىغا مېڭىپ بىر دەريادىن ئۆتسەك كۇسەن دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كېلىمىز. خانلىق ئاستانىسىغا يېقىن قالغاندا خان، ۋەزىرلەر ۋە راھىب كالان مۇكشاگۇپتا (**Moksagupta**) قاتارلىقلار قارشى ئالغىلى چىقتى. سىرتتىن كەلگەن راھىبلار نەچچە مىڭ بولۇپ ھەممىسى شەھەرنىڭ شەرق قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا تۇغ – ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ بۇت سەيرىسى قىلىپ ناخشا ئېيتىپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشتى. راھىب كالان يىتىپ كەلگەندە ۋەزىر – ۋۇزرالار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى. بىر راھىب گۈل تولدۇرۇلغان تەخسىنى كۆتۈرۈپ راھىب كالاننى تەكلىپ قىلدى. راھىب كالان بۇنى قوبۇل قىلىپ بۇتنىڭ ئالدىغا گۈل بەرگىلىرىنى چېچىپ تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇكشاگۇپتا (**Moksagupta**) نىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىزىغا گۈل چېچىلدى، گۈل چېچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈزۈم شەربىتى چېچىلدى.بۇنداق ئىشلار بۇتخانىدىمۇ بولدى. بۇنىڭدەك كاتتا مۇراسىملار خېلى داۋام قىلىدىكەن، راھىبلار تارقالغىچىلىك پەرھىز تائاملار تارتىلىدىكەن .

كۇسەندە قوچودىن كېلىپ بۇ يەردە راھىب بولغان ئون نەچچە كىشى بار بولۇپ باشقا بىر ئىبادەتخانىدا تۇرىدىكەن. ئىبادەتخانا شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ راھىب كالان (شۈەنزاڭنى كۆرسىتىدۇ) يىراقتىن كەلگەندە ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ ئىبادەتخانىدا تۇرۇپ قاپتۇ. خان قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى خان راھىب كالاننى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ سەدىقە تائام بېرىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ پاك تائام بار ئىكەن. بىراق شۇنداق بولسىمۇ راھىب كالان يېمەپتۇ. كۇسەن خانى بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قاپتۇ. راھىب كالان بۇنىڭ دىنى مەزھەپ نۇقتىسىدىن بولغانلىقىنى شەرھىلەيدۇ. چۈنكى شۈەنزاڭ «ماھايانا (**Mahayana**)» مەزھىپىدە بولغاچقا ئۇنى يېسە بولمايتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭغا باشقا تائام تارتىلغان.

پەرھىز تائاملار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن راھىب كالان شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاچارىيا ئىبادەتخانىسىغا بارىدۇ. بۇ ئىبادەتخانا كۇسەندىكى مەشھۇر راھىب مۇكشاگوپتا تۇرىدىغان جاي ئىدى. مۇكشاگۇپتا ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، ھىندىستاندا يىگىرمە

www.uyghurkitap.com



يىلدىن ئارتۇق ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە زىيارەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان، بىلىدىغان نوم – شاسترلىرى كۆپ بولغاچقا ئەل ئىچىدە زور شۆھرەت قازانغان بولغاچقا خان ۋە پۇقرالار ھۆرمەتلەپ پىر كاالان دېيىشىدىكەن. راھىب كاالاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ شاگىرتلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالام – سائەت قىلىشقاندىن كېيىن راھىب كاالاندىن سۇترالار ھەققىدە بىر نېمە سورىماپتۇ. مۇكشاگوپتا راھىب كاالانغا بۇ يەردە «ساميۇكتا – ھىردايا» (Samayakta – hrclaya) «ئابھىدىھارما كوشاشاسترا (Abhidharma kosa sasaca)» ، «ۋىبھاسا (Vibhasa)» قاتارلىق نوم دەستۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىشىمىزگە يېتىدۇ. غەربكە بېرىپ جاپا چېكىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى دەيدۇ. راھىب كاالان «بۇ يەردە يوگاشاسترا (Yagacaryabhumi Sastra) بارمۇ دەيدۇ. مۇكشاگۇپتا: قانداقلارچە بۇ بىدئەت كىتابنى سوراپ قالدىڭىز؟ بۇددانىڭ ھەقىقىي شاگىرتلىرى بۇنى ئۆگەنمەيدۇ.- دەيدۇ.

راھىب كاالان دەسلەپتە مۇكشاگۇپتانى بەكلا چوڭ كۆرگەن بىراق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى سۇسلاپ كەتكەن. ئۇ: «ۋىبھاسا شاستىر ئوتتۇرا ئىقلىمدىمۇ بار، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارزۇيىمىزنى قاندۇرالمايدۇ. شۇ سەۋەبلەردىن «ماھايانا مەزھىپى» نىڭ يوگاشاسترلىرىنى ئۆگىنىش ئىستىكىدە بۇ سەپەرگە ئاتلاندىم. «يوگوشاستىر» نى مايترى بوتساتىۋا سۆزلىگەن. ھازىر بىدئەت كىتاپ دەۋاتىسىز. بۇنداق دېيىلسە بۇنىڭغا قارا چاپلانغان بولامدۇ قانداق»، - دەپتۇ. مۇكشاگۇپتا: «سىز ۋىبھاسا شاستىرنى چۈشەنمەيدىغان تۇرۇپ قانداقلارچە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئەمەس دەيسىز؟» – دەپتۇ. راھىب كاالان: «ئۇستاز، ھازىر بۇنى بىلەملا؟» – دەپتۇ. مۇكشاگۇپتا: «بىلىمەن» - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. راھىب كاالان شۇئان «ئابھىدھارما كوشا شاستىر»نىڭ باشتىكى مەزمۇنلىرىنى سورىسا، ئۇ تاق – تۇقلا جاۋاب بېرىپتۇ. جاۋاب بىرەلمىگەچكە چىرايلىرى ئۆڭۈپ باشقا يەرلەرنى سوراڭ دەپتۇ. بىر مەسىلىنى سورىسا ئۇنىمۇ بىلمەي شاستىردا بۇنداق گەپ يوق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ چاغدا خان تاغىسى جىنانا سوما Jnana soma) —— بۇ ئىسىم قىزىل مىڭئۆيدە بايقالغان بۇتخانا ھىسابات دەپتىرىدىمۇ كۆرۈلدى) راھىبلىق يولغا كىرگەن بولۇپ نوم – شاسترلارنى تەپسىر قىلىدىكەن. ئۇ يان تەرەپتە ئولتۇرغان بولۇپ شاستىرادا بۇ سۆزلەرنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ ۋە شۇ شاستىرنى چىقىرىپ ئوقۇيدۇ. مۇكشاگۇپتا خىجىل بولغان قىياپەتتە: «قېرىغاندا قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قايسى بۆلۈمنى سورىغانلىقىڭىزنى ئاڭقىرالماي قاپتىمەن» – دەيدۇ .

ئەينى چاغدا مۇز تاغ (Col Betel) نى قار قاپلاپ كېتىپ يول ئېچىلمىغاچقا راھىب كاالان يولغا چىقالماپتۇ ۋە بۇ يەردە ئاتمىش كۈندەك تۇرۇپ قاپتۇ. يىراق تامانغا نەزەر تاشلاپ قاچانمۇ يولغا چىقارمەن دەپ تىت – تىت بولۇپتۇ. كىشىلەر كۆرۈشكىلى كىرسە جايىدا ئولتۇرماي ئۆزىنى چەتكە ئالىدىكەن ياكى ئۆرە تۇرۇۋالىدىكەن. بۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر بۇ چىنلىق راھىب ھۆرمەتلىگەننى بىلمەيدىكەن. ئەگەر ھىندىستانغا بارىدىغان بولسا ياشلىقى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكۇدەك دەپ ئۇنىڭغا ئېچىنىپتۇ.

يولغا چىقىدىغان كۈنى خان راھىب كاالانغا ئات، تۆگە ۋە ئۇنى يۆتىلەيدىغان ئادەم قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلىپ راھىب ۋە پۇقرالار بىلەن ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ. غەربكە قاراپ ماڭغاندىن كېيىن ئىككى مىڭ ئاتلىقتىن كۆپرەك تۈرك ئوغۇرلىرىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئوغرىلار ئوغرىلىغان مال – مۈلۈكنى بۆلۈشەلمەي ئۇرۇشۇپ ئۆزىچىلا تارقىلىپ كېتىپتۇ.

كۇسەندە ئەينى چاغدا ھىنايانا (Hinayana) يەنىلا ئەۋجە ئالغان. ھىندىستانغا بېرىپ كېلىدىغان راھىبلارنىڭ ئاياق ئىزى ئۈزۈلمىگەن. بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان نوملارمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭا ئون تۆت يىلدىن كېيىن شۈەنزاڭ سىندۇ دەرياسىدىن ئۆتىۋاتقاندا بىر قىسىم نوملارنى يۈتتۈرۈپ قويغان. ئۇدۇن ( خوتەن) غا كېلىپلا كۇسەن ۋە قەشقەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ نوملارنىڭ تەقلىدى نۇسخىلىرىنى ئەكەلدۈرگەن، كۇسەن بىلەن ئۇدۇننىڭ ئالاقىسى ھەرگىزمۇ مۇشۇ چاغدا باشلانغان ئەمەس. «غەربىي يۇرتتىكى ئۇدۇن ئېلى»ناملىق ئەسەرنى ئوقىغانلار سىرلانغان بۇت ھەيكىلىنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭدا «خان شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايىدىكى دىرگھابھاۋانا (Dirghabhavana) ساڭرامىدا سىرلانغان ئۆرە تۇرغان بۇددا ھەيكىلى بار، ئۇ كۇسەن ئېلىدىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن» دېيىلگەن. ئەسلىدە ئۇدۇن ئېلىنىڭ ۋەزىرى كۇسەنگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەندە كۇسەندە تۇرۇپ بۇ بۇتقا پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن تاۋاپ قىلغان. كېيىنچە بۇ ۋەزىر كۇسەندىن ئۆز ئېلىگە قايتقاندىمۇ يىراقتىكى بۇتقا بولغان سېغىنىشنى پەقەتلا بېسىقماپتۇ. يېرىم كېچىدە كۇسەندىكى ھېلىقى بۇت توساتتىنلا ئۇنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە ئىبادەتخانا ياسىلىپتۇ .

«يېڭى تاڭنامە.كۇسەن تەزكىرىسى» دە ئەينى ۋاقىتتىكى كۇسەننىڭ ئەھۋالى خىلى تەپسىلى خاتىرىلەنگەن:

كۇسەن يەنە چيۇزى(丘兹) ، جۇزى (屈兹) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەرقتە پايتەخت چاڭئەنگە 7 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ئاندىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ پىيادە يۈز چاقىرىم مېڭىپ كىچىك تاغ ۋە ئىككى چوڭ دەريادىن ئۆتۈپ يەنە پىيادە مىڭ چاقىرىم ماڭسا كۇسەنگە يېتىپ كېلىدۇ. توغرىسىغا مىڭ چاقىرىم، ئۇزۇنىسىغا 600 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ يەردىن كەندىر، بۇغداي، گۈرۈچ، ئۈزۈم، ئالتۇن قاتارلىق مەھسۇلاتلار چىقىدۇ. ناخشا — مۇزىكىغا ماھىر، يېزىق ئارقىلىق خاتىرە قالدۇرىدۇ. بۇتقا چوقۇنىدۇ. بالا تۇغۇلغاندا، ياغاچ شال بىلەن پېشانىسى بېسىلىدۇ. گەدىنىگە كەلگىچە قىسقا چاچ قويىشىدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ پادىشاھىسىلا ئۇنداق ئەمەس. خان بەي (بو) ئۇرۇقىدىن، ئىرۇلۇ (伊逻卢) شەھىرىدە تۇرىدۇ. شىمالدا ئاق تاغ بولۇپ ھەممىشە ئوت يېنىپ تۇرىدۇ. خان بېشىغا كىمخاپ بۆك، ئۇچىسىغا كىمخاپ كەمزۇل كىيىپ بېلىگە شاھانە ياقۇت قوندۇرۇلغان كەمەر باغلايدۇ. نۇرۇزدا قوشقا سوقۇشتۇرۇش، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلۈپ پائالىيەت 7 كۈن داۋام قىلىدۇ. ئۇتقان — ئۇتتۇرغانلار ئېنىق ئايرىلىپ ئىنئام بېرىلىدۇ. پامىرنىڭ شەرقىدىكىلەر ئەيشى — ئىشرەتنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ. كۇسەن ئۇدۇنلاردا ئاياللارنى بازارغا سېلىپ باشقىلارنىڭ پۇلىنى تاپىدۇ .

گاۋزۇخان ئىتىكاپتا ئولتۇردى، (مىلادىيە 618- يىلى) كۇسەن خانى سوۋارناپوسپا (Suvarna pasapa) ئورنىدىغا ئەلچى ئەۋەتتى. سۇۋارنا پۇسپا ئۆلدى. سوۋارنا دېۋا (Suvarnadeva – Suvarnate) خان بولدى ھەم «ئىشكەم باغا ئىلتەبىر» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتالدى. جېنگۇەننىڭ 4- يىلى (مىلادىيە 630- يىلى) تاڭ سۇلالىسىغا ئات تەقدىم قىلدى. تەيزۇڭ خان ئۇنىڭغا مۆھۈرلۈك خەت ئىنئام قىلدى. كېيىن غەربىي تۈركلەرگە بەيئەت قىلدى. قورۇقچى بەگ گوشياۋكى (郭孝恪) ئاگنىغا يۈرۈش قىلدى. كۇسەن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئاگنىغا ياردەم بەردى ۋە تاڭ سۇلالىسىغا تارتۇق تاپشۇرۇشنى توختاتتى.سوۋارنا دېۋا ئۆلۈپ ئىنىسى ھارىپۇسپا (Haripuspa ئارسلان گۈل دېگەن مەنىدە) خان بولدى. جېنگۇەن 21- يىلى (647- يىلى) ئىككى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئاگنىدىكى مالىمانچىلىققا كايىپ ئۇلارغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاشنا شىرنى قورۇقتاغ يۇنىلىشىنىڭ ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى، چۈپ قالنى ناھبى قىلىپ بەلگىلىدى. ئەنشى قورۇقچى بېگى گوشياۋكى، دېھقانچىلىق مەھكىمىسىنىڭ ئەمرى ياڭ خۇڭلى، سول قول ياساق سانغۇن لى خەيئەن قاتارلىقلارنى باشلاپ تۆلەس (Tolos) لارنىڭ 17 قەبىلىسىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلاندى. ئاشناشىر قوشۇنى بەش تارامغا بۆلۈپ شىمالدىن تىگىش قىلىپ ئاگنى خانى ئاناچ (Anag ~ ئىنانچ ؟ ) نى ئەسىرگە ئالدى. كۇسەن بەگلىكى بۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ خان شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. ئاشناشىر چىشى (碛石) دا قوشۇن تورغۇزدى. كۇسەننىڭ ئاستانىسىغا 300 چاقىرىم كېلىدىغان جايغا چۈشكۈن قىلدى. ئالدى بىلەن يىجۇ ساتراپ بېگى خەن ۋېينى مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن تۈرشاۋۇل قىلدى. سول قانات ئاتلىق قوشۇن سانغۇنى ساۋجىشۇ ھىماتچى بولدى. جىدۇ بىلەن كۇسەن خانى ئۇچراشتى ئۇنىڭ سانغۇنى كېرىپتاننى (Kerepftanne) 5 تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ بىرلىشىپ جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى. خەن ۋېي يالغاندىن شىمالغا قاچتى. كۇسەن خانى خەن ۋېينىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. خەن ۋېي چېكىنىپ ساۋجىشۇ بىلەن ئۇچرىشىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ كۇسەن لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنى 80 چاقىرىمغىچە قوغلاپ بارىدۇ. ۋاڭ يىلىڭ شەھىرىنى ئاشناشىر قورشىۋالىدۇ. كۇسەن خانى تۈركەش يولى ئارقىلىق غەربكە قاچىدۇ. شەھەر ئىشغال قىلىنىدۇ. قورۇقچى بەگ گوشياۋكې شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلدى. شاجۇنىڭ ساتراپ بېگى سۇخەيچىڭ، پىيادە لەشكەرلەر ساتراپ بېگى شۇۋەنىي ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن 600 چاقىرىم دائىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. كۇسەن خانى ئامال قىلالماي بارخان (Barkhoan) شەھىرىگە يوشۇرۇنىۋالىدۇ. ئاشناشىر بۇ شەھەرنى قورشايدۇ. كەبىسە 12- ئايدا كۇسەن خانى ۋە سانغۇن كېرىپتاننى (Kereptanne) نى ئەسىرگە ئالىدۇ. كۇسەن ۋەزىرى نالى كەچتە قېچىپ كىتىدۇ ۋە غەربىي تۈركلەر ۋە ئۆز دۆلىتىدىكىلەر بولۇپ بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ئەنشى قورۇقچى بېگى گوشياۋكى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. تاڭ قوشۇنى ساراسىمگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئاشلىق دېۋان بېگى سۈي يىچى لەشكەلەرنى توپلاپ شەھەردە جەڭ قىلىدۇ. شاۋجىشۇ، خەن ۋېيلار ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولۇپ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى. نالى مەغلۇپ بولۇپ لەشكەرلىرى تاراپ كەتكەن بولسىمۇ نالى ئۇلاردىن ناھايىتى تېزلىكتە قوشۇن تەشكىللەپ تاڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ساۋجىشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 8 مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. نالى

www.uyghurkitap.com

قېچىپ كېتىدۇ. كېيىنچە تاڭ سۇلالىسى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ ئەل بولىدۇ.

ئاشناشىر بەش چوڭ شەھەرنى ئىگىلەپ بەش ملڭ ئەر ــ ئايالنى ئەسىرگە ئېلىپ ئەلچى ئەۋەتىپ 700 دىن ئارتۇق شەھەرنى ئەل قىلدى. بۇنىڭدىن غەربىي يۇرت ساراسىمگە چۈشۈپ غەربىي تۈرۈكلەرگە قارام بولغان ئىككى خانلىق قوشۇن باشلاپ ئاشنا شىرغا بەيئەت قىلدى. ئاشناشىرخان ئىنىسى يابغۇ (Jabgou) نى كۆسەنگە خان قىلىپ تۆھپە مەڭگۈ تېشى تۇرغۇزدى. باشتا گوشياۋكى ئاگنىغا ھۇجۇم قىلدى (مىلادىيە 644ــ يىلى)، كۇسەندە بۇتقا تېۋىنىپ كۆپ ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن، تاڭ سۇلالىسى ئاخىرى غەربىي يۇرتقا ئىگە بولدى، خانلىقىمىز ئۇزاققىچە سەلتەنەت سۈرگۈسى، دېدى.

ئاشنا شىر كۇسەن خانى ھارىپۇ سىپا، ۋەزىرلەردىن نالى، كېرىپىتانى (Kereptanne) نى تۇتۇپ كەيماۋغا قامىدى. خان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى زىي ۋېيگۆڭغا قامىدى. خان ئۇلارنى ئەيىپلىگەندىن كېيىن گۇنايىنى كەچۈرۈم قىلىپ ئۇلارنى خوڭ لۇ (鸿胪) ئىبادەتخانىسىغا يۆتكىدى. ھارىپۇسىپاغا سول قول قورغان كەپتاۋۇل دەپ نام بەردى. ئەنشى قۇرۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە يۆتكەپ ئۇدۇن، سوياپ، قەشقەرنى باشقۇردى. ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇپ «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» دەپ ئاتالدى. (ئەنشىگە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى مىلادىيە 658ـ يىلى ئىدى.)

تاڭ گاۋزۇڭ قايتىدىن پايتەختتىكى مەھبۇس نالىنى كۇسەن خانى ھارىپۇسىپانى قوغداپ ئۆز ئېلىگە قايتىش خوسۇسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي خان چاڭئەنگە سالامغا كەلدى. نالى ئۇنىڭ خوتۇنى ئاشنا (بۇنىڭدىن تۈركلەر بىلەن كۇسەندىكى قودىلاشقانلىقنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ) نى ئەمرىگە ئالماچقى بولىدۇ. خان بۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدۇ. ئەتراپتىكىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. خاندا گۇمان پەيدا بولىدۇ. ئەلچى بۇنى تاڭ خانىغا مەلۇم قىلىدۇ. تاڭ خانى پايتەختتە مەھبۇس بولۇپ تۇرۋاتقان نالىنى كۇسەن خانى ھارىپۇسىپانى قوغداپ ئۆز ئېلىگە قايتىش خوسۇسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. كۇسەن خانى ئۆز ئېلىگە قايتقاندا، كېرىپىتاننى (Kereptanne) ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەيدۇ ھەم ئەلچى ئەۋەتىپ ئاشنا قولىغا ئەل بولدى.شۇنىڭ بىلەن كۇسەن خانى ھارىپۇسىپا ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. سول قول ياساۋۇل باش سانغۇن ياڭ جۇ كېرىپىتاننىغا قارشى جازا يۈرۈش قىلدى. كېرىپىتاننى جەڭدە ئۆلدى. (مىلادىيە 658ــ يىلى) بۇ يەرگە كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ھارىپۇسىپانىڭ ئوغلى سۇجى كۇسەنگە خان ھەم قوشۇمچە ئوڭ قانات تۇتۇق بەگ بولدى. شۇ يىلى (658ــ يىلى) قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى مۇشۇ يەرگە (كۇسەن دېمەكچى) كۆچۈرۈپ كېلىندى.

شاڭ يۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (مىلادىيە 674 ~ 676ــ يىللىرى) كۇسەن خانى سۇجى تاڭ ئوردىسىغا كۇمۇش تاۋاق ۋە ئېسىل ئات تارتۇق قىلدى. («قانۇنلار قامۇسى» مىلادىيە 674ـ يىلى 12ـ ئايدا دېيىلگەن) تيەن شۇ ــ يىلى (مىلادىيە 672ــ يىلى) كۇسەن خانى يەن تيەندى (延田跌) تاڭ ئوردىسىغا سوۋغا سالام ئەۋەتكەن. يىخىڭ يىللىرى (676 ~ 678ـ يىللىرى) دا تۇبۇتلەر ئاگنىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنشىدىكى تۆت قورغان قولدىن كەتتى. چاڭشۇ 1ــ يىلى (مىلادىيە 693ــ يىلى) بەيۈەت قوشۇنىنىڭ باش بۇغى ۋاڭ شياۋجى تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالدى. ئەنشى قۇرۇقچى بەگ مەھكىمىسى كۇسەندە قايتا تەسىس قىلىندى. ئۇ يەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك لەشكىرى تۇرغۇزۇلدى. كېيىنچە نۇرغۇن يەرلەر چۆللۈشۈپ كەتتى. يۇقىرىقىلار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ بولالماي بەكلا قىينىلىپ كەتتى. كۆپچىلىك قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش خوسۇسىدا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ ۋۇزېتيەن بۇنى ماقۇل كۆرمىدى. «قانۇنلار قامۇسى»دا چىڭ لۇڭ 3ـ يىلى (مىلادىيە 709ــ يىلى) 1ـ ئايدا كۇسەندىن سوۋغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىر ۋەقە قوشۇمچە قىلىنغان.

كەيىۈەن 7ـ يىلى (مىلادىيە 709ـ يىلى) كۇسەن خان بەي مويى ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى دوبى ۋارىسلىق قىلدى ھەم ئىسمىنى شياۋجىيغا ئۆزگەرتتى. كەيىۈەن 18ـ يىلى (مىلادىيە 730ـ يىلى) كۇسەن خانى ئىنىسى شياۋۋىينى تاڭ ئوردىسىغا سالامغا ئەۋەتتى. «قانۇنلار قامۇسى» غا ئاساسلانغاندا كەيىۈەن 19ـ يىلى (731ـ يىلى) 1ـ ئايدا كۇسەن بەگلىكى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تارتۇقلىدى. تاڭ سۇلالىسى تارىخىدا 8ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. يۈەن جاۋ (圆照) تۈزگەن «ۋۇكۇڭنىڭ سەپەر خاتىرىسى» نى ئوقۇساق 8ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى كۇسەن تارىخىدىن خەۋەردار بولىمىز. «سەپەر خاتىرىسى» دا: «ۋۇكۇڭ مىلادىيە 751ـ يىلى تاڭ

سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىپ قەندىھار دۆلىتىگە بارغان بولۇپ بېرىپ كېلىشكە قىرىق يىل ۋاقىت كەتكەن. قايتىشىدا قەشقەردىن ئۆتكەن. مىلادىيە 787- يىلى ياكى 788- يىلى ئەنشى (كۇسەن) گە كەلگەن. بۇ چاغدا گوشىن تۆت قورغانىدا تۇرۇپ قالغان ھەمدە بەي خۇەن كۇسەنىنىڭ خانى بولغان. شەھەر قوۋۇقىنىڭ غەربىدە پادما Padma – (نىلۇپەر) ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇ يەردە ئۈچ ئاغىلىق راھىب كالان پادماشىرى (Padmashiri) نوم تەرجىمە قىلىشقا ماھىر ئىكەن. ۋۇكۇڭ «ئۇن كۈچ سۇترا (Dasabala- sutra)»نى ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىشىغا تاپشۇرغان. راھىب كالان بۇنى ماقۇل كۆرۈپ ئۈچ كەسلىم قەغەزگە بىر بۆلۈم قىلىپ تەرجىمە قىلغان. راھىب كالان تۆت قورغانىنىڭ تىلى، سانسكرت تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىغا پىششىق ئىكەن. ئەنشىدە چيەن جيەن تېغى بار بولۇپ، ئۇنىڭ باغرىدا چيەن جيەن ساڭرامى ، يەنە ئۇپاساكى تېغىمۇ بارئىدى. بۇ يەردە سىم-سىم سۇدىن مۇزىكا ھاسىل بولىدىغان بۇلاقما بار. كىشىلەر بىر يىلدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى توپلاپ مۇزىكا ئىشلەپ چىققان. بۇ يەرگە ئۇپاسكي ئىبادەتخانىسى سېلىنىپتۇ. ساڭرامىنىڭ شەرقىدە تۆجۈ ساڭرامى ۋە ئاچارى ساڭرامى بار. ۋۇكۇڭ بۇ شەھەردە ئىككى يىل تۇرۇپ قالغان، دېيىلگەن.ئالدىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك 8 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۇسەن يەنىلا بۇرۇنقى ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ بۇددا دىنى، ئىلىم – پەن، مۇزىكا راسا گۈللەنگەن. شۇنىڭدەك كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ نوم تەرجىمە قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئوتپالاۋىريا (سانسكرىتچە Uptalavirya ، كۇسەنچە Utpal – tarrao دېيىلگەن —— ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) تەرجىمە قىلغان «ئون كۈچ سۇتراسى (Dasabala Sutra)» «گاۋلى (كورىيە) يېزىقىدىكى «تىرى پىتاكا » (Tripitaka)دا تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ سانكرت يېزىقىدىكى نۇسخىسى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيدىن بايقالغان. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى پائۇل پېللىئوت قولغا چۈشۈرگەن بولسا يەنە بىر قىسمىنى ستەيىن (A. Stein) قولغا چۈشۈرگەن. سۇڭ سۇلىسى دەۋرىدىكى «راھىب كالانلار تەرجىمھالى» دا ئوتپالاۋىريا ئۈچۈن مەخسۇس تەرجىمھال تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ بۇنىڭدىكى خاتىرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يۇەن جاۋ تۈزگەن « ۋۇكۇڭنىڭ سەپەر خاتىرىسى»دىن نەقىل ئېلىنغان. ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدا: «ئەنشىدە چيەن جيەن تېغى (前践山) بار. تاغنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە چيەن جيەن ساڭرامى بار، بۇ يەردىكى تامچىپ ئاققان سۇنىڭ ئاۋازىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز ناھايىتى يېقىملىق ئىكەن. بىراۋ يىل بويى مۇشۇ ئاۋازنى توپلاپ مۇزىكا ئىشلەپ چىقىپتۇ. بۇ مۇزىكا كېيىنچە ئوپاسكى مۇزىكىسى دەپ ئاتىلىپ كەيىۋەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كىش دۇمبىقى بىلەن چېلىنىدىغان، ئورۇنلاش بىر قەدەر قىيىن بولغان مۇزىكىلاردىن بولۇپ قالغان. بۇ دەل پادماشىرى (Pardmasiri)ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىدىكى تامچىپ چۈشكەن سۇنىڭ ئۆزى ئىدى. ( بۇ تامچىپ چۈشكەن سۇ ھازىرقى باي ناھيەسى قىزىل يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قىزىل مىڭئۆيدىكى يىغلاڭغۇ بۇلاقنى كۆرسىتىدۇ (ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) . بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يۈز نەچچە يىل مابەينىدە كۇسەن تارىخى يەنە قاراڭغۇلۇق دەۋرگە قەدەم قويدى. مىلادىيە 1001– يىلى كۇسەن جوڭگو ماتېرىياللىرىدا قايتا كۆرۈلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ئاسىيانىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن. تاڭ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى تۈرك، تىبەت ۋە ئۇيغۇرلار ئارقا – ئارقىدىن زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. سۇڭ سۇلالىسى كەيفىڭنى ئاستانە قىلىپ بېكىتىپ ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ شىمالىنى خىتانلارغا تاشلاپ بەردى. ئىسلام دىنى مۇرتلىرى غەربىي يۇرتنى بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ قولىدىن تاجاۋۇز قىلىپ تارتىۋالدى. «سۇڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 960 ~ 1127– يىللار) تارىخي . جېن زۇڭ توغرىسىدا خاتىرە» دە: «شيەن پىڭ 4- يىلى (مىلادىيە 1001- يىلى) 11– ئايدا كۇسەن ئوردىغا تارتۇق يوللىغان» دېيىلگەن. يەنە بىر قېتىملىق تارتۇق داجۇڭ شياڭفۇ 3– يىلى (مىلادىيە 1010- يىلى) تاپشۇرۇلغان. بۇ قېتىمقى ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللاش ئۇيغۇرلار تەزكىرىسىدىمۇ كۆرۈلدى: «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «كۇسەن خانى لى يەنخۇنى ئوردىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تارتۇق قىلىشقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە «داجۇڭ شياڭفۇ 6- يىلى (مىلادىيە 1013– يىلى) كۇسەن خانى لى يەنچىڭ قاتارلىق 36 كىشىنى سۇڭ ئوردىسىغا سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. «تيەن شى 1– يىلى 6– ئايدا (مىلادىيە 1017- يىلى) كۇسەن خانى جاڭ فۇيۇنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى»، تيەنشى 4– يىلى (مىلادىيە 1020– يىلى) 12– ئايدا، تيەن شېڭ 2– يىلى (مىلادىيە 1024– يىلى)، تيەن شېڭ 7– يىلى (مىلادىيە 1029- يىلى)، تيەنشېڭ 9– يىلى (1031– يىلى)، جىڭيو 4– يىلى (1037- يىلى) جەمئىي بەش قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئەڭ ئاخىرىدا بىر جىلد نوم سوۋغا قىلىنغان. شىزۇڭ شىنىڭ 4- يىلى كۇسەنىنىڭ ئەلچىسى يەنىلا لى يەنچىڭ بولۇپ ساۋفۇ ئىسىملىك يەنە بىر

www.uyghurkitap.com



ئەلچىمۇ بار ئىدى ( ئالدىدا ساۋمىياۋدا تىلغا ئېلىنغان، ساۋ ئۇرۇقى كۇسەندىكى مەشھۇر ئۇرۇق بولۇشى مۇمكىن). ياندۇرقى يىلى (مىلادىيە 1072ـ يىلى) 2ـ ئايدا كۇسەن خانى تۇتۇق بەگ لوداڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. جى زۇڭ جاۋشېڭ 3ـ يىلى (مىلادىيە 1096ـ يىلى) كۇسەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۇڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. تارىختىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «جى زۇڭ شاۋشېڭ 3ـ يىلى ئەلچىلەر ئۈمىكىنىڭ باشلىقى ئالەن، سەنلۇ قاتارلىقلار ئىككى كىشى مۆھۈر ۋە قاشتېشى بۇتنى ئېلىپ لىنتاۋنىڭ غەربىگە كەلگەندە شى خېڭ باسقاق بىگى كۇسەن بىلەن ئالاقە قىلغىلى ئۇرۇن بولمىغاچقا ئوردىغا كۇسەن بەگلىكى تارتۇق قىلىنغان بۇيۇملارنى شىجۇ ۋە جىڭجۇدا سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا كۇسەن ئەلچىلىرىگە مۇۋاپىق سوۋغا ئېلىپ بېرىپ قايتۇرۇش خۇسۇسىدا ئوردىغا مەلۇمات سۇنغان. خاندىن بۇنىڭغا قېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان كەلدى.يەنە سۇڭ سۇلالىسى تارىخى «كۇسەن تارىخى تەزكىرىسى» دە: «كۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئۇرۇقىدىن بولۇپ بۇ ئەلنىڭ خانى ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتاپ ئۇستىگە سېرىق كېيىم كىيىپ بېشىغا سېرىق تاج تاقاپ توققۇز ۋەزىرى بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ. بۇ يەردىن گۇرۇچ، بۇغداي، مۇە – چۈبلەر چىقىدۇ. بۇ يەردىن غەرپتىكى ئارساك ئېلىگە 60 كۈنلۈك يول، شەرقتىكى شاجۇغا 80 كۈنلۈك يول كېلىدۇ. ئۇلار غەربىي ئۇيغۇرلار ياكى غەربىي ئايماق كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن.

كۇسەن شەھىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئارىيان تارىخى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ ھىندى – ياۋرۇ تىلىدىكى خەلقلەر ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ قەدىمكى بەي (كۇسەن (**Kutsa** ئۇرۇقىنىڭ خانلىقى ھالاك بولغان. ئۇلارنىڭ يېڭى خانى قاغان (**Kagan**) ھەمدە ئارسلانخان (**Arelankhan**) دېگەن مۇبارەك نام بىلەن ئاتىلىپ پۈتۈنلەي تۈرك ئەنئەنىسىگە ئەمەل قىلغان. بىراق بۇددا دىنى بۇنىڭلىق بىلەن تامامەن يوقۇلۇپ كەتمىگەن. مەسىلەن، مىلادىيە 1037ـ يىلىدىكى نوم ئىنئام قىلىش ۋە 1096ـ يىلىدىكى قاشتېشى بۇت سوۋغا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇددىزمنىڭ يوقۇلىشىغىمۇ ئاز كۈنلەر قالغان ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ ئەرەپلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ يېقىنلىقى نەزەرگە ئېلىنسا ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتقادا قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇددىزمنىڭ غەربىي يۇرتى شۇنداق قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ تۈركلەر ماكانىغا ئايلاندى. 1043ـ يىلىدىن تارتىپ بالا سوغۇن (**Balassagoun**) ۋە قەشقەردىكى تۈمەن چىدىرلىق تۈركلەر ئىسلام دىنىغا ئېتقادا قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن قەدىمكى كۇسەننىڭ نامى تارىخىي ئەسەرلەردە قايتا كۆرۈلمىدى.

كۇسەننىڭ مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئىسلامىيە دەۋرىگىچە بولغان مىڭ يىللىق قىسقىچە تارىخىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئالىملار يەنە ئاز بولمىغان ماتېرىياللارنى قوشتى. ھىندى ياۋرۇپا تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر زادى قەيەردىن كەلگەن بۇنى بىلمەيمەن. تىل ئالاقىسى توغرىسىدا مىللېت (**Mellet**) نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا بۇ تىل ئىتالىيەدىكى كىلت تىلى (**Italo** (**Celtes**، سلاۋيان تىلى (**Slavas**) ۋە گىرىك تىللىرىغا يېقىنلاپ كېتىدىغان بولۇپ مۇئەييەت بىر خىل تىلغا تەۋە دەپ قاراش ناھايىتى تەس. ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ خىل ئاسىيا ئارىيان تىلى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھىندى ئىران تىلى بىلەن ئوخشۇشۇپ كەتمەيتتى. مۇللېر كۇسەنلىكلەرنى توخارلار دەپ بېكىتىدۇ. زىگ ۋە زىگلىڭ قاتارلىقلارمۇ بۇ پىكىرنى قوللايدۇ. لېكىن ئېلگىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن كۇسەننىڭ تارىخى ۋە تەزكىرىسىگە ئائىت ئەسەرلەردە بۇ پىكىرنى قوللايدىغان پاكىتلار يوق. موبادا ئۇلار ياۋچى ياكى توخار دەپ پەرەز قىلىنسا كۇسەن دۆلەت سۇپىتىدە پەقەت بىرلا قېتىم يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 90ـيىلى كۆرۈلىدۇ. قەدىمكى كۇسەن گەرچە پىشاۋۇردىكى چاڭرى ساڭرامنى دوراپ كۇسەندىمۇ چاكرى ساڭرامنى قورغان، راھىب شۈەنزاڭ «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئاچارىيا (**Aqariya**) ساڭرامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا قانىشقا خان دەۋرىدىكى بۇددا يېغىلىشىدا مەيدانغا كەلگەن ۋىبھاساسۇتراغا ئوخشاش نوم – سۇترالار توغرىسىدىكى ھىكايىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي پەرەزدىن ئىبارەت ھەرگىزمۇ مىللەت بىلەن باغلىنىشلىق ئەمەس. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە كۇسەن پارلاق مەدەنىيەتلىك خانلىق سۈپىتىدە يازما تارىختا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئەڭ قەدىمكى خانىنىڭ نامى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئۇسۇن مەلىكىسىنىڭ قىزىنى ئالغان جياڭ بىن ئىدى (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 65ـ يىللار ئەتراپىدا). ئۇسۇنلار «خەننامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، كۆك كۆز، قىزىل چاچلىق غوزلار ئىدى. جياڭ بىن خەنزۇلارنىڭ قائىدە – يوسۇنلىرىنى يولغا قويغاندىن كېيىن چەتئەللىكلەر ئۇنى «ئىشەك دېسە ئىشەك ئەمەس، ئات دېسە ئات ئەمەس بىر خېچىر ئىدى»دەپ مەسخىرە قىلغان. جياڭ بىن ئۆلۈپ چېڭ دي تەختكە چىقىپ خەن سۇلالىسى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. مىلادىيە 46ـ يىلى

ساكارائۇل خانى كۇسەننى ئىشغال قىلىپ خانزادىسى زىلونى كۇسەنگە خان قىلدى. هۇنلار(يۇچۇن تۇركلەر) زىلونى قوغلىۋەتتى. كۇسەننىڭ شىن دۇ ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولدى. ئۇنىڭ هىندىستاننىڭ قەدىمكى ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئىدى. مىلادىيە 73- يىلى كۇسەن خانى جيەن هۇنلارغا بېقىنغان. مىلادىيە 8- ئەسىر ياكى 8- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. بەي **(Kutsi)** فامىلىسىنىڭ خانلىقى ئەنە شۇ چاغدا قۇرۇلغان ئىدى. بەن چاۋ غەربىي يۇرتقا كېلىپ كۇسەننىڭ قورچاق خانى يولدۇزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كۇسەنلىك غولمان بانى كۇسەن خانى قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ كۇسەن خانى بەي ئۇرۇقىدىن چىقىدىغان بولدى. مىلادىيە 124 _ يىلىدىكى خاننىڭ ئىسمى بەي يىڭ ئىدى. مىلادىيە 3- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كۇسەن بۇددىزىم چوڭ شەهەرلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ ساڭرامىلار مىڭغا يەتكەن. 384- يىلى كۇسەن خانى بەي چۇەن تەقۋادار بودا مۇرىتى ئىدى. لۇ گۇاڭ كۇسەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بەي چۇننىڭ ئىنىسى بەي جىننى خان قىلىپ تىكلىگەن هەم كۇماراجىۋا **(Kumarajiva)** نى شەرققە ئېلىپ كەتكەن، لېكىن كۇسەن يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان. 448- يىلى شىمالىي ۋېي خانلىقى يەنە كۇسەنگە يۈرۈش قىلىپ كۇسەن سانغۇنى ئۇجمۇتنى ئەسىرگە ئېلىپ قايتىپ كەتتى. يۈز يىلدىن كېيىن كۇسەن هىندىستاننىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان هەمدە جوڭگوغا تارقالغان. مىلادىيە 512- يىلى نىرايما كونابهادرا، مىلادىيە 581 ~ 615- يىلىغىچە بەي سۇنۇج، 618 ~ 627- يىلغىچە سۇۋارنايۇسپا قاتارلىق خانلار تەختتە ئولتۇرۇپ ئوتتۇرا ئىقلىم بىلەن تۇركلەر ئارىسىدا قالغان. جوڭگوغا بەيئەت قىلىش پەقەت ئوردىغا سوۋغا سالام ئەۋەتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنىلا كۆرسەتتى، خالاس. ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان هارى پۇسپا مىلادىيە 648- يىلى تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان تۈرك سانغۇنى ئاشنا شىر تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان، قايتا تەختكە چىققاندىن كېيىن هەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئوغلى سۇجى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغان (656- يىلى). سۇجىدىن كېيىن تەختكە چىققان خانلار ئىچىدە ئىسمىنى بىلىدىغانلىرىمىزدىن يەنە تيەن دىيې، بەي مۇبى، بەي دۇبى، بەي خۇەن قاتارلىقلار بار. كۇسەن رايۇننى پەقەت تاڭ سۇلالىسى تالىشپلار قالماي 7- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۈبۈتلەر، 8-، 9- ئەسىردە ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يەرگە خىرىس قىلىشقا باشلىغان. بىراق كۇسەن يەنىلا ئۆز ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ساڭرام ئىبادەتخانىلار جانلىنىپ بۇددا كالاملىرىنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش ئىشلىرى ئالاهىدە ئەۋج ئالغان. 4- ئەسىردە بۇددا دىنىنىڭ ماهايانا **(Mahayana)** مەزهىپى كۇسەنگە تارقىلىپ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ تازا كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن. ئەمما كۇسەن تىلى تەرجىمىدە ئالاهىدە رول ئوينىغان. كۇسەن بۇددىزمىدىن زوقلانغان ماكان بولغاچقا ئەدەبىيات ئىنتاين گۈللەنگەن. بۇ يەرگە تارقالغان هىندىستان نوملىرى ئەسلى تېكىستى بويىچە تارقالغان بىلەن هەممە يەردە كۇسەننىڭ مۇستەقىل روهنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىيات هەرىكىتىنىڭ باشلانغان دەۋرىنى ئېنىقلاشقا يېتەرلىك پاكىتلار يوق دېيەرلىك. جوڭگودا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش مىلادىيە 2- ئەسىردە باشلانغان، بۇ چاغدا خەنزۇچە تەرجىمە ئىشلەتكەن. بۇددىزم ئاتالغۇلىرى هەندى يېزىقىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەينەن تەلەپپۇزى بولماستىن كۇسەن خانلىقىغا ئۆزلەشكەن ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت ئىدى. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى 沙门 دېگەن سۆز سانسكرت تىلىدا**Sramana** ، كۇسەن تىلىدا **Samana** دېيىلگەن. خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كېيىنكىسىگە تېخىمۇ يېقىنلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا راهىب（沙弥）دېگەن سۆز سانسكرىت تىلىدا **Seramenera** ، كۇسەن تىلىدا **Sanmie** دېيىلگەن. خەنزۇ تىلىدىكى«波逸提 پاتاكا **Pataka** ——— « بۇددا دىنىنىڭ پەرهىز ئەهكاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ دۇزاخقا چۈشكۈچى» مەنىدە —— ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) سانسكرىت تىلىدا **Payantika**، كۇسەن تىلىدا **Payti** دېيىلىدىكەن. 2- ئەسىردە خەنزۇچە تەرجىمىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ سانسكرىت تىلىدىن ئەمەس بەلكى كۇسەن تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇلار پەقەت بىر تەرەپتىكى مىساللاردىنلا ئىبارەت. ئەمدى يەنە بىر تەرەپكە نەزەر سالايلى. سانسكرىت تىلىدىكى **Pravrajya** خەنزۇ تىلىغا «راهىب بولۇش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. كۇسەن تىلىدىكى **Memlolne Ost** دېگەن سۆزمۇ «راهىب بولۇش» دېگەن مەنىدە ئىدى. سانسكرىت تىلىدىكى **mighydresti** دېگەن سۆز خەنزۇچىدا «يات مەزهەپ» دېگەن مەنىسى بار ئىدى. سانسكرىت تىلىدىكى **Soma,** بىلەن**Santi** دېگەن مەنىدە) خەنزۇ تىلىغا «يوقۇلۇش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. كۇسەن تىلىدىكى **Kos** دېگەن سۆزنىڭمۇ «ئۆچۈش» دېگەن مەنىسى بار ئىدى.

بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، كۇسەن بۇددىزمنىڭ ئوتتۇرا ئىقلىمغا تارقىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ، كۇسەن

ئەدەبىياتى مىلادىيە 1ــ ئەسىردىلا بارلىققا كېلىپ بولغان. كۇسەن تىلى بۇرۇنلا ئۇرۇش خۇمار تۈركلەر بىلەن ئۇچراشقان بولغاچقا تۈرك تىلىدىن بىر قىسىم سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن، كۇسەن تىلىدىكى (**Kaun**) كۈن تۈرك تىلىدىكى **Kun** (تۇخار تىلىنىڭ **A** لاھىيىسىدە ياكى قارا شەھەر تىلىدا **Kon** دېيىلگەن) دىن كەلگەن. شۇنداقلا تۈرك تىلىدىكى **tuman** تۇمەن (ئون مىڭ) كۇسەن تىلىدىكى **tumane** ، **tmane** دىن ئۆزگەرگەن. (قارا شەھەر تىلىدا **tman** دېيىلگەن) يۇقىرىقىلار كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىغان مىللەتكە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە ئىسپات بولالايدۇ. شۇنداقتىمۇ مەدەنىيەت جەھەتتىن ئانچە تەرەققىي قىلمىغان تۈركلەر ئاخىرى مەدەنىيەتلىك كۇسەن ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. مىلادىيە 1000ـ يىللاردا كۇسەننىڭ يەرلىك خانلىقى ھالاك بولۇپ بۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمرانى «قاغان» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزۈلمەي يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلار قوشۇلۇپ قەدىمكى كۇسەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى خارابە ئىزلىرىمۇ بارا – بارا ۋايرانچىلىققا ئۇچرىدى. لېكىن ئۆتمۈشتىكى تارىخى پۈتۈنلەي يوقالمىدى. بۈگۈنكى كۇچا ئاھالىسىنىڭ مۇزىكا ۋە تىل جەھەتتىن مەشھۇر بولۇشى قەدىمكى كۇسەن ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان. بۇ ھەقتە بىر كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتەي؛ مارتىن ھارتماننىڭ » (**Martin Hartmann**)جۇڭگو شىنجاڭ (»**Turkestan Chinesisscl**« دېگەن كىتابىدا: «يەركەنلىكلەر كۇچارلىقلارنىڭ تىلى ساپ، سۆزلىسە بىيىت ئېيتقاندەك سۆزلەيدۇ. بىز ئۇلاردەك سۆزلىيەلمەيمىز، » دەيدۇ. ھارتماننىڭ يەنە «بۇ دەل كۇسەن تىلى ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يالدامىسى، بۇ جاي قارا خوجا (**Carakhadja**) نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى پايتەخت قوچو ئىدىقۇت شەھرىگە يېتەلمىسىمۇ لېكىن چوڭ ئاستانىلەرنىڭ بىرى ئىدى» دەيدۇ. ئەمدىلىكتە مەنمۇ يەنىمۇ ئېلگىرىلىگەن ھالدا بۈگۈنكى كۇچار تىلى قەدىمكى كۇسەن تىلىنىڭ يالدامىسى، بۇ ھازىرقى كىشىلەر ئىزدەنمەكچى بولغان مەسىلە دەپ قارىيمەن .

*( «تۇخرى تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» دىن تەرجىمە قىلىندى ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى 2004 – يىلى 2ـ ئاي)*

(تەرجىمان: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇسەن تەتقىقات ئورنى)

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# 吐鲁番学研究

吐鲁番学研究 2013年第一期 维吾尔文（总二十七期）

吐鲁番学研究编委会

主　任：阿布拉·卡斯木　　副 主 任：艾里肯·巴拉提　艾尔肯·伊明尼牙孜

总　编：艾里肯·巴拉提　　主　编：艾尔肯·伊明尼牙孜

编　辑：阿不都古力·阿部力米提、艾尔肯·伊明尼牙孜、祖力菲亚·买买提、吾买尔·卡得尔

# 目　录

**吐鲁番学研究**

试探高昌回鹘王国时期的唆里迷国和坤闾城（库尔勒）……阿力甫·巴拉提（1）

浅谈阿萨古城……帕丽旦木·沙丁（9）

**考古文物研究**

试论吐鲁番发现的部分佛教文书……吾买尔·卡得尔（14）

试论吐鲁番的古代雕刻艺术……阿布里孜·买买提（23）

吐鲁番胜金店墓清理简报……祖力皮亚·买买提（48）

**高昌文化教育研究**

莎车收藏的回鹘文文献研究……地拉热木·伊斯拉菲尔（61）

突厥汗国及回鹘史……德国）……冯.加班（81）

浅谈维吾尔族的«印签»文化……亚森江·坎吉（94）

**吐鲁番文史资料研究**

试析吐鲁番坎儿井及制麻业……帕尔哈提·卡孜木（103）

古代新疆与阿拉伯文化……宋岘（105）

**西域语言文学研究**

初探裕固族语言文字……阿布拉江·玉素甫（111）

龟兹语……（法国）烈维……台来提 • 乌布力译（135）